ئەلى ھەسەنى خەربۇتەلى

# بەيتۇللانىڭ تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بەيتۇللانىڭ تارىخى

ISBN 7 — 228 — 02610 — 1
I・919(民文) 定价：9.70元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەلى ھەسەنى خەربۇتەلى

# بيتوللانڭ تاريخى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئابدۇرەئوپ پولات

المحترم
عبد الجليل تۇران غه
تقديم
عبد الرؤوف پولات
1999-03-20
استانبول

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاب «بەيتۇللا»(كەئبە)نىڭ تارىخى ھەققىدىكى تارىخلار توپلىمى. بەيتۇللا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلۇغلايدىغان، ھەج قىلىدىغان، نامازدا يۈزلىنىدىغان مۇقەددەس جاي. ئاپتور بۇ كىتابتا مول، رېئال تارىخىي ماتېرىياللار ۋە «بەيتوللا»غا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت، ئەپسانىيەتلەر ئاساسىدا «بەيتۇللا»نىڭ بىنا بولۇش تارىخى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى تونۇشتۇرىدۇ. «بەيتۇللا»نىڭ ئەرەب دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى تارىخىي ئورنى ۋە رولىنى شەرھلەيدۇ. بۇ ئەسەر «بەيتۇللا» نىڭ تارىخى، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەككە شەھىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەسەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ..... 1

بىرىنچى باب ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى بەيتۇللا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ..... 7

ئىككىنچى باب ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللانى بىنا قىلىشى ..... 15

§ 1 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجازغا كېلىشى ..... 15

§ 2 . بەيتۇللانى بىنا قىلىشنىڭ ئالدىدا ..... 19

§ 3 . بەيتۇللانىڭ بىنا قىلىنىشى ..... 23

§ 4 . ھەجەرۇلئەسۋەد(قاراتاش) ..... 26

§ 5 . پۈتكەندىن كېيىنكى بەيتۇللا ..... 31

§ 6 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى بەيتۇللاغا ھەجگە چاقىرىشى ..... 34

ئۈچىنچى باب ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بەيتۇللا ..... 37

§ 1 . بەيتۇللانىڭ ئەرەبلەر، ھىندىلار، پارسلار ۋە سابىئىلارنىڭ ئەزىزلىشىگە مۇيەسسەر بولۇشى ..... 37

§ 2 . ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بەيتۇللا ..... 40

§ 3 . خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بەيتۇللاغا ۋەلىيلىك قىلىشى ..... 44

§ 4 . كۆپ خۇدالىق ۋە بۇتپەرەسلىك ئېقىمى ..... 48

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تۆتىنچى باب قۇرەيشلەر دەۋرىدىكى بەيتۇللا .................. 53
§ 1 . قۇرەيشلەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى .................. 53
§ 2 . بەيتۇللانىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۇتلار .................. 57
§ 3 . ئەرەبلەرنىڭ بۇتپەرەسلىك پەلسەپىسى .................. 62
§ 4 . يەمەن پادىشاھىنىڭ بەيتۇللانى ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشى .................. 65

بەشىنچى باب بەيتۇللانىڭ قۇرەيشلەر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى .................. 69
§ 1 . قۇرەيشلەرنىڭ روناق تېپىشى .................. 69
§ 2 . قۇرەيشلەر ھاكىمىيىتى يولغا قويغان ۋەزىپىلەر .................. 73
§ 3 . قۇرەيشلەر ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ سەردارى ئىدى .................. 77
§ 4 . بەيتۇللانىڭ قۇرەيشلەر تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى .................. 80
§ 5 . قۇرەيش مەدەنىيىتى .................. 90

ئالتىنچى باب بەيتۇللانىڭ مەككىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى .................. 99
§ 1 . مەككىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى .................. 99
§ 2 . ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدىكى بەيتۇللا ۋە مەككە .................. 106

يەتتىنچى باب زەمزەم بۇلىقى .................. 114
§ 1 . زەمزەم بۇلىقى ۋە مەككىدە سۇ مەسىلىسى .................. 114
§ 2 . چۈش .................. 120
§ 3 . زەمزەم بۇلىقىنىڭ تېپىلىشى .................. 126
§ 4 . زەمزەم بۇلىقى تېپىلغاندىن كېيىن .................. 134

سەككىزىنچى باب بەيتۇللا ۋە پىل ئۇرۇشى ......................... 138
§ 1 . پارسلار ، رۇملۇقلار ۋە ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئەرەبلەر ......................................... 138
§ 2 . سەنئادىكى خرىستىئان چېركاۋى ۋە مەككىدىكى بەيتۇللا ............................................. 143
§ 3 . ئەبرەھەگە ئەگىشىپ مەككىگە يۈرۈش قىلىش ......... 148
§ 4 . پىللىق قوشۇننىڭ مەغلۇپ بولۇشى ......................... 153
§ 5 . پىللىق قوشۇن بەربات بولغاندىن كېيىن .............. 158
§ 6 . ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ مەيدانىغا قارىتا باھا ۋە تەھلىل ... 165

توققۇزىنچى باب بەيتۇللا ئەھدىسى ..................................... 173
§ 1 . ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئەھدىسى ........................................ 173
§ 2 . ئابدۇللانىڭ توپى ..................................................... 178
§ 3 . ئابدۇللانىڭ ۋاپاتى ................................................... 181

ئونىنچى باب خۇش خەۋەر ــ ھىدايەتكە باشلىغۇچىنىڭ بەيتۇللادا تۇغۇلۇشى ................................................................ 184

ئون بىرىنچى باب ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى بەيتۇللا تاۋىپى ......... 193
§ 1 . ھەرەم ئايلىرىدىكى تاۋاپ ........................................ 193
§ 2 . قۇرەيشلەرنىڭ ھەج ـ تاۋاپقا ئەھمىيەت بېرىشى ...... 198
§ 3 . سۇدانە ، سەقايە ، رەفادە ............................................ 200
§ 4 . بەيتۇللاغا قىلىنىدىغان قۇربانلىق ......................... 208

ئون ئىككىنچى باب ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدىكى بەيتۇللا ............................................................................ 211
§ 1 . ئەرەبلەردە بۇتپەرەسلىكنىڭ كۈچىيىش قىلىشى ........ 211

www.uyghurkitap.com


§ 2 . بەيتۇللانى بۇتلاردىن تازىلاش تەشەببۇسى ........ 213

§ 3 . بەيتۇللا دىنى ھەنىفىي ئىدىيىسىنىڭ تەشۋىقات مەركىزى ........ 218

**ئون ئۈچىنچى باب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بەيتۇللا ........ 225**

§ 1 . بەيتۇللا تېمىنىڭ چاك كېتىشى ........ 225

§ 2 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ، بەيتۇللانىڭ قايتىدىن ياسىلىشى ........ 228

§ 3 . ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن چاغدىكى بەيتۇللا ........ 233

§ 4 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بەيتۇللا ........ 236

§ 5 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆمرە قىلىشى ........ 242

§ 6 . مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىنكى بەيتۇللا ........ 248

§ 7 . ئەبۇبەكرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى باشلاپ ھەجگە بېرىشى 256

§ 8 . ۋىدالىشىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەج ........ 258

**ئون تۆتىنچى باب بەيتۇللا نامازنىڭ قىبلىسى ........ 265**

§ 1 . ناماز ئوقۇش ........ 265

§ 2 . ئىسرا ۋە مىراج ........ 267

§ 3 . بەيتۇللا مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدا يۈزلىنىدىغان قىبلىسى ........ 276

**ئون بەشىنچى باب ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللانى قايتىدىن ياسىتىشى ........ 278**

§ 1 . بەيتۇللانىڭ ۋەيران قىلىنىشى ........ 278

§ 2 . ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللانى قايتىدىن ياسىتىشى ........ 283

§ 3 . ھەججاج سەقەفى ۋە بەيتۇللا ........ 288

§ 4 . ئابدۇلمەلىكنىڭ سەحرە ئۈستىگە قۇببە ياسىتىشى ...293

**ئون ئالتىنچى باب  ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ بەيتۇللانى ئۇلۇغلىشى** ................................298

§ 1 . قانۇنلۇق خەلىپىلەر دەۋرى بىلەن ئۇمەۋىييە سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەيتۇللا ................................298

§ 2 . ئاببباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەيتۇللا ................200

§ 3 . ئوسما ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بەيتۇللانىڭ قايتىدىن ياسىلىشى ................................303

**ئون يەتتىنچى باب  تارىختىكى بەيتۇللا يوپۇقلىرى** ................306

§ 1 . ئەڭ دەسلەپكى يوپۇق ................................306

§ 2 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەرقايسى خەلىپىلەر زامانىدىكى يوپۇقلار ................................308

§ 3 . بەيتۇللانىڭ مىسىر يوپۇقى ................................309

§ 4 . مىسىر مەھمەلى ................................315

**ئون سەككىزىنچى باب  بەيتۇللانىڭ تەۋسىپى** ................319

§ 1 . ئۆمەرنىڭ بەيتۇللا ھەققىدىكى بايانى ................319

§ 2 . ئىبنى بەتۇتە تەسۋىرلىگەن بەيتۇللا ................321

§ 3 . بەيتۇللانىڭ تەۋسىپى ................................324

www.uyghurkitap.com

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

## مۇقەددىمە

بۇ كىتاب بەيتۇللا ( يەنى كەئبە ) ھەققىدىكى يېڭى، سىستېمىلىق، ئىلمىي تەتقىقات ماتېرىيالى بولۇپ، بۇنىڭدا بەيتۇللانىڭ تارىخى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەرەب دۇنياسى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى گەۋدىلىك تەسۋىرلىنىدۇ. گەرچە بەيتۇللا زامان - زامانلاردىن بۇيان، مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادگاھى ـ ئۇلارنىڭ نامازدا يۈزلىنىدىغان قىبلىسى ۋە ھەج - تاۋاپ ماكانى بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تارىخى پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرلىرىگىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللىك تارىخىي دەۋرلەردىمۇ مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بەيتۇللانى بىنا قىلدى ۋە ئىچىگە كىرىپ ھەج قىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن قارا تاش (يەنى ھەجەرۇلئەسۋەد )نى ئېلىپ چۈشتى ھەمدە ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەرنى قۇتۇلدۇرۇش يۈزىسىدىن زەمزەم بۇلىقىدىن شىپالىق سۇ چىقاردى. بەيتۇللا مەككە مۇكەررەمىنىڭ بەرپا بولۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەككە مەدەنىيەت تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى دىن

www.uyghurkitap.com

تۆپەيلىدىن بەرپا قىلىنغان. چۈنكى ئۇ ئەسلىدە يەر مەيدانى چەكلىك، ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان، سۇ مەنبەسى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى كەمچىل بىر جاي ئىدى.

بەيتۇللا بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىجرا قىلىپ يولغا قويغان بىر خۇدالىق دىن (يەنى دىنى تەۋھىد) نىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. شۇ تۆپەيلى مەككە روناق تېپىپ، دىنى ۋە سىياسى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر شەھەر بولغاندىن سىرت، يەنە ئىمكانىيىتى كەڭ بولغان ئىقتىسادى تۇرمۇش مەركىزىگىمۇ ئايلاندى، بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدا ئورغۇنلىغان بازارلار پەيدا بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

بەيتۇللا ئەڭ دەسلەپتە جۇرھۇم قەبىلىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاندى. كېيىن خۇزائە قەبىلىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. بۇ ئىككى قەبىلە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەككە شەھىرىنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندى. قۇرەيش قەبىلىسى مەككىدە باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، بەيتۇللا ۋە مەككە ئۆزگىچە بىر تەرەققىيات دەۋرىگە كىردى. قۇرەيش قەبىلىسى بەيتۇللانى باشقۇرۇش، ھەج پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق سىياسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك شەرەپكە ئېرىشتى.

بەيتۇللا خۇزائە قەبىلىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى دەۋردە بىر نۆۋەت ئاپەتكە ئۇچراپ، بىر خۇدالىق دىنىنىڭ نامايەندىسى خانىۋەيران قىلىنىپ، بۇتپەرەسلىك يامراپ كەتتى. نەتىجىدە، بەيتۇللا بىرمەھەل بۇت قويىدىغان جاي بولۇپ قالدى. قۇرەيش

قەبىلىسى زامانىدا بۇتپەرەسلىك تازا ئەۋجىگە چىققان. ۋەھالەنكى، نۇرغۇنلىغان ئەرەب ئۆلىمالىرى دىنىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن ئازابلىنىپ، ئەرەبلەرنى پەيغەمبەرلىكتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەرغىب قىلغان ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن، بىر خۇدالىق دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جاھالەت ۋە نادانلىقتىن قول ئۈزۈشنى تەرغىب قىلىدىغان ھەنىفىيچىلەر ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى. ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ ھەنىفىيچىلەر — ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ سەردارى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدا، بەيتۇللا بىر قېتىم نامەردلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى، يەنى ھەبەش قوشۇنى يىسانى سەركە قىلىپ مەككىگە كەلگەن كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، بەيتۇللانى ۋەيران قىلىپ، ئەرەب تاۋابىئىلىرىنى ھەبەش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئەبرەھەتۇلئەشرەم (يەنى شەرمەندە ئەبرەھە) نىڭ سەنئادىكى كاتتا ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغان قىلماقچى بولدى. بىراق، ئاللا ئۆز ئىنايىتى ۋە كارامىتى بىلەن مۇقەددەس بەيتۇللانى ساقلاپ قالدى، پىللىق قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى مەغلۇپ بولۇپ، بەيتۇللا ئۆز جايىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋەردى. شۇنىڭدىن قىرىق يىل ئۆتۈپ، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىل يىلىدا تۇغۇلغان بولۇپ، بەيتۇللا مانا شۇ ھىدايەت ۋە ھەق يولغا باشلىغۇچى پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىك خۇش خەۋىرىنىڭ شاھىتى بولدى. يەنى بەيتۇللانىڭ يېنىدا، بىر يىلەن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مەككىنىڭ داھىيسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ نەۋرە ئىسمى شەرىپى مەڭگۈ يادلىنىدىغان، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تاجى ۋە خوجسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى .

بەيتۇللا ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھاد قىلىشى ، شۇنىڭدەك ئەرەبلەرنىڭ ھەققانىيەت ۋە ھىدايەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا ئىتائەت قىلىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممە جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى . كېيىن بەيتۇللا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدا يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بولدى . ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلى ھۇدەيبىيە بىتىمىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە كېلىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلدى . ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەككىنى ئازاد قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، مەككىدىكى بۇتپەرەسلەر دۆلىتى بەربات بولۇپ ، ئىسلام بايرىقى ئۇنىڭ ئاسمىنىدا لەپىلدىدى . بەيتۇللا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يەردە ۋىدالىشىش ھەجى قىلغانلىقىنىڭمۇ شاھىتى سانىلىدۇ .

بۇ كىتاب ، بەيتۇللانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا بەرپا قىلىنغانلىقىدىن باشلاپ ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان پۈتكۈل تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ . كىتابنىڭ باش قىسمىدا ، يەنى كونا تارىخ ماتېرىياللىرى ئىزچىل ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقان بەيتۇللانىڭ بىنا قىلىنىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن چۆچەكلەر بايان قىلىنىدۇ . ئارقىدىن ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللانى ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغانلىقى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كىشلەرنى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشقا چاقىرغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ . ئاندىن بەيتۇللانىڭ ، مەككىنىڭ بەرپا بولۇشى ، گۈللىنىشى ۋە مەدەنىيلىششىدە ئوينىغان رولى مۇھاكىمە قىلىنىپ ، قۇرەيشلەر زامانىسىدىكى بەيتۇللا تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ . بۇ كىتاب

پىلىلىق قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى توغرىسىدا يېڭىچە، ئۆزىگە خاس ئىلمىي تەتقىقات بىلەن تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. پىلىلىق قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى ئەرەب يېرىم ئارىلى، شۇنىڭدەك دۇنيا تارىخىدا تەسىر قوزغىغان ۋە ئەمەلىي رول ئوينىغان ۋەقە بولۇپ، ئەرەبلەر ھەتتا شۇ ۋەقەنى پاسىل قىلىپ يىل خاتىرىلەيدىغان بولغان. بۇ كىتاب يەنە زەمزەم بۇلىقىنىڭ تارىخى، ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى بەيتۇللا تاۋاپىغا دائىر ئەھۋاللار، شۇنداقلا بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قويۇلغان بۇتلارنى چىقىپ تاشلاشنى دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇتپەرەسلەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىغان ھەنىفىيچىلەر توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بەيتۇللانىڭ ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى تارىخى ھەمدە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى جەھەتتە ئوينىغان رولىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بەيتۇللا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى مەككىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، بۇتپەرەسلىككە ئەبەدىي خاتىمە بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت زەپەر تارىخىنىڭ شاھىتىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتاب يەنە تارىختىن بۇيانقى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بەيتۇللانى ئەتىۋارلىشى ۋە تەقۋادارلارنى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشقا تەشكىللىشىگە دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بەيتۇللانىڭ ئۇزاق تارىخىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، جاھالەت زامانىدىن تارتىپ ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قايتا ياسىلىش، رېمونت قىلىنىش جەريانلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىدۇ. بۇ كىتابتا بەيتۇللانىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىشلەتكەن يوپۇقلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان مەخسۇس بىر بابمۇ بار.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدىكى بايانلار بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئاپتور تەتقىقات جەريانىدا، كۆپىرەك «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس» نى ئاساس قىلدى. ئاندىن تارىخ، دىن ۋە ئەدەبىياتقا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا تاياندى، شۇنداقلا بەزى ئەرەب ۋە غەرب تارىخچىلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرىدىنمۇ پايدىلاندى. ئۈمىد شۇكى، ھەربىر تەتقىقاتچى، ھەربىر كىتابخان ۋە ھەربىر مۇسۇلمان بۇ كىتابتىن مۆلچەرلىگۈدەك مەنپەئەت ئالغاي. (ھەرقانداق) مۇۋەپپەقىيەتنىڭ خوجىسى ئاللاتائالانىڭ ئۆزىدۇر.

دوكتور ئەلى ھەسەنى خەربۇتەلى

## بىرىنچى باب

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى بەيتۇللا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن پەلەستىندىن ھىجازغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بەيتۇللانى بىنا قىلىشقا كىرىشكەن. مانا بۇ — قۇرئان كەرىم مۇئەييەنلەشتۈرگەن، شۇنداقلا تارىخچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىش. بىراق، قىسمەن تارىخچىلار بۇ مەسىلىدە بەزى رىۋايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، تارىخنى ئۆزلىرىچە شاخلىتىپ، بەيتۇللانىڭ ئەمەلىي بىنا قىلىنغان ۋاقتىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتا - بالىدىن بۇرۇنقى زامانلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە چەكسىز تەسەۋۋۇرلار سۆزلەنگەن، ھەر كىمنىڭ بايانى ھەر خىل، تەپسىلاتى بىر - بىرىگە زىت بولۇپ، مۇقەددەس كىتابتىكى خاتىرىلەر بىلەن بىر يەردىن چىقمايدۇ. بۇ ھال بىزنى ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن گۇمانلاندۇرماي قالمايدۇ. بىراق، بىز بەيتۇللانىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىمىز، ئۇ ھالدا قەدىمكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان بەزى رىۋايەتلەرگە نەزەر سېلىپ ئۆتسەك، ئوشۇق كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ رىۋايەتلەر ئاللىبۇرۇن ئالىملار يازغان تارىخ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانلىقى ئۈستىگە، ئەسىرلەر مابەينىدىكى كىتابخانلارنىڭمۇ نەزىرى چۈشكەن، قۇلىقىغا ياققان بىر باب بولۇپ قالغان.

ھالبۇكى، بىزنىڭ بۇ رىۋايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈشىمىزدىن مەقسەت پەقەت ئۇلار ئۈستىدە ئوبدان مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، تارىخىي چىنلىقىغا ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

بەيتۇللانى بىنا قىلغۇچىنىڭ زادى كىملىكى ھەققىدە قەدىمكى تارىخشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدا بىرلىك يوق. بەزىلەر بەيتۇللا ئاللاتائالا دۇنيانى ياپىرىدە قىلىشتىن بۇرۇنلا مالائىكىلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى شىيس ئەلەيھىسسالام ياسىغان دەپ قارايدۇ، ۋەھالەنكى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى نىگىزلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىغا ئىگە ئەمەس. ئەلمىساقتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان پاكىتلارنىڭ ھەممىسى بىردەكلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن مەككە ئوت - چۆپمۇ ئۆسمەيدىغان بىر قاقاس جىلغا ئىدى، ھېچقانداق تىرىكچىلىك لازىمەتلىكلىرى بولمىغاچقا، بۇ يەردە ئادەمزات ياشىمايتتى، دېگەننى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئۆيىنى (يەنى بەيتۇللانى) مالائىكىلەر ياسىغان، دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدىغان تارىخشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ مالائىكىلەرگە غەزەپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى مۇنۇ رىۋايەتنى تىلغا ئېلىشىدۇ، ئاللاتائالا: «مەن زېمىنگە بىر خەلىپە چىقىرىمەن» دېگەندە، مالائىكىلەر: «بىز ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتساق، ساڭا چوقۇنۇۋاتساق، ئاشۇ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان مۇرتلاردىن زېمىنگە خەلىپە چىقىرىمەن دېگىنىڭ نېمىسى؟!» دېيىشكەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاللا مالائىكىلەرگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ نېرى كەتكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن مالائىكىلەر قورقىنىدىن



www.uyghurkitap.com

ئاللانىڭ مۇبارەك تەختىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان، بىردەمدىن كېيىن باشلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈكسەكلىككە يۈزلىنىپ ئاللاتائالاغا ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىشكەن ھەمدە قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئاللانىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەپ يالۋۇرۇشقان. ئاندىن خۇددى ھازىرقى كىشىلەر بەيتۇللانى يەتتە ئايلىنىپ تاۋاپ قىلغاندەك، ئاللاتائالانىڭ مۇبارەك تەختىنى يەتتە قېتىم ئايلانغان. ئۇلار يۈكسەكلىككە يۈزلىنىپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن تاۋاپ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن: «لەببەيكە، رەببەنا، لەببەيكە، بىزنى كەچۈرگىن! گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىز تەۋبە قىلدۇق ئى ئاللا!» دېگەن. بۇ ھالنى كۆرگەن ئاللا مالائىكىلەرگە رەھىم قىلىپ، مۇبارەك تەختىنىڭ ئاستىغا ئۆز قولى بىلەن بىر ئۆي — بەيتۇللانى بىنا قىلغان. ئاندىن، مالائىكىلەرگە: «سىلەر تەختىمنى قويۇپ، مۇنۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مالائىكىلەر ئاللاتائالا ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ئۆينى تاۋاپ قىلىشقا باشلىغان، بۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئاللانىڭ تەختىنى تاۋاپ قىلىشتىن كۆپ ئاسان بولغان (چۈنكى، ئاللانىڭ تەختىنى تاۋاپ قىلغاندا تەبىئىي ھالدا يۈزىنى يۈكسەكلىككە قىلىپ ئايلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغاندا بولسا، ئادەتتىكىدەك تۈز قاراپ ئايلىنىشقا توغرا كېلىدۇ — تەرجىمان).

بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە، كېيىن ئاللاتائالا زېمىن مالائىكىلىرىگە ئەمر قىلىپ، زېمىنگىمۇ شۇ بەيتۇللا نۇسخىسىدا بىر ئۆي سالدۇرغان ۋە زېمىندىكىلەرنى خۇددى ئاسماندىكى مالائىكىلەرگە ئوخشاش شۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇغان.

شۇنداق قىلىپ، مالائىكىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالام

يارىتىلىشتىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن بەيتۇللانى بىنا قىلىپ، ئۇنى ھەج - تاۋاپ قىلغان. شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ ئۆينى (بەيتۇللانى) ھەج قىلغان چېغىدا، مالائىكىلەر ئۇنىڭغا: «ھەجىڭ قوبۇل بولغاي، ئى ئادەم، بىز مۇندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا بۇ يەرنى ھەج تاۋاپ قىلىپ بولغانىدۇق» دېگەن.

ئۆمەرى ئۆزىنىڭ «مەملىكەتلەردىكى مەسالىكلەر» دېگەن كىتابىدا، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاسنىڭ: «ئاللاتائالا زېمىننى يارىتىشتىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن بەيتۇللانى ياراتقان. ئۇ چاغدا ئاللانىڭ تەختى سۇدا لەيلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاستى بىر قەۋەت ئاپئاق قايماق ئىدى» دېگەن گېپىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۆمەرى بۇ رىۋايەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى مۇجاھىد، قەتادە ۋە سۇدا قاتارلىق كىشىلەرگىمۇ باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۆمەرى قەتادەنىڭ: «بىر ۋەيلەننىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، بەيتۇللا زېمىنغا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چۈشۈرۈلگەنىكەن. ئاللاتائالا: ‹بۇ ئۆيۈمنى سەن زېمىنغا بىللە ئېلىپ چىقىپ چۈشۈپ كەت ۋە خۇددى بۇ يەردە تەختىمنى تاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش زېمىندا ئۇنى تاۋاپ قىل› دېگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى دەسلەپ ئادەم، ئاندىن كېيىن بارلىق مۆمىنلەر (يەنى ئىمان ئېيتقانلار) تاۋاپ قىلغان. توپان بالاسى ۋاقتىدا، ئاللا ئۇ ئۆينى ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىپ، زېمىندىكىلەرنى جازالىغاندا ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ساقلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆي ئاسماندا بولۇپ قالغان. كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ زېمىندىكى ئەسلى ئورنىنى تېپىپ، ئەسلىدىكى ئۇل ئاساسىدا بەيتۇللانى قايتىدىن ياسىغانىكەن» دېگەن رىۋايىتىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

ئەتائىبنى ئەبى رۇباھ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام

يالغۇزلۇق ۋە ئىچ پۇشۇقى ھېس قىلغان چاغلىرىدا، بەككە ①گە بارىدىكەن ۋە ئۇ يەردە ناماز ئوقۇپ ئاللاتائالاغا ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆكىدىكەن. ھەزرىتى ئادەم بەككىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بارغىنىدا، ئاللاتائالا زېمىنغا جەننەتنىڭ ياقۇتىدىن بىرنى تاشلاپتۇ، ئۇ مۇبارەك ياقۇت بۈگۈنكى بەيتۇللانىڭ ئورنىغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ ياقۇتنى تاكى تۇپان بالاسى زامانىغىچە تاۋاپ قىلغانىكەن، كېيىن ئاللاتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ بەيتۇللانى بىنا قىلدۇرغان.

شۇڭلاشقا، ئاللاتائالا: 〈مەن ئىبراھىم ئۈچۈن بەيتۇللانىڭ ئورنىنى ساقلاپ قويغانىدىم〉 دېگەنىكەن». ئۇمەرى بۇ رىۋايەتنى ئەبۇ ئۇرۇۋە مۇشۇنداق بايان قىلغان دەيدۇ. ئەبۇلۇۋەلىد ئەزرەقى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ نەۋرىسى ئەلى ھۈسەيىننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئاللا مالائىكىلەرنى ئەۋەتىپ، زېمىنغا يەتتە كىچىكلىكى ۋە نۇسخىسى ئاسماندىكى بەيتۇللاغا ئوخشاش بولغان بىر ئۆي سالدۇرغان ھەمدە زېمىندىكىلەرگە خۇددى ئاسماندىكىلەر بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغاندەك بۇ ئۆينى تاۋاپ قىلىشقا ئەمر قىلغان» دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىلىشتىن بۇرۇن بولغان ئىش. ئاللا ئەڭ بىلگۈچىدۇر».

بەيتۇللانى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىنا قىلغانلىقىغا دائىر ئۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. ئالايلۇق، تېبنى لەھىيە مۇشۇ خىلدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىرىنى ھەدىسكە باغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاتائالا جىبرىئىل ئارقىلىق ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىغا: 〈سىلەر ئىككىڭلار مەن ئۈچۈن بىر ئۆي بىنا قىلىڭلار〉 دېگەن. ئارقىدىن، جىبرىئىل ئۇ ئىككىيلەنگە ئۆينىڭ سىخېمىسىنى سىزىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇل قېزىشقا،

---

① بەككە يەنى مەككە — ئاپتورنىڭ ئىزاھى.

www.uyghurkitap.com

ھەۋۋا ئانا بولسا، ئۇنىڭ توپىسىنى توشۇشقا كىرىشكەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ ئۇلىنى قېزىپ بىر يەرگە كەلگەندە، يەردىن سۇ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ( سۇ ) ئاستىدىن : ‹ كۇپايە، ئى ئادەم، بولدى قىل ئەمدى ! › دەپ سادا چىققان. ئۇ ئىككىيلەن ئۆينى پۈتكۈزۈپ تۇرۇشىغا، ئاللادىن ئۇ ئۆينى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشقا ۋەھيي چۈشۈپ : ‹ سەن بولساڭ ئالەمدىكى تۇنجى ئادەم ؛ بۇ بولسا دۇنيادىكى بىرىنچى ئۆي › دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، نەچچە ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىگە كەلگەندە، ئۇ بۇ ئۆينى ئەسلىدىكى ئۇلى بويىچە ئېگىزلىتىپ ياسىغان، خالاس ». ئىبنى قۇتەيباھ ئۆزىنىڭ « بىلىم » ناملىق كىتابىدا، بەيتۇللانى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىيس بىنا قىلغان، دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ : « ھەزرىتى شىيس ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ئەڭ ئابرويلۇق، ئەڭ پەزىلەتلىك، ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئوخشايدىغان، شۇنداقلا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئامراق ئوغلان، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز باسارى ھەم ۋەلىئەھدى ئىدى. بارلىق ئىنسانلارنىڭ نەسلى - نەسەبى ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى شەكىللەندۈرۈشى شىيس ئەلەيھىسسالامغىمۇ بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇ لاي ۋە تاش بىلەن بەيتۇللانى بىنا قىلغان، ئەسلىدە ئۇ يەردە ئاللاتائالا جەننەتتىن چۈشۈرگەن بىر چېدىر بار ئىدى. »

ئۆمەرى مۇنداق بايان قىلىدۇ : « بەزىلەر بەيتۇللانىڭ بىناكارى ئادەم ئەلەيھىسسالام دېسە، يەنە بەزىلەر بەيتۇللانىڭ بىناكارى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەمەس، ئۇنىڭ ئوغلى ھەزرىتى شىيس. بەيتۇللا بىنا قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئورنى قىزىل

ياقۇتتىن ياسالغان بىر چېدىر ئىدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاشۇ چېدىرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تاۋاپ قىلغان دېيىدۇ.» ۋەھالەنكى، ئۆمەرى نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى بەيتۇللانىڭ بىنا قىلغۇچىسى زادى مالائىكىلەرمۇ ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ ئوغلى ھەزرىتى شىيسمۇ بۇنى جەزملەشتۈرەلمىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن بايان قىلىنغان بەزى رىۋايەتلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىگە مۇراجەت قىلساقلا كۇپايە قىلار. تارىخشۇناس مەسئۇدى مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان: «ئاد قەبىلىسى ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچار بولغان چاغدا، سۇ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن مەككىگە ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. ئۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تېخى بەيتۇللانى بىنا قىلمىغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ (بەيتۇللانىڭ) ئورنى بىر قىزىل دۆڭلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن، خالاس. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار بەيتۇللانىڭ شۇ ئورنىنى ئۇلۇغلاپ چوقۇنۇشقانىكەن.» يەنە بەزى تارىخشۇناسلار تۆرلۈك رىۋايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بەيتۇللانىڭ ئورنى ئەسلىدە ئەمالىقلار① نىڭ قەدىمكى بىر ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھىجازغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ جاي يەنىلا بىر مۇقەددەس ماكان ھېسابلىناتتى، شۇڭلاشقا قەدىمكى مىسىرلىقلار ھىجازنى «مۇقەددەس ديار» دەپ ئاتىغان، دەپ قارايدۇ.

بەيتۇللا بىنا قىلىنىشتىن بۇرۇنمۇ بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولغان. مەسىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنلا ئۆي سېلىپ ئولتۇرغان. ئىبراھىم

---

① ئەمالىق — قەدىمكى پەلەستىننىڭ ئاھالىسى.

ئەلەيھەسسالامنىڭمۇ ئۆز يۇرتىدا ئۆيى بار ئىدى. ۋەھالەنكى بىردىنبىر ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىش يۇرتىدىن بىنا قىلىنغان تۇنجى ئۆي يەنىلا بەيتۇللادۇر. بۇنىڭغا يېتەرلىك پاكىت ۋە روشەن ئايەتلەر بار.

### ئىككىنچى باب

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللانى بىنا قىلىشى

## 1§. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجازغا كېلىشى

بەيتۇللانىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەلەستىندىن ھىجاز دىيارىدىكى مەككىگە كۆچۈپ كېلىش تارىخى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئالدى بىلەن شۇ ھەقتىكى قىسسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىراقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ياغاچچى بولۇپ، مەخسۇس بۇتپەرەس يۇرتداشلىرىغا ياغاچتىن تۈرلۈك بۇتلارنى ياساپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىبراھىم كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىغا ياردەملىشىپ بۇت ياسايتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدا بۇتتىن يىرگىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. شۇڭا، ئۇ يىگىت بولغاندا بىر كۈنى تۇيدۇرماستىن بۇتخانىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى بىرلا يوغان بۇتنى قالدۇرۇپ، كىچىك بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى چېقىۋېتىدۇ. كىشىلەر: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دەيدۇ. ئىبراھىم: «(ياق) مەن قىلمىدىم. ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ

چاقىقانلىقىنى )ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار! » دېدۇ① بۇتپەرەسلەر ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى چېقىۋەتكەنلىكىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇنى ئوتقا تاشلايدۇ. بىراق، ئاللا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئوتنى سوۋۇتۇپ، ئىبراھىمنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئىبراھىم بۇتپەرەسلەرنىڭ يەنە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خوتۇنى سارەنى ئېلىپ پەلەستىنگە قېچىپ كېتىدۇ.

كېيىن، ئىبراھىم مىسىرغا بارىدۇ. شۇ چاغدىكى مىسىر ھەكسوس (ئەمالىق) لار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. پادىشاھ تولىمۇ شەھۋەتپەرەس ئادەم بولۇپ، ساھىبجامال ئاياللارنى كۆرسىلا ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ تارتىۋالاتتى. ئىبراھىم ئاشۇ خىل ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جامائەت ئالدىدا: «سارە مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ» دەپ قويىدۇ. پادىشاھ يەنىلا سارەنى ئىبراھىمدىن بۇلاپ كېتىدۇ. بىراق ئاللا ئىبراھىمنى قوغداپ قالىدۇ: پادىشاھنىڭ چۈشىدە، سارەنىڭ ئەسلىدە ئىبراھىمنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. پادىشاھ پۇشايمان قىلىپ، سارەنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ (يەنى سارەنىڭ) ئېرىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن قوشۇپ ھاجەر ئىسىملىك بىر چۆرىنى ھەدىيە قىلىدۇ.

شۇ چاغقىچە سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن تۇغمىغانىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن سارەنىڭ بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇش ئورتاق ئارزۇسى بار ئىدى، شۇڭا، سارە ئانىلىق تۇيغۇسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئاستىدا، ئىبراھىمدىن ھاجەرنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە،

---

① قۇرئان كەرىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، سۈرە ئەنبىيا 62 - ، 63 - ئايەت، 328 - بەت.

ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ . ئۇلار ئۇنىڭغا ئىسمائىل دەپ ئات قويىدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي ، سارەمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بىر ئوغۇل تۇغىدۇ . ئۇلار ئۇنى ئىسھاق دەپ ئاتايدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرى ئىسمائىل بىلەن ئىسھاققا ئوخشاشلا ئامراق ئىدى . بىراق ، سارە ئېرىنىڭ چۆرە تۇغقان بالا بىلەن ئۆزىدەك ھۆر ئايال تۇغقان بالىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولىدۇ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسمائىل بىلەن ھاجەرنى كۆزۈمدىن يوقات ، دەپ بېسىم ئىشلىتىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى ئېلىپ پەلەستىنىدىن ھىجازغا قاراپ ماڭىدۇ . ئۇلار ماڭار - ماڭار ، بىر جىلغىغا كېلىپ توختايدۇ . بۇ جاي كېيىن تەرەققىي قىلىپ مەككە شەھىرىگە ئايلىنىدۇ . بۇ جىلغا ئەسلىدە سۇسىز ، گۈل - گىياھسىز ، ئادەمزاتسىز بىر جاي بولۇپ ، بەزى سودا كارۋانلىرى سەپەر ئۈستىدە بۇ يەرنى توختاپ ھاردۇق ئالىدىغان بىر لەڭگەر قىلىشقانىدى . بۇ ھەقتە تەبەرى : « ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن مەككىگە كەلگەن . ئۇ چاغدا ، مەككىدە ھېچقانداق ئۆي يوق ئىدى »① دەپ يازىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر بىلەن ئىسمائىل ئانا - بالىغا بىر ئاز يېگۈلۈك ۋە سۇ قالدۇرغاندىن كېيىن ، ئۇ ئىككىيلەننى شۇ جايدا قويۇپ ، سارە بىلەن ئىسھاق قالغان پەلەستىنگە قايتىپ كېتىدۇ .

تارىخشۇناس مەسئۇدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ، ھاجەر ۋە ئىسمائىللار (پەلەستىندىن) كېلىپ تۇرغان جاينى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ : « ئاللاتائالا ئىبراھىمغا ئىسمائىل بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەرنى چۆپ - گىياھمۇ ئۆسمەيدىغان ، ئادەمزاتسىز بىر

---

① تەبەرى : « پەيغەمبەرلەر ۋە خان - پادىشاھلار تارىخى » 1 - توم ، 179 - بەت .

www.uyghurkitap.com

جايغا ئورۇنلاشتۇرغىن دېگەنىدى . شۇڭا ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىيلەننى مەككىگە ئاپىرىپ قويۇپ ، ئاللاھنى ئاللانىڭ ئۆزىگە ئامانەت قىلىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ، بەيتۇللانىڭ ئورنى بىر قىزىل دۆڭلۈك ئىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەرگە ئاشۇ قىزىل دۆڭلۈك ئۈستىگە بىر چېدىر تىكىپ ئولتۇرغىن ، دەپ بۇيرۇغانىدى .» ئۇزۇن ئۆتمەي ، يەيدىغانىمۇ ، ئىچىدىغانىمۇ تۈگەپ ، بالا يىغلاشقا باشلايدۇ . ھاجەر بالىسى ئىسمائىلنىڭ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئۆلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، سۇ تېپىپ كەلمەكچى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولىدۇ . ئۇ شۇ ھەلەكچىلىكتە ، سەفە بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياندىن بۇيانغا ، بۇياندىن ئۇيانغا چېپىپ يۈرىدۇ . ئۇ بۇ (يۈگۈرۈش) ھەرىكىتىنى يەتتە قېتىم تەكرارلاپ قايتىپ كەلسە ، ئىسمائىل پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋاتقانىكەن . قاراپ تۇرسا ، تۇساتتىن (ئىسمائىل پۇتى بىلەن تېپىۋاتقان) ئۇ يەردىن سۈپسۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ . مانا بۇ زەمزەم بۇلىقى بولۇپ ، ئاللاتائالا شۇ يول بىلەن ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھاجەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ .

تەبەرى ئاللاتائالانىڭ جىبرىئىلنى چۈشۈرۈپ ئۇ بۇلاقنى كولاتقانلىقى ، شۇنداقلا جىبرىئىلنىڭ ھاجەرگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە كېلىپ بەيتۇللانى بىنا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : « مالائىكە (جىبرىئىل ھاجەرگە : ‹سەن بۇ دىياردىكىلەرنىڭ سۇسىز قېلىشىدىن ئەنسىرىمە ، بۇ مەخسۇس ئاللانىڭ ئىككى مېھمىنىنى سۈزۈك سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان بۇلاق . بۇ بالىنىڭ دادىسى قايتىپ كېلىدۇ . ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن مۇشۇ يەردە ئاللاتائالا ئۈچۈن بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ › دېگەن » .

شۇ كۈنلەردە، جۇرھۇم① قەبىلىسى بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ، جىلغا ئاسمىنىدا قۇشلارنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ يەردە سۇ بارلىقىنى بىلدۇ. بىراق، بۇ ھال ئۇلارنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈردۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇرۇن ئۆتكەندە، بۇ جاي ئادەمزات ۋە تىرىكچىلىك نىشانىدىن ئەسەرمۇ يوق بىر قاقاس جىلغا ئىدى. جۇرھۇملار كېلىپ ھاجەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ھاجەردىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ بۇلاق بويىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ھاجەر ماقۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىسمائىل جۇرھۇم قەبىلىسىدە چوڭ بولىدۇ. ئۇلاردىن ئەرەبچە ئۆگىنىدۇ. مەسئۇدى مۇنداق دەيدۇ: «ھاجەر ئۇلارنىڭ ماكانلىشىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇلار كەينىدە قالغان قەبىلىداشلىرىنى ئېلىپ كەلگىلى بېرىپ، بۇلاق توغرىسىدىكى ئىشتىن ئۇلارنىمۇ خەۋەرلەندۈرىدۇ. بۇ بولغاچقا، كۆپچىلىك خۇشال - خۇرام ۋە كۆڭلى توق ھالدا كېلىپ، بۇ جىلغىغا ئورۇنلىشىدۇ. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇپقۇرۇق قاقاسلىق بولغان بۇ جىلغىدا پەيغەمبەرلىكنىڭ پارلاق نۇرى چاقناپ، ئۇ جاي مۇقەددەس بەيتۇللانىڭ ئورنى بولۇپ قالىدۇ. ئىسمائىل ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدۇ ھەمدە دادىسىنىڭ تىلىدا ئەمەس بەلكى ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ.»

### §2 بەيتۇللانى بىنا قىلىشنىڭ ئالدىدا

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاجەر توقسەن يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئىسمائىل

① جۇرھۇم — قەدىمكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

www.uyghurkitap.com

چوڭ بولۇپ ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر يىگىت بولىدۇ ۋە جۇرھۇم قەبىلىسىدىكى سەئىد دېگەن ئادەمنىڭ جىدا ئىسىملىك قىزىغا ئۆيلىنىدۇ . بىر كۈنى ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى كۆرگۈسى كېلىپ كېتىدۇ ـ دە ، خۇتۇنى سارەنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ . سارە ئۇنىڭ ئىسمائىلنى كۆرۈپ كېلىش پىكرىگە قوشۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ . بىراق ، شۇ كۈنى ئىسمائىل ئوۋغا كەتكەنىدى . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىپ ، ئىشىكنى قاقسا ، ئۆيدىن جىدا چىقىدۇ .

ــ ئېرىڭ قېنى ؟ ــ سورايدۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام .

ــ ئوۋغا كەتكەن .

ــ مېهمان كۈتەلەمسەن ؟ يېگۈلۈك ـ ئىچكۈلۈكۈڭ بارمۇ ؟

ــ ياق ، ئۆيۈمدە ئادەم يوق .

ــ ئېرىڭ قايتىپ كەلسە سالام دە ، ــ دەيدۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېتىش ئالدىدا ، ــ ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي ، ئىشىكىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسۇن !

ئىسمائىل ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ ، ئەھۋالنى ئۇقىدۇ ــ دە ، دەرھال جىدانى تالاق قىلىۋېتىدۇ . كېيىن ئۇ مۇھەلھەل ئىسىملىك باشقا بىر جۇرھۇمنىڭ قىزى سامەنى ئالىدۇ .

سېغىنىش ئىشتىياقى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى يەنە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ ئىسمائىلنى يوقلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ . بۇ ئويىنى خوتۇنى سارەنىڭ سەمىگە سالغاندا سارە قوشۇلىدۇ . بىراق ، ئىسمائىلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا ئاتتىن يەرگە چۈشمەسلىكنى شەرت قىلىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ .

ــ خوجاڭ قېنى ؟ ــ سورايدۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ئىشلىك ئىچىپ چىققان ئىسمائىلنىڭ ئايالىدىن .

— ئۇۋغا كەتكەنىدى . خۇدا خالىسا ، قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپمۇ قالدى . ئاللا رەھمەت قىلسۇن ساڭا ، قېنى ئاتتىن چۈشۈپ ئارام ئېلىپ تۇرغىن ، — دەيدۇ سامە .

— سەن مېھمان كۈتەلەمسەن ؟

— ئەلۋەتتە .

— ئۆيۈڭدە نېمىڭ ، بۇغدىيىڭ ، ئارپاڭ ياكى خورماڭ بارمۇ ؟

سامە ئۇنىڭ ئالدىغا سۈت بىلەن گۆش كەلتۈرىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ . ئەگەر شۇ كۈنى ئىسمائىلنىڭ خوتۇنىنىڭ كەلتۈرگىنى نان ، بۇغداي ، ئارپا ۋە خورما بولغىنىدا ئىدى ، ئاللا بۇ زېمىندىن تېخىمۇ كۆپ بۇغداي ، ئارپا ھەم خورما چىقىدىغان قىلىۋەتكەن بولاتتى .

مەسئۇدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللانى بىنا قىلغانلىقى ھەققىدە ئالدىنئالا بىشارەت بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «جۇرھۇم قەبىلىسىلىك خوتۇن سامە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئاتتىن چۈشۈشكە شۇنچە دالالەت قىلغان بولسىمۇ ، ئۇ زادىلا ئۇنىمايدۇ . شۇڭا ، سامە سۈت بىلەن ئۇۋ مەھسۇلاتىدىن پىششۇرۇلغان گۆشنى ئاچىقىپ ئات ئۈستىدىكى مېھماننى كۈتىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ . ئارقىدىن ، سامە ئۆيىدىن بىر پارچە تاشنى ئاچىقىپ ئاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىگەردىن چۈشمەي تۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە قىڭغىيىپ ، ئوڭ پۇتىنى ئۈزەڭگىدىن چىقىرىدۇ . سامە دەرھال تاشنى ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىغا دەسسىتىدۇ . ئاندىن ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بېشىنى سامەگە تۇتۇپ بېرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

سامە ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى چاچلىرىنى تاراپ ماي سۈرتۈپ قويىمىز . ئارقىدىن ، تاشنى ئۆزىنىڭ سول پۇتى تەرەپكە يۆتكەپ بېرىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سول تەرەپكە قىڭغىيىپ ، تاشقا دەسسەپ تۇرۇپ بېشىنى سامەگە ئېگىپ بېرىدۇ . سامە ئۆزىنىڭ سول تەرەپتىكى چاچلىرىنىمۇ تاراپ ، ماي سۈرتۈپ قويىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ - سول پۇتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تاش ئۈستىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ . بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن سامەنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشىدۇ . مەزكۇر تاش كېيىنكى ۋاقىتتا ماقامى ئىبراھىم ① دەپ ئاتىلىدۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېتىش ئالدىدا ، سامەگە : ‹سىز بۇ تاشنى ئەكىرىپ قويۇپ تۇرۇڭ . كېيىن لازىم بولىدۇ › دەيدۇ . ئارقىدىن ئۇ يەنە : ‹ ئىسمائىل قايتىپ كەلگەندە ، ئىبراھىم ساڭا سالام ئېيتتى ، ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلسۇن ، بۇ بوسۇغا ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىكەن ، دېدى ، ئىبراھىم شامغا قايتىپ كەتتى ، دەپ قويۇڭ ، دەيدۇ .»

شۇندىن كېيىن ، مەككە تەرەققىي قىلىپ ، نوپۇسى كۆپىيىپ كېتىدۇ . جۇرھۇم قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان باشقا جەمەتتىكى ئاھالىلەر بىلەن ئەمالىقلار مەككىدە سۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن روياپقا چىققان جانلىنىشلاردىن خەۋەر تاپقان ھامان ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ . ھارىس ئىبنى مەزاز ئىبنى ئەمرۇ جۇرھۇمى مەككە ئاھالىسىنىڭ ئاقساقىلى بولىدۇ .

---

① ماقامى ئىبراھىم — ھازىرقى بەيتۇللا يېنىغا ئورنىتىلغان مەشھۇر « ئىبراھىم پەيغەمبەر دەسسىگەن تاش » نىڭ ئىسمى . ئىبراھىم پەيغەمبەر بەيتۇللانى ياساش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم دەسسىگەن — ت .

## 3§ . بەيتۇللانىڭ بىنا قىلىنىشى

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز ياشقا كىرگەن يىلى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىگە يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ. بۇ نۆۋەت ئاللاتائالا ئۇنىڭغا بەيتۇللانى بىنا قىلىش ھەققىدە ئەمر قىلغانىدى. شۇڭا ئاتا - بالا ئىككىيلەن بۇ ۋاجىپ ئەمرنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىردىل — بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىدۇ.

تارىخشۇناسلار بەيتۇللانىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدا ئاز بولمىغان رىۋايەتلەرنى بايان قىلىشىدۇ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ توغرىسى تەبەرى سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن نەقىل كەلتۈرۈپ بايان قىلغان ئىبنى ئابباس رىۋايىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت مۇنداق: « ئىبراھىم كېلىپ، ئىسمائىلنىڭ زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئوقيا ياساپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ - دە، ئۇنىڭغا: ‹ ئى ئىسمائىل، ئاللا تائالا ماڭا بىر ئۆي سېلىپ بەر دەپ پېقىرغا ئەمر قىلدى › دەيدۇ. ئىسمائىل جاۋابەن: ‹ ئۇنداق بولسا، ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرسەڭ بولىدىكەنغۇ! › دەيدۇ. ئىبراھىم ئارقىدىن يەنە: ‹ ئاللاتائالا سېنى بەيتۇللانى بىنا قىلىشتا ماڭا ياردەملەشسۇن، دەپ بۇيرۇدى › دەيدۇ. ئىسمائىل ئۇنىڭغا: ‹ ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ئەمرگە ئىتائەت قىلىمەن! › دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئىش باشلايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تام قوپۇرىدۇ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيسالامنىڭ قولىغا تاش تېپىپ بېرىدۇ. ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئىشلەۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹ ئى ئاللا! بىزنىڭ ئېھتىرامىمىزنى ۋە بۇ قىلغانلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن! سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، سەن ھەممىنى سېزىپ

تـۇرغـۇچـىسـەن ! 〉 تام ئېگىزلەپ ئىبراھىم بوۋاينىڭ بويى يەتمەي قالغاندا ، ئۇ بىر دانە تاش ( ئۆز ۋاقتىدا سامە پۈتىغا قويۇپ بەرگەن ھېلىـقى تاش ) قا دەسسەپ تۇرۇپ تام قوپۇرىدۇ . بۇتاش ماقامى ئىبـراھىم ( ئىـبراھىم دەسسەپ تۇرغان تاش ) بولىدۇ . ئىسمائىل داۋاملىـق تـاش تـوشۇپ ۋە سۇنـۇپ بـېرىـدۇ . ئۇ ئىـككىيلەن ئىشلەۋېتـىپ داۋامـلىـق ھالـدا : 〈 پـەرۋەردىـگـارىمىز ! بىزنى (خىزمىتىمىزنى ) قوبۇل قىلغىن ، سەن ھەقىقەتەن ( دۇئايىمىزنى ) ئاڭلاپ تـۇرغـۇچىسەن ، ( نىيىتىمىزنى ) بىلىپ تۇرغۇچىسەن ! 〉 ①دەيدۇ . ئىبراھىم ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ ، ئۆينى ( يەنى بەيتۇللانى ) پۈتكۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشىغا ، ئاللادىن ئۇنىڭغا ئەزان تـوۋلاپ خـالايـىقنى بۇ يەرگە كېلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرىش ھەقـقـىـدە ئەمر چۈشىدۇ . ئاللاتالا مۇنداق دەيدۇ : 〈 كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ( ئۇلارنى ) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن ، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تـۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ . 〉 »تەبەرى يۇقىرىدا بايان قىلغان رىۋايەت بىلەن ماھىيەت جـەھەتـتـىن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن رىۋايەتـلـەرنى بايان قىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، رىۋايەت كۆپەيگەنسېرى ئېغـىـزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا ، مەزمۇن ۋە تەپسىلات جـەھەتـتە ئۇنداق ياكى مۇنداق پەرقلەرنىڭ بولۇشىدىن ساقلانماق تەس . ئالايلۇق ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بەيتۇللا بىنا قىلىنىدىغان جايـغا سـەكىنە شاملى②(رىيھى سەكىنە) ئەكىلىپ قويغانمۇ ياكى جـىـبرىئىل ئەلەيھىسسالام باشلاپ كەلگەنمۇ دېگەن مەسىلىدە ، ھەر كـىـم ھەر نـېـمە دەيـدۇ ، رىۋايەتلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ .

① قۇرئان كەرىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 21 ـ بەت ، سۈرەبەقەرە 127 ـ ئايەت ، 336 ـ بەت . سۈرەھەج 27 ـ ئايەت ، 21 ـ بەت .

② سەكىنە شاملى ــ بىر خىل قۇيۇنلۇق ئىلاھىي شامال ــ ت .

شۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر ئادەم ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ھۇزۇرىغا بىرىپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورىغان. سوئال: سىز ماڭا بەيتۇللا ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ ئۇ زېمىنغا سېلىنغان تۇنجى ئۆيمۇ؟ جاۋاب: ياق. بىراق، ئىبراھىمنىڭ بەرىكەت قەدىمى بېسىلغان شۇ مۇقەددەس زېمىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ھەقىقەتەن بىرىنچى ئۆي. ئۇنىڭغا كىم كىرسە، شۇ ئەمىنلىك تاپىدۇ. سەن خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا، بىرىپتۇ، مەن ساڭا ئۇ ئۆينىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى دەپ بېرەي. ئاللاتائالا ئىبراھىمغا ۋەھيى چۈشۈرۈپ: ‹سەن زېمىنغا مەن ئۈچۈن بىر ئۆي سالغىن!› دېگەن چاغدا، ئىبراھىم ئاللانىڭ ئۆيىنى زېمىننىڭ قەيىرىگە سېلىش مەسىلىسىدە بىر يەرگە كېلەلمەي قېينىلىدۇ. شۇچاغدا، ئاللاتائالا ئىككى باشلىق سەكىنە شامىلىنى ئەۋەتىدۇ. سەكىنە شامىلى ئىبراھىمنى مەككىگە باشلاپ كېلىپ، بىنا قىلىنغۇسى بەيتۇللانىڭ ئورنىغا خۇددى چەمبىرەك ئورىغان يىلاندەك چىلىڭ يۆگىشىپ تۇرىدۇ، شۇ چاغدا، ئىبراھىمغا بەيتۇللانى ئاشۇ سەكىنە شامىلى توختىغان يەرگە بىنا قىلىش ئەمرى چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ جايغا بەيتۇللانى بىنا قىلىدۇ.»

تەبەرى يەنە ئىبنى ئىسھاققا باغلىنىدىغان بىر رىۋايەتنى بايان قىلىپ، ئىبراھىمنى جىبرىئىل شامدىن ھىجازغا باشلاپ كېلىپ سېلىنغۇسى بەيتۇللانىڭ ئورنى مەككىنى كۆرسىتىپ قويغان دەيدۇ. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىد قاتارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىچە ئاللاتائالا ئىبراھىم ئۈچۈن بەيتۇللا بىنا قىلىنىدىغان يەرنى ۋە تۇرلۇك مۇقەددەس نامايەندىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم بەيتۇللا سېلىنىدىغان شۇ جاينى تېپىش ئۈچۈن يولغا راۋان بولغان.

www.uyghurkitap.com

جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئىبراھىم بىر دىر كەنتكە يېتىپ كەلگەن ھامان جىبرىئىلدىن: ‹ماڭا بەيتۇللانى بىنا قىلىشقا بۇيرۇلغان يەر مۇشۇمۇ؟› دەپ سورايدىكەن. جىبرىئىل بولسا: ‹ئالدىڭغا ماڭ!› دەيدىكەن. شۇ يوسۇندا يۈرۈپ، ئىبراھىم بىلەن جىبرىئىل مەككىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، مەككىدە بۇلغۇن ۋە ئاۋچۇك دەرىخى ئۆسىدىكەن، مەككىنىڭ سىرتى ۋە يېقىن ئەراپىدا ياشايدىغان كىشىلەر ئەمالىقلار دەپ ئاتىلىدىكەن. بەيتۇللانىڭ ئورنى بىر خىل قىزىل يېپىشقاق توپىلىق دۆڭلۈك ئىكەن، ئىبراھىم شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، جىبرىئىلغا شۇ يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ‹ماڭا بەيتۇللانى بىنا قىلىشقا بۇيرۇلغان جاي مۇشۇ يەرغۇ؟› دەپ سورىغانىكەن، جىبرىئىل: ‹تاپتىڭ› دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.»

ئۆمەرى سەئىد ئىبنى ئەبى ئەرۇبەنىڭ قەتادەدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان بىر رىۋايىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بەيتۇللانىڭ ئۇلى ھەررا تېغىنىڭ تېشىدا قوپۇرۇلغانىكەن». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بەيتۇللاغا ئىشلىتىلگەن تاشلار ھەررا، لىۋان، جۇدى، تورسىنا، تورزىيتادىن ئىبارەت بەش تاغدىن قېزىپ كەلتۈرۈلگەنىكەن». ئۆمەرى يەنە سۇھەيلىنىڭ ئېيتقىنىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تاشلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مالائىكىلەر توشۇپ بەرگەن.»

§4. ھەجەرۇلئەسۋەد (قارا تاش)

ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتا - بالا ئىككىيلەن بەيتۇللانى بىنا قىلىدۇ. يەنە بىرلا تاش قويۇۋۇسىلا ئىمارەت پۈتۈنلەي پۈتىدىغان

بىر چاغدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام باشقا بىر نەرسىنى ياساشقا تۇتۇنۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا: «مەن ساڭا بىر تاش تېپىپ كەل دېۋىدىمغۇ؟!» دەيدۇ. ئىسمائىل شۇندا بىرىپ بىر تاشنى تېپىپ كېلىدۇ، ئۇنى سۇنۇپ بېرەي، دەپ قارىسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر دانە قارا تاشنى ھېلىقى ھاجەتلىك بەرگە قويۇپ بولغانلىقىنى بايقايدۇ.

— دادا، بۇ تاشنى ساڭا كىم ئەكىلىپ بەردى؟ — سورايدۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام.

— ساڭا ھاجەتنى چۈشەيدىغان بىرەيلەن، يەنى جىبرىئىل ئۇنى ئاسماندىن ئەچۈشۈپ بەردى، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

تەبەرى بۇ ھەقتە يەنە باشقا بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بايان قىلغىنى بىلەن يۇقىرىدىكى رىۋايەتنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى يوق، پەقەت بەزى تەپسىلاتلار قوشۇلغان، خالاس. ئۇ، بۇ رىۋايەت ئەسلىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئاغزىدىن چىققان، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەلى مۇنداق دېگەنىكەن: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاغا ئۇل بېسىپ بولۇپ، ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە تام قوپۇرۇشقا باشلايدۇ. تام ئېگىزلەپ، بىر بۇلۇڭغا كەلگەن چاغدا، ئىبراھىم ئوغلىغا: ‹بالام سەن بېرىپ بىر تاش تېپىپ كەلگىنكى، ئۇ كىشىلەر ئۈچۈن بىر بەلگە بولىدىغان تاش بولسۇن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىل بېرىپ بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. بىراق، ئۇ تاش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ياردىمايدۇ، شۇڭا ئۇ: ‹ماڭ، باشقا بىرنى ئەكەل!› دەيدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام باشقا بىر تاشنى تېپىپ كېلىدۇ. بىراق، ئۇ تاشنى ئەكىلىپ قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى بۇلۇڭغا تاش قويۇلۇپ بولغانىكەن. ئەجەبلەنگەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دادىسىدىن سورايدۇ:

— دادا، ئۇ تاشنى ساڭا كىم ئەكىلىپ بەردى؟

— مېنى سېنىڭ قولۇڭغىلا قارىتىپ قويمايدىغان ئاللا! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.»

ھەجەرۇلئەسۋەد تارازلانمىغان، ئېللىپس شەكىللىك، قارا رەڭدىن قىزغۇچ قوڭۇر رەڭ جىلۇۋىلىنىپ تۇرىدىغان، ئۈستىدە قىزىل چېكىت ۋە سېرىق سىزىقچىلىرى بار پارقىراق تاش. مەلۇم بىر مۇئەللىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ مېتېئورى تاش بولۇشى ئېھتىمال. بۇنىڭغا پاكىت شۇكى، ئۇ بۇرۇن نۇر چاچاتتى، ئۇنىڭ نۇرىدىن شەرقمۇ، غەربمۇ، شامىمۇ، يەمەنمۇ① يورۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق نۇر چېچىشى مەزكۇر تاشنىڭ ئەسلىدە قارا رەڭلىكلا ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ. بەزى تارىخشۇناسلار ئۇنىڭ قارا رەڭدە بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى جاھىلىيەت زامانىنىڭ پەسكەشلىكى ۋە ناپاكلىقىنىڭ كاساپىتىدىن بولغان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يالت-يۇلت قىلىپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مېتېئورى تاشلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، ئۆڭگەندۇ. ئەرەب تىلىدا مېتېئورى تاش مەنىسىدە يۇرىدىغان 〈نەيزەك〉 سۆزى پارسچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ بىر خىل ئاقار يۇلتۇزنى كۆرسىتەتتى. بۇ خىل ئاقار يۇلتۇز، خۇسۇسەن 8-ئاي مەزگىلىدە، ئاسماندىن ئېقىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.»

يەنە بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «قارا تاش (يەنى ھەجەرۇلئەسۋەد) شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇقەددەس تاشكى، ئۇ كىشىدە ھۆرمەت قوزغايدىغان مۇقەددەس بىر نەرسىگە باغلىنىشلىق. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللاغا بۇ تاشنى

---

① بۇ يەردىكى «شام، يەمەن» سۆزلىرى «شىمال، جەنۇب» دېگەن مەنىدە يۇرىدۇ — ت.

ئىشلىتىشى ئېھتىمال ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭغا شۇقەدەر بۈيۈك ئۆينى بىنا قىلىشى ئۈچۈن ئەمر قىلغانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن؛ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ۋە ئوغلىنىڭ مەزكۇر ئۆينى كىشىلەرنىڭ ئارامگاھى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلاپ ئىچكەن قەسەمنىڭ سىمۋولى بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ قارا تاشنى ئورنىتىش ئارقىلىق بۇ ئۆينىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي ئەمەس، بەلكى ئاللاتائالاغا ھەدىيە قىلىنىدىغان ئۆي، كىشىلەرنىڭ ئىبادەتگاھى، تاۋاپچىلارنىڭ، دەرۋىشلەرنىڭ، باش ئۇرغۇچىلارنىڭ ۋە چوقۇنغۇچىلارنىڭ ناماز گاھى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، بۇ تاش دەرۋازىنىڭ بېقىنىغىلا ئورنىتىلىپ، مەزكۇر كارامەتلىك ئۆينىڭ تاۋاپچىلار تۇنجى قەدىمىنى باسىدىغان بىرىنچى چېگرىسى قىلىنغان. تاشنىڭ قارا رەڭلىكىنى تاللىۋالغانلىقىغا كەلسەك، بۇ، قارا رەڭنىڭ پەرق قىلىشقا ئوڭاي، ئورۇننى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە قولاي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقىدىن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەجەرۇلئەسۋەد (قاراتاش) ئۆز ۋاقتىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتا - بالىنىڭ ھۆرمەتلەپ ئەزىزلىشىگە مۇيەسسەر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇ بۈگۈنكى، جۈملىدىن ئەتىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۇلۇغلىشىغا سازاۋەر مۇقەددەس نەرسە بولۇپ قالغان.»

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىملارنىڭ رىۋايەت قىلىشىغا قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «مەن سېنىڭ پايداڭمۇ، زىيىنىڭمۇ يوق بىر تاش ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرىمەن» دېگەن ۋە ئارقىدىن ئۇنى سۆيگەن. ئەبۇبەكرى سىددىق ھەج قىلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىدا

تۇرۇپ: «مەن بىلىمەن، سەن يا پايداڭ، يا زىيىنىڭ يوق بىر تاشسەن. ئەگەر مەن ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام ئىدىم، سېنى سۆيمىگەن بولاتتىم» دېگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەج قىلغان چاغدىمۇ شۇنداق قىلغانىكەن.

سەييىاھ ئىبنى بەتۇتە مەككىگە بارغان چېغىدا، ھەجەرۇلئەسۋەدنى كۆرگەنىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «ھەجەرۇلئەسۋەد يەردىن ئالتە غېرىچ ئېگىزلىكتىكى جايغا ئورنىتىلغان. شۇڭا، ئۇنى سۆيۈش ئۈچۈن دارازا ئادەملەر ئېگىلىشكە، پاكارلار بويۇن ئۇزىتىپ سوزۇلۇشقا توغرا كېلىدىكەن، ئۇ شەرق تەرەپتىكى بىر بۇرجەككە ئورنىتىلغان بولۇپ، كەڭلىكى بىر غېرىچنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى بولسا، بىر غېرىچتىن سەل ئارتۇقراق كېلىدۇ. ئۇنىڭ قانچىلىك قىسمى تامنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئۇ تۆت پارچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كۈمۈش رامكا ئىچىگە ئېلىنغان. ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ قارا رەڭگى بىلەن كۈمۈش رامكىنىڭ ئاقلىقىنىڭ گىرەلەشمىسىدىن ھاسىل بولۇپ چاقناپ تۇرغان پارلاق نۇر كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ. ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيگەندە، ئىنساننىڭ لېۋى شۇنداق بىر خىل لەززەتنى سېزىدۇكى، سۆيگەنسېرى سۆيگۈسى كېلىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا ئۇ نامايان قىلىپ تۇرغان ئىلاھىي ھېكمەتنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى ھەممىگە كۇپايە قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹بۇ ئاللاتائالانىڭ زېمىنغا ئورناتقان قەسەم، ئىخلاس تاختىسىدۇر. ئاللاتائالا بىزنى ئۇنى

سىلاش - سۆيۈش پۇرسىتى بىلەن مەنپەئەتلەندۇرىدۇ. ئۇنىڭغا زوقمەن بولغان ھەر قانداق ئادەم بۇ يەرگە كەلسە، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك پايدا كۆرىدۇ ). ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ كىشىلەر ئىخلاسمەنلىك ۋە قەسەمىيات نىيىتى بىلەن سۆيىدىغان يېرىدە بىر دانە پارقىراق ئاق چېكىت بار، بۇ خۇددى گۈزەل مەڭزىدىكى يارىشىملىق خالغا ئوخشايدۇ. ھەجەرۇلئەسۋەدنى تاۋاپ قىلغان كىشىلەر كۆرىدۇكى، تاۋاپ ۋاقتىدا، ئادەملەر ئۇنى سۆيۈش ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھالدا بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، جاننى تىكىپ تۇرۇپ بىر پەس قىستىمىغۇچە ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى سۆيۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بەيتۇللاغا كىرىش ۋاقتىدىمۇ ئوخشاشلا قىستا - قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. ھەجەرۇلئەسۋەد تاۋاپنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇ ئورنىتىلغان بۇرجەك ھەج قىلغۇچىلار بېسىپ ئۆتىدىغان بىرىنچى بۇرجەك ھېسابلىنىدۇ. تاۋاپ قىلغۇچى بۇ بۇرجەكتە ئۆزىنىڭ ئىخلاسىنى بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا ئازراق يانىدۇ. بۇ ھالدا، شاراپەتلىك بەيتۇللا ئۇنىڭ سول يېنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەجىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن شىمال تەرەپتىكى ئىراق بۇرجىكىنى، ئاندىن غەرب تەرەپتىكى شام بۇرجىكىنى، ئارقىدىن جەنۇب تەرەپتىكى يەمەن بۇرجىكىنى ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شەرق تەرەپتىكى قارا تاش — ھەجەرۇلئەسۋەد ئالدىغا قايتىپ كېلىدۇ.»

## 5 § . پۈتكەندىن كېيىنكى بەيتۇللا

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانى پۈتكۈزىدۇ. تارىخشۇناس مەسئۇدى پۈتكەندىن كېيىنكى بەيتۇللانى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: « بەيتۇللانىڭ ئۇزۇنلۇقى

ئوتتۇز زىراڭ، ①قېلىنلىقى يەتتە زىراڭ، كەڭلىكى يىگىرمە ئىككى زىراڭ كېلىدۇ. بەيتۇللاغا بىرلا ئىشىك قويۇلغان بولۇپ، ئۆگزىسى يېپىلمىغان. ھەجەرۇلئەسۋەد دەل جايىغا قويۇلغان بولۇپ، ماقامى ئىبراھىم دەپ ئاتىلىدىغان تاش بىلەن بەيتۇللا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئاللاتائالانىڭ ‹ ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل بەيتۇللانىڭ ئۇلىنى تىكلىگەن ... › دېگەن مۇبارەك سۆزىنىڭ نامايەندىسى. ئاللاتائالا ئىبراھىمئەلەيھىسسالامغا خالايىقنى ھەج قىلىشقا چىللاپ ئەزان توۋلا، دەپ ئەمر قىلغان.»

« ئۇلۇغ بەيتۇللانىڭ تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللانى بىنا قىلغانلىقىنى مۇپەسسەل بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانىڭ سول تەرىپىنى توققۇز زىراڭ ئېگىزلىكتە قىلغان. شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقىنى ئوتتۇز ئىككى زىراڭ، غەرب تەرىپىنى جەنۇبتىن شىمالغا ئوتتۇز بىر زىراڭ، جەنۇب تەرىپىنى شەرقتىن غەربكە يەنى ھەجەرۇلئەسۋەدتىن يەمەن بۇرجىكىگە قەدەر يىگىرمە زىراڭ، شىمال تەرىپىنى غەربتىن شەرققە، يەنى ھەجەرۇلئەسۋەد تەرەپنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى يىگىرمە ئىككى زىراڭ قىلغان. بەيتۇللاغا يەر بىلەن چىشلىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ ئىككى ئىشىك قويۇلغان، ئۇنىڭ بىرى شەرق تەرەپتە بولۇپ، ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى يەمەن بۇرجىكىگە يېقىنراق غەربىي تامدا بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. بەيتۇللانىڭ ئىچىگە بىر گەمە

---

① زىراڭ ( يەنى بىلەك ) — ئەرەبچە ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، جەينەكتىن تارتىپ بارماقنىڭ ئۇچىغىچە ئارىلىق. ئادەتتە بىر زىراڭ 0.5883 مېتىر ھېسابلىنىدۇ. زىرائى ھەندەسە ( قۇرۇلۇش زىرائى ) بولسا، 0.65 مېتىر ھېسابلىنىدۇ — ت.

كولنىپ، نەرسە - كېرەك قويىدىغان ئامبار قىلىنغان. بەيتۇللانىڭ ئۈستى ئوچۇق (يەنى ئۆگزىسىز) بولۇپ، ئىككى ئىشىكىمۇ قانات (ئىشىك قانىتى) ئورنىتىلمىغان.

مەلۇم بىر يازغۇچى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللا ئىچىگە ئامبار قىلىش ئۈچۈن بىر گەمە كولىغانلىقىغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانى ئاللاغا چوقۇنىدىغان بىر ئىبادەتخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى كۆزلىگەن. كىشىلەرنىڭ ئاللا يولىدا قىلىدىغان نەزىرلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ئىشىكتىن كىرىشتىكى ئوڭ تەرەپكە بىر گەمە كولاپ، ئۇنى بەيتۇللانىڭ ئامبىرى قىلغان. شۇڭا كىشىلەر بەيتۇللاغا ھەدىيە قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە قويىدىغان بولغان.»

قۇرئان كەرىمدە بەيتۇللانىڭ بىنا قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئىش بايان قىلىنىپ، ئۇنى تارىختا ئۆچمەس قىلغان. «سۈرە ئال ئىمران» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدىن ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن ئۆيىنى (بەيتۇللانى) زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللا ئەھلى جاھاندىن (ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»①

---

① قۇرئان كەرىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، سۈرە ئال ئىمران، 96 -، 97 - ئايەتلەر، 63 - بەت.

## § 6 . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشلەرنى بەيتۇللاغا ھەجگە چاقىرىشى

بەيتۇللا پۈتكەندىن كېيىن ، ئاللاتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كىشلەرنى بەيتۇللاغا تاۋاپ قىلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرىش ھەققىدە ئەمر قىلىدۇ . قۇرئان كەرىمدە دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن نازىل بولغان مۇنۇ ئايەت بار : « كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ( ئۇلارنى ) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن ، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ . »①بۇ ھەقتە ، تەبەرى ئىبنى ئابباسنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : « ئىبراھىم : ‹يا رەب ! مېنىڭ ئۈنۈم ھەممە ئادەمگە قانداق يېتىدۇ ؟ › دېگەندە ، ئاللاتائالا : ‹سەن ئەزان توۋلىغىن ، يەتكۈزۈش مەندىن ، مەن ئۈنى ھەممە ئادەم ئاڭلىيالايدىغان قىلىمەن › دېگەن . شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق دەپ ئەزان توۋلىغان : ‹ يا ئەييۇھەنناس ، بۇ قەدىمكى ئۆي ـ بەيتۇللاغا كېلىپ ھەج قىلىڭلار ، بۇ سىلەر ئۈچۈن پەرزدۇر ! ›، ئۇنىڭ ئەزان ئاۋازى ئاسمان ـ زېمىننى چاك كەلتۈرۈپ ، ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ بارغان » .

تەبەرى يەنە ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيرلەيسدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خالايىقنى ھەج قىلىشقا چاقىرغانلىقى ھەققىدىكى ئىشنى سورىغانلىقىنىمۇ بايان قىلىدۇ . ئۇمەير مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن : « ئاكلاشلارغا قارىغاندا

---

① قۇرئان كەرىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە ھەج ، 27 ـ ئايەت ، 336 ـ بەت .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانىڭ تېمىنى قوپۇرۇپ، ئاللاتائالانىڭ تەلىپىدىكىدەك قىلىپ پۈتكۈزۈپ بولغان چاغدا، ھەج قىلىش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا ئۇ (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) ئالدىنى يەمەن تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ، خالايىقنى ئاللاتائالاغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە كېلىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرغان. نەتىجىدە، كىشىلەر: ‹لەببەيكە، ئاللاھۇممە، لەببەيكە!›دەپ ئاۋاز قوشقان. ئاندىن، ئۇ ئالدىنى غەرب تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ، خالايىقنى ئاللاتائالاغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە كېلىپ ئاللانىڭ ئۆيى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرغان. نەتىجىدە، كىشىلەردىن: ‹لەببەيكە، ئاللاھۇممە، لەببەيكە!›دەپ جاۋاب ساداسى كەلگەنىكەن.»

تەبەرى يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تەرۋىيە كۈنى① ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى مىناغا باشلاپ بارغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىنى ئوقۇغان. ئاندىن، جىبرىئىل ئۇنى ئەرافاتقا باشلاپ بېرىپ ئەراك دەرىخى② ئاستىدا دەم ئالدۇرغان. ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن باشقا ئادەملەرمۇ شۇ يەردە ئارام ئالغان. كېيىن ئۇلار بىرلىكتە پېشىن ۋە

---

① تەرۋىيە كۈنى — سۇ تەييارلاش كۈنى، تۆگە سۇغىرىش كۈنى دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تەرۋىيە كۈنى بولىدۇ — ت.

② ئەراك دەرىخى — چىشى چوتكا (مىسۋاك) دەرىخى. ئەرەبلەر بۇ خىل دەرەخنىڭ شېخىدىن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا قىلىپ ئۇشتۇۋېلىپ، يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن چىشىنى چوتكىلايدۇ. بۇ ئادەت سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلاردا ھالا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە — ت.

ئەسىر نامازلىرىنى ئوقۇغان . بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئالدىراپ - سالدىراپ شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇغان . ئۇ يەردە قونۇپ قېلىپ ، تاڭ سەھەر بولغاندا ، ھېچ تەمتىرىمەستىن بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغان . ئاندىن ، جىبرىئىل ئۇنى يەنە مىناغا باشلاپ بارغان ، ئۇ يەردە شەيتانغا تاش ئاتقان . ئاندىن قۇربانلىق قىلغان ، بېشىنى چۈشۈرۈپ ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالدۇرغان . ئاندىن بەيتۇللاغا كەلگەن ». كېيىن ، ئاللاتائالا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى چۈشۈرۈپ : « باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلغۇچى ( ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن ، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى »①دېگەن .

بەيتۇللا پۈتكەندىن كېيىن ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى ( مەككىدە ) قويۇپ ، ئۆزى شامغا كېتىدۇ . ئىسمائىل ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ ، دادىسىنىڭ ساداقەتمەن پەرزەنتىگە ، ئامانىتىگە ۋە ھەق دىنغا ۋارىسلىق قىلىدۇ . كېيىن ، مەككە تەرەققىي قىلىپ ، تولىمۇ تار جىلغىدا ۋە قۇملۇققا جايلاشقان بىر شەھەر بولۇپ قالىدۇ . ئەينى زاماندا ، بۇ جىلغىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى يەتتە يۈز قەدەممۇ كەلمەيتتى . تۆت ئەتراپىنى ئېگىزلىكى ئىككى يۈز فۇتتىن②بەش يۈز فۇتقىچە بولغان تاقىر تاغلار ئوراپ تۇراتتى .

---

① قۇرئان كەرىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە نەھل ، 123 - ئايەت ، 282 - بەت .

② فۇت — ئىنگلىز چىسى . بىر فۇت 0.3048 مېترغا باراۋەر — ت .

## ئۈچىنچى باب

# ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بەيتۇللا

### § 1 . بەيتۇللانىڭ ئەرەبلەر ، ھىندىلار ، پارسلار ۋە سابىئىلارنىڭ ئەزىزلىشىگە مۇيەسسەر بولۇشى

ئەرەبلەر بەيتۇللانى ھەممىدىن بۇرۇن ئاللاتائالانىڭ مۇقەددەس ئۆيى ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن بىنا قىلغان مۇقەددەس ماكان دەپ قارىغان خەلق ، ئۇلار بەيتۇللانى ئەزىزلەش يۈزىسىدىن مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ، ھەتتا ئايلانمىسى بىرنەچچە فەرسەخ①كېلىدىغان زېمىننىڭ ھەممىسىنى ھەرەم رايونى قىلىپ ئايرىپ ، ئۇ يەردىكى ئادەملەر ۋە بارلىق جانلىقلارنى دەخلى تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس يارالمىشلار ، دەپ قارايتتى .

ئىبنى كەلبى بۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «مەككىگە بارغانلىكى ئادەم ، ئۆزىنىڭ بەيتۇللاغا بولغان چوقۇنۇشىنى ۋە مەككىگە بولغان مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر ھەرەمنىڭ تېشىدىن بىر پارچە ئېلىپ ياناتتى . ئەگەر ئۇلار بىرەر جايدا تۇرۇپ قالغۇدەك بولسا ، ھەرەم تېشىنى يانلىرىدىن ئېلىپ يەرگە قويۇپ ، خۇددى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغاندەك چۆرىدەپ تاۋاپ قىلىشاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بەيتۇللاغا

---

① فەرسەخ — قەدىمىي ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ، بىر فەرسەخ 6.24 كىلومېترغا باراۋەر .

www.uyghurkitap.com

بولغان ئىززەت - ئىكرامنى ۋە ھەرەمگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشاتتى. ئۇلار ھېلىھەم بەيتۇللانى ۋە مەككىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئىسمائىل بوۋىمىزنىڭ بەيتۇللانى ئەزىزلەش، ھەج قىلىش، بەيتۇللاغا چوقۇنۇش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش پەزىلىتىنى ئۆرنەك قىلىپ، بۇ يەرگە سەجدىگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەرنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن زىيارەت قىلىدۇ.»

ھەر يىلى ھەج پەسلىدە، ئەرەبلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جاي - جايلىرىدىن مەككىگە كېلىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ھەممىسى ھەج مەزگىلىدە بۇ يەردە بولىدىغان سودا بازارلىرىغا كىرىپ، سودا - تىجارەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتى. مانا بۇ خىل پائالىيەت بۇ يەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرغانىدى.

بەيتۇللانى ئۇلۇغلاش باشقا مىللەتلەرگىمۇ، خۇسۇسەن ھىندى ۋە پارس مىللەتلىرىگىمۇ تەسىر قىلغانىدى. ھىندىلاردا، ئۇلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن كۆپ ئىلاھلاردىن بىرى بولغان شىبۇ ئىلاھ خوتۇنى بىلەن بىرلىكتە ھىجاز دىيارىنى زىيارەت قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ روھى ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ قارىنىغا كىرىپ كەتكەنمىش، دېگەن چۈشەنچە بار ئىدى. مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە مەككىنى «مەككىشا» ياكى «موكشىشا» ياكى «موكشىشانا» يەنى «شىشانىڭ ئۆيى» ياكى «شىشانا ئۆيى» دەپ ئاتايدىغان بولغان. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، «شىشا» بىلەن «شىشانا» ھىندىلارنىڭ ئىلاھلىرى ئىدى.

پارسلارمۇ بەيتۇللانى مۇقەددەس ماكان دەپ قارايدىغان بولدى. ئۇلاردا شۇنداق چۈشەنچە بار ئىدىكى، ھورمۇزنىڭ روھى مۇشۇ مۇقەددەس ئىمارەت (بەيتۇللا) كە قوشۇۋېتىلگەنمىش. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ ھەج قىلىدىغان بولغان.

تارىخشۇناس مەسئۇدى مۇنداق دەيدۇ: «پارسلار ئۆزلىرىنى ئىبراھىم خەلىلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتى، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مەككىگە كەلگەن ۋە ئىبراھىم بوۋىسىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، بەيتۇللاغا كېلىپ ھەج قىلغان ئەڭ ئاخىرقى پارس ساسان ئىبنى بابەك بولغانىدى». ياقۇت ھەمەۋى مۇنداق دەيدۇ: «زەمزەم بۇلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن 〈 زەمزەم 〉 ئاتالغانكى، ئۆز ۋاقتىدا، پارسلار ھەجگە كەلگەندە مەزكۇر بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ۋە سۇنى ئىچىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن 〈 زەم - زەم 〉① قىلغان ئاۋاز چىققانىكەن. ساسان مەككىگە كەلگەندە، ئالدى بىلەن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغان، ئاندىن مەزكۇر بۇلاقنىڭ سۈيىدىن غۇرتۇلدىتىپ ئىچكەن. بۇنىڭغا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى پاكىت قىلىش مۇمكىن:

ھەج قىلىشقا كەلگەندە پارسلارنىڭ ئەجدادى،
زەمزەم بۇلىقى بېشىدا چىققان «زەم - زەم» ئاۋازى.

ئىسلامىيەت بارلىققا كەلگەندە كېيىن، بەزى پارس شائىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەيتۇللاغا بولغان ئىززەت - ئىكرامىنى ھەمدە ئۇ يەرگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلغانلىقى بىلەن ئۇرغۇپ چىققان ئىپتىخارىنى ئىپادىلىگەن. شۇ خىلدىكى شائىرلارنىڭ بىرى مۇنداق شېئىر يازغان:

قەدەم ئالساق پىيادە بەيتۇللاغا ھەج قىلىپ،
قۇرغاق جىلغا كۆتىدۇ ئامانلىقنى جەم قىلىپ.

---

① زەم - زەم (زمزم) — بۇ سۆز ئەرەبچىدە «غۇرت - غۇرت»، «چولدۇك - چولدۇك»، «گۈلدۈر - گۈلدۈر» قاتارلىق ئاۋاز ئىملىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ساسان نەچچە قاتنىغان قەدىمكى يوللار بۇ،
ئازماس ھەتتا تۆگىمىز گەر يۇرسىمۇ ئايلىنىپ.
تاۋاپ قىلىپ بەيتۇللا ۋە ئىسمائىل قۇدۇقىن،
يۇرەكلەرنى ياشلايمىز زەمزەم سۇيىگە قېنىپ.

سابىئىلار پارس ۋە كەلدانىلار① نىڭ ئىچىدىكى يولتۇزغا چوقۇنىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار بەيتۇللانى ئالەمدىكى يەتتە بۈيۈك قەسىرنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلايتتى. يەھۇدىيلارمۇ بەيتۇللاغا چوقۇنغان، ئۇلار بۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بويىچە ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلغانىدى.

## §2. ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بەيتۇللا

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى جۇرھۇم قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى مەداد ئىبنى ئەمرۇنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن جەمئىي ئون ئىككى ئوغۇل تۇغقان. ئۇلار: نابىت، قەيدار، ئىدبىل، مۇبسىم، مۇشمەئ، دۇما، دەۋام، مەسا ھەدداد، سىسا، يەتۇر، نافىش.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇبارەك جىسمىنى مەسچىد ھەرەم ئىچىدىكى ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان بىر كىچىك ئەرەمخانا ئىچىگە ـ ئانىسى ھاجەرنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن،

① كەلدانى ــ جەنۇبىي مىسوفىدانىيە خەلقلىرىدىن بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يېڭى بابىلۇن دۆلىتىنى قۇرغان ــ ت.

بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ئوغلى نابىت باشقۇرىدۇ. كېيىن، جۇرھۇم قەبىلىسىدىكى بەزى ئاقساقاللار ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، بەيتۇللانى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئىبنى ھىشام ئۆزىنىڭ «پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابىدا، جۇرھۇملارنىڭ سانى كۈنسايىن ئېشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئوغلانلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «كېيىن، ئاللائائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئوغلانلىرىغا باياشاتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بولغان تاغىلىرى بەيتۇللانىڭ ۋەلىيلىرى (ئىش باشقۇرغۇچىلىرى) ۋە مەككە شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىدى. پۈتكۈل جۇرھۇم قەبىلىسىدىكىلەر ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرىغا تاغا تەرەپ تۇغقان بولغاچقا، ئىسمائىلنىڭ ئوغلانلىرى ئۇلار بىلەن ئېگىز-پەسلىك تالىشىشنى لايىق كۆرمەيدۇ. ھەر كىمنىڭ ھۆرلۈككە ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق مەككىدە توپىلاڭ ۋە يېغىلىق بولۇشتىن ساقلىنىدۇ. ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى مەككىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جاي-جايلىرىغا تارقىلىپ كېتىدۇ. ھەر نۆۋەت ئۇلار بىلەن باشقا قەبىلىلەر ئارىسىدا زىتلىشىش يۈز بەرگەندە، ئاللائائالا ھامان ئۇلارغا مەدەتكار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پاك دىنى قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپمۇ ئۇلارنىڭ دىنىغا كىرىدۇ.»

«جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بەيتۇللانىڭ تۇنجى مۇتەۋەللىسى بولغان ئادەم مەزكۇر قەبىلىنىڭ باشلىقى ھارىس ئىبنى مەداد شاھ ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مەككىنىڭ كارنىيى دېيىشكە بولىدىغان مۇھىم جاي قەيقۇئاندا تۇراتتى. ئۇ مەككىگە تىجارەت بىلەن

بارىدىغانلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن ئۈشرە ئالاتتى. شۇ زاماندا، ئەمەلىق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سۇمەيدە ئىبنى ھۇبىر تۆۋەنكى مەككىدە تۇراتتى. تىجارەت بىلەن مەككىگە كەلگەنلەر ئۇ تۇرۇشلۇق جايدىن ئۆتسە ئۇمۇ ئۈشرە ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى قەبىلە باشلىقى ئوتتۇرىسىدا نىزا - جاڭجال يۈز بېرىپ، بىر مەھەل يېغىلىقمۇ بولغان. كېيىن، خەلق ئاممىسىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىتىم تۈزۈلۈپ، بەيتۇللانى ئەمالىقلار باشقۇرىدىغان بولغان. كېيىن، جۇرھۇم قەبىلىسىدىكىلەر غەلىبىلىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، يېڭىباشتىن بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولغان ۋە بۇ ۋەزىيەت ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇقراق داۋاملاشقاندى. ئۇلارنىڭ كەنجى پادىشاھى كىچىك ھارىس ئىبنى مەداد بولغان. ئۇلار بەيتۇللانى كېڭەيتىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىنا قىلغىنى ئاساسىدا، ئۆيى قۇرۇلۇشىنى ئېگىزلەتكەنىدى.

«كېيىن، جۇرھۇملار زومىگەرلىشىپ، ھېچكىمنى ۋە ھېچنېمىنى نەزەر - گۇزىرىگە ئىلمايدىغان، بەيتۇللانى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىگە سەل قارايدىغان، بەيتۇللاغا تەئەللۇق مال - مۈلۈك ۋە ھەدىيە - ئىنئاملارنى خالىغانچە ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان، ھاجىلارنى خارلايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، ھەممە يەردە نارازىلىق كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپنى قارشىلىق ساداسى قاپلايدۇ. بەيتۇللا ئاللانىڭ مۇقەددەس ئۆيى بولغاچقا، ھەقلىق يوسۇندا ئاللانىڭ قوغدىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەيدىغان، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن جۇرھۇملار ئاللاتائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا بوران - چاپقۇن ۋە چېكەتكە ئاپىتى چۈشۈپ،

نۇرغۇنلىرى ھالاك بولدۇ.»

«ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلانلىرى يېڭىباشتىن جەم بولۇشىدۇ. ئۇلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، جۇرھۇملار ئۈستىدىن زەپەر قۇچۇپ، ئۇلارنى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، جۇرھۇملار ئۆزىنى جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ پاناھىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇ. بىر كۈنى كېچىدە، ئۇلار تۇرۇۋاتقان (ئەدەم) ناملىق جايغا كەلكۈن كېلىپ، ئۇلارنى يۆگەپلا ئېلىپ كېتىدۇ. جۇرھۇملارنىڭ ئەمرى كىچىك ھارىس ئىبنى مەداد ئۆزىنىڭ ۋە قەبىلىسىنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە مۇنداق شېئىر يازغان:

يوق بولدى دوست ھەجۇندىن سەفاغىچە شۇ كۈنلەر،
مەككە شەھرى ئىچىدە ھەم كەم ئۈلپەت - بۇرادەر.
ئەۋۋەلدە شەھەرنىڭ خوجايىنى بىز ئىدۇق،
ئاپەت چۈشۈپ بىر كېچە بەربات بولدۇق شۇ قەدەر.
تۇغقان ئىدۇق ئەسلىدە ئىسمائىللار بىلەن،
ئامال قانچە بالانى پەلەك بەردى، بوپتۇ - خەير.
بەيتۇللاغا بولغانتۇق ۋەلى كېيىن نابىتتىن،
تاۋاپ قىلىش، ھەج قىلىش قىلغان بىزنى مۆتىۋەر.
سەرسان بولدۇق مەككىدىن بۈگۈن مانا ئايرىلىپ،
چۆرىمىزدە ساپ دۈشمەن، ھۆۋلار تېخى بۆرىلەر.»

«كېيىن، بەيتۇللانىڭ ۋەلىيلىكى ئىياد ئىبنى نەزار ئىبنى مەئەدنىڭ ئوغلانلىرى قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇدەر① بىلەن ئىياد ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ۋە ئۇزاققا

① مۇدەر — شىمالىي ئەرەبلەرنىڭ ئەجدادى — ت.

www.uyghurkitap.com

سوزۇلغان ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە، مۇدەر ئومۇمیۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشىدۇ، ئىياد مەككىدىن ئايرىلىپ ئىراققا قېچىپ كېتىدۇ.»

## §3. خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بەيتۇللاغا ۋەلىيلىك قىلىشى

خۇزائە قەبىلىسى تىهامە①گە كېلىپ تۇرۇشىدا، نەزارنىڭ ئوغلى ئىياد بىلەن مۇدەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ. ئۇرۇشار - ئۇرۇشار، ئىياد ئۆزىنىڭ كۈچ جەھەتتە ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان، مەغلۇپ بولاي دەپ قالغان چېغىدا، بەيتۇللادىن ھەجەرۇلئەسۋەدنى قومۇرۇۋېلىپ بىر يەرگە كۆمۈپ قويىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىشنى خۇزائە قەبىلىسىلىك بىر ئايال كۆرۈپ قالىدۇ - دە، بۇ ئەھۋالنى ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرگە دەپ قويىدۇ. كېيىن، خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر مۇدەرنىڭ يېنىغا بېرىپ: «بىز ئىياد ھەجەرۇلئەسۋەدنى كۆمۈپ قويغان يەرنى بىلىمىز. ئەگەر سەن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەكچى بولىدىكەنسەن، ئالدى بىلەن بىزنىڭ بەيتۇللا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىڭ شەرت» دەيدۇ. مۇدەر ئۇلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ بەيتۇللا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى خۇزائىيلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

تارىخشۇناسلار خۇزائە قەبىلىسىدىن بولغان ئەمرۇ ئىبنى لۇھەيىنىڭ قانداق بولۇپ بۇتپەرەسلىكنى مەككىگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمرۇ نەسەبىدىكىلەر مەككىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولغان چاغدا، ئەمرۇ كېسەل داۋالىتىش

① تىهامە — غەربىي ھىجاز، مەككىنىڭ قەدىمكى ناملىرىدىن بىرى.

ئۇچۇن شامنىڭ بەلقائ دېگەن شەھرىگە بارغانىكەن. ئۇ شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇتقا تېۋىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— قارىسام، سىلەر بۇتقا تەزىم قىلىپ باش ئۇرۇپ يۈرىدىكەنسىلەر، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

— بىز تېۋىنىدىغان بۇ بۇتلار ناھايىتىمۇ كارامەتلىك. بىز ئۇلاردىن نېمە تىلىسەك، نېمە تەلەپ قىلساق، شۇنى قىلىپ بېرىدۇ. يامغۇر تىلىسەك، يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ يەرلىك خەلقلەر.

— ماڭا بىرنى بەرسەڭلار قانداق؟ مەن ئۇنى بەيتۇللا جايلاشقان ئەرەب زېمىنىغا ئالغاچ كېتىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ لۇھەيى. نەتىجىدە، ئۇلار لۇھەيىغا «ھۇبەل» ئىسىملىك بىر بۇتنى بېرىپتۇ. ئۇ مەزكۇر بۇتنى مەككىگە ئەكىلىپ، بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ئورنىتىپتۇ.

ئەمرۇ ئىبنى لۇھەيى خۇزائە قەبىلىسىلىك ئادەم بىلەن جۇرھۇم قەبىلىسىنىڭ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بولغان. يەنى خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بىر ئەمرى جۇرھۇم قەبىلىسىنىڭ بىر مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئەمرۇ شۇ مەلىكىدىن تۇغۇلغانىدى. ئۇ مەككىنىڭ پادىشاھى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى ناھايىتىمۇ كېڭىيىپ كېتىدۇ. پۈتكۈل جاھىلىيەت دەۋرىدە، قۇسەي ئىبنى كىلاب بىلەن ئابدۇلمۇتەللىبتىن قالسا، ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە كۈچى ئەڭ زور بولۇپ، نۇرغۇن ئەرەب قەبىلىلىرى ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغانىدى.

شۇ چاغلاردا، مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان بىر ئىلاھلىق دىن (دىنىي تەۋھىد) غا ئېتىقاد

قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇ . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز قەبىلىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقادى ، ئىمانى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەمرۇ يېڭىدىن بىر ئېتىقاد بەرپا قىلىپ ، ئۇنى ئەسلىدىكى قەدىمكى دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتمەكچى بولىدۇ . شۇ نىيەتتە ، ئۇ ھەمىشە سayاھەت ۋە زىيارەتكە چىقىپ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ ، شام ، ئىراق قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرگە بېرىپ ، ئۇ ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كۆپ ئىلاھلىق دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئاشۇ جايلاردىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە بىر خىل ماددىغا چوقۇنىدىغان ئۆرپ - ئادەتنى تىكلەش چارىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىرىنى كۈچەيتىشكە تۇتۇندۇ .

شۇنداق قىلىپ ئەمرۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان ھەق دىندىن ۋاز كېچىدۇ . ئۇ بەيتۇللانىڭ ئىچىگە تۈرلۈك بۇتلارنى تۇرغۇزىدۇ . «ھۇبەل» ئاتىلىق ئەڭ چوڭ بۇتنى بەيتۇللانىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىدۇ . ۋەھالەنكى ، بەزى ئەرەبلەر ، خۇسۇسەن جۇرھۇم ئەرەبلىرى بۇ ئىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ . ئۇلار ئۆز كاتتىبېشى يېڭىدىن تەرغىپ قىلغان بۇتپەرەسلىك ۋە ئۇنىڭغا چاپان يېپىدىغان بىدئەتچىلىك تەلىماتىنى قاتتىق سۆكىدۇ . دىنىي تەۋھىدنى قەتئىي ياقلايدىغان شۇنداق جۇرھۇملارنىڭ بىرى مۇنداق شېئىر يازغان :

ھەي ئەمرۇ ئىبنى لۇھيى ، ھەي ، ئەمرۇ ئىبنى لۇھيى ،
ئادالەتسىزلىك ، زۇلۇم قىلماق ھارام مەككىدە .
ئەڭ مۇقەددەس پاك شەھەر مەككە بولسا ئەسلىدىن ،
ئەنبىيالار ئىزىنى بۇلغىماققا ھەددىڭ نە ؟!

سوراي سەندىن جاھانغا پاتماي قالغان ئاد ① قېنى ؟
بۇزالامسەن ھەق يولنى بۈگۈن سەندەك بىر نېمە .
ئەمالىقلار سورىغان ئۆز ۋاقتىدا مەككىنى ،
ئەپسۇس ، ئۇنىڭ ئەۋلادى بۈگۈن تۇرار بوزەكتە .

ئەمرۇ ئىبنى لۇھيى ھەدەپ بەيتۇللا ئەتراپىغا بۇتلارنى تۇرغۇزۇپ ، ئەرەبلەرنى ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلاۋاتقان ، شۇ ئارقىلىق ھەق دىن دىنىي تەۋھىدكە تەھدىت سېلىۋاتقان چاغدا ، جۇرھۇم قەبىلىسىلىك شائىر شوھنە ئىبنى خەلەف جۇرھۇمى مۇنداق بىر شېئىر يازغان :

ھەي ئەمرۇ - يا ، ھەي ئەمرۇ ، سەن تۇرغۇزدۇڭ مەككىدە —
تۈرلۈك بۇتلار كۆپ ئىلاھ دىنىي يولىن يۈرگۈزۈپ .
تۇرغان ھەر خىل ئىلاھ — تاش بەيتۇللانىڭ ئالدىدا ،
نەگە بارسا بۇت - ھەيكەل كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ .
بەيتۇللا دېگەن ئەسلى بىر ئاللاغا خاس ئۆينى ،
قويدۇڭ بۈگۈن سەن ئۇنى بۇتخانىغا ئايلاندۇرۇپ .
ۋەھالەنكى ، ئاللانىڭ چەكلىك ھامان سەۋرىسى ،
تاللار جەزمەن باشقىنى سەنلەرنى تاشلاپ چۆرۈپ .

① ئاد — قەدىمكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ، ئاد ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولۇپ ، ئۇلار ئۇممان بىلەن ھەزرەمەۋت ئارىسىدا ياشايتتى ، ئۇلار تارىختا ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بەرپا قىلغان خەلق ئىدى . ئۇلار ئېگىز بىنالارنى ، كاتتا سارايلارنى سالغانىدى . قۇرئان كەرىمدە ئاد بىرقانچە جايدا تىلغا ئېلىنىدۇ . ئاد قەۋمى زېمىندا ھەقتىن باش تارتىپ ، بىزدىن كۈچلۈك كىم بار ، دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلدى ، ئاللاتائالا ئاد قەۋمىنى ئۇلارنىڭ كۇفرى ۋە زۇلمى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدى . (قۇرئان كەرىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، «ئەئراھلار» دىن 612 - بەت — ت .

www.uyghurkitap.com

بىراق، ئەمرۇ ئىبنى لۇھيى ئۆزىنىڭ يۇقىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، نارازىلىق سادالىرىنى بېسىپ كېتىدۇ. خۇزائە قەبىلىسى داۋاملىق رەۋىشتە بەيتۇللانىڭ ۋەلىيلىكىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇتپەرەسلىك بۇ يەردە بەش ئەسىرچە داۋاملىشىدۇ.

## § 4. كۆپ خۇدالىق ۋە بۇتپەرەسلىك ئاپىتى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى پۈتكۈل دىن تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچقانىدى. توغرا، ئۇنىڭ تەلىماتى دىنىي تەۋھىد ئىدىيىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئەمەس، ئەبەدىيلىك (باقىيلىق) ئىدىيىسىنىڭ ئىپتىداسىمۇ ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي تەلىماتىنىڭ مۇناسىپ دەۋەتكار سەردارى ئىدى. ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىماتى سىڭگەن. لېكىن پالچىلىق، نەزىر كەشلىك ۋە بۇتپەرەسلىك يامراپ كەتكەن زاماندا، بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنى ھېچكىممۇ ئاڭلاپ باققان ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەرغىباتى: بىز بىرلا ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىمىز، ئۇ ئىلاھ ھەممىدىن بۈيۈك تۇر. مەيلى زېمىندىكى پادىشاھ بولسۇن، مەيلى ئاسماندىكى سەييارىلەر بولسۇن بۇ بۈيۈك ئىلاھنىڭ ئالدىدا بابباراۋەر بولغان يارالمىشلاردۇر، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىسىدا تارقاتقان دىنىي ئېتىقاد ھەربىر تارماق ئەقىدىلىرىگىچە ئاپەتكە ئۇچرىدى. يەنى كىشىلەر بۇتقا چوقۇنۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، گۇناھنى يۇيۇش ۋە باقىي ئالەمنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە

ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئىش شۇ يوسۇندا باشلانغانىكەن، شۇ يولنى بويلاپ ماڭماقتىن باشقا چارە بولمىدى. ئەگەر ئۆز زامانىسىدا، ئاشۇنداق بىر باشلانما بولمىغان بولسا ئىدى، كېيىنكى چاغدا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىر ئايەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان دىنىي تەۋھىد بىلەن بەيتۇللا ئۇلۇغلىنىدىغان زامان ئۆتۈپ كېتىپ كۆپ خۇدالىق، نەرسىگە چوقۇنۇش، بۇتقا تېۋىنىش ئەۋج ئالغان دەۋر باشلاندى. بىر تارىخشۇناس مۇنداق دەپ يازغان: «كىشىلەر زور قورام تاشلارنى ئاسماندىن چۈشكەن، ئۇلار قايسىدۇر بىر يۇلتۇزدىن ئاجرىلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا، ھەدېگەندە كىشىلەر ئۇلارنى شەيقەتلىك ئىلاھىنىڭ ئوبرازى، دەپ مۇقەددەس بىلىدۇ. ئارقىدىن تاشنىڭ ئۆزىنىمۇ مۇقەددەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تاشقا چوقۇنۇش ئەدەپ كېتىدۇ. بۇ ھال ئەرەبلەرنى يالغۇز بەيتۇللادىكى ھەجەرۇلئەسۋەدكە چوقۇنۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىرتلارغا چىقىپ قالسا، بەيتۇللانىڭ تېشىدىن بىرەر پارچە قومۇرۇۋېلىپ، بارغانلا يېرىدە ئۇنى سىلاپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرىدىغان، نىمە قىلىش، نەگە بېرىش كېرەكلىكىنىمۇ ئاشۇ تاشتىن سورايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش بىلەن يۇلتۇزلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىگە بولغان چوقۇنۇشنى تاشقا چوقۇنۇشقا مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. شۇڭا بۇتپەرەسلىك ئەۋج ئېلىپ، بۇت دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ - دە، ئەرەبلەر بۇتلارغا نەزىر بېرىدىغان بولىدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاسماندىكى يۇلتۇز قاتارلىق تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارغا چوقۇنۇش ئاساسىدىكى كۆپ

www.uyghurkitap.com

خۇدالىق ۋە بۇتپەرەسلىك شاملى چىقىپ كېتىدۇ. ئەرەبلەر شۇ چاغدا ئىنسان ئۆز تۆرىدە ناھايىتى كۆپ ئىلاھىي نەرسە بىلەن ئۇچرىشىدۇ، دېگەن قاراشتا بولۇپ، ئۇلار ئىمكان قەدەر ئۆزلىرى ئىلاھ، دەپ قارىغان نەرسىلەر بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، تەلەيلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇلار شۇ ئىلاھىي نەرسىلەردىن تۈرلۈك شەكىللەرنى. مەسىلەن، ئۆي، تاش، دەرەخ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرىنى، بەزىلىرى ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرىنى ياسىۋېلىشاتتى. بەزىلىرى ھېچبىر نەرسىنىڭ شەكلىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئۇلار ھامان ئۇنى تەبىئەت كۈچىنىڭ نامايەندىسى، دەپ قاراپ چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىشاتتى. ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى چۆرىدەپ تاۋاپ قىلاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا تىجارەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇت تۇرغۇزۇلغان يەر مۇقەددەس ھەرەم بولۇپ، مۇنداق يەرلەردە بەزى بولمىغۇر ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا بولمايتتى.

تارىخشۇناس مەسئۇدى مەككىدە بۇتپەرەسلىكنىڭ پەيدا بولۇش ئالامەتلىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن، بەيتۇللانىڭ تۇنجى مۇتەۋەللىسى ئەمرۇ ئىبنى لۇھەيي بولغان. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىپ، ئەرەبلەرنى بۇتقا چوقۇنۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇ شامغا بارغاندا، شاملىقلار ئۇنىڭغا بىر دانە بۇت سوۋغا قىلغان. ئەمرۇ ئۇنى ئەكىلىپ بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرغان. خۇزائە قەبىلىسىنىڭ كۈچى زور بولغاچقا، ئەمرۇ ئىبنى لۇھەيينىڭ بۇ يامان قىلمىشى ئومۇملىشىپ كەتكەن.»

ئەرەبچىدە «ھەيكەل» (تىمسال) بىلەن «بۇت» (سەنەم) مەنىداش سۆز بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى تاش ياكى مىنېرال

مادىلاردىن ئويۇپ ياسالغان ھەر خىل شەكىلنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەرەبلەر ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئاتالمىش ئىلاھىي نەرسىنى «ھەيكەل» ياكى «بۇت» دەپ ئاتىغانلىرىدا، مەزكۇر ئىككى سۆزنىڭ مەنىلىرىنى ئېنىق بىلەتتى. بەزىلەر «ئەنساب» ① كىشىلەرنىڭ سىلاپ، سەجدە قىلىشى ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشنى كۆرسىتىدۇ دېسە؛ يەنە بەزىلەر «ئەنساب» سۆزى «سەنەم» (بۇت) سۆزى بىلەن مەنىداش دەيدۇ. ھالبۇكى، «ئەنساب» مەنە جەھەتتە مەيلى ئۇ تەبىئىي نەرسە بولسۇن، ياكى سۈنئىي نەرسە بولسۇن، ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇشى ئۈچۈن ياكى دىنىي مۇراسىم مۇناسىۋىتى بىلەن تىكلەنگەن ھەرقانداق بىر نەرسىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەرەبلەر شۇ زاماندا بۇتخانىدىكى غايەت زور بۇتلارغا سەجدە قىلاتتى ۋە ئۇلارغا نەزىر بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ بۇت ۋە باشقا مەبۇد نەرسىلەر (چوقۇنىدىغان نەرسىلەر) بولاتتى. ئۇلار ھەر نۆۋەت بىر يەرگە ماڭغانلىرىدا ياكى قايتىپ كەلگەنلىرىدە، ھامان ئاشۇ بۇتلىرىنى تاۋاپ قىلاتتى. كىمكى ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى مەبۇدىدىن سوراپ بىلمەكچى بولسا، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بارلىق بۇتلار، مەيلى بەيتۇللانىڭ ئىچىدىكى بۇت بولسۇن ياكى ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئورنىتىلغان بۇتلار بولسۇن، مەيلى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇتلار بولسۇن، ياكى ھەرقايسى

① ئەنساب — بۇ سۆز ئەرەبچىدە «تاش خاتىرە مۇنارە، ھەيكەل، بۇت» مەنىسىدىكى «نۇسىب» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى دەپ كۆرسىتىلىدۇ — ت.

www.uyghurkitap.com

قەبىلىلەردىكى بۇتلار بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا ئىنسان بىلەن ئەڭ بۈيۈك ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى ئىدى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى سىلاپ - سۆيۈپ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاتائالاغا چوقۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇتقا سەجدە قىلىشنىڭ ئۆزى ئاللاتائالاغا يېقىن تۇرغانلىق بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

شۇ چاغدىكى ئەرەبلەر مەبۇدلارنىڭ ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ رىسالىتى ۋە بىشارىتى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلسىمۇ، بۇتقا چوقۇنۇشنى ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان بىر خىل ئەنئەنىۋى دىن، شۇنداقلا ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەتلەرنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇلار بۇتپەرەسلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى دەيتتى. ئاللا تائالا مۇنداق دېگەن: «ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسى ۋە قوۋمىدىن: ‹سىلەر ئايرىلىشقا كۆز قىيمايۋاتقان بۇ ھەيكەللەر قانداق نەرسە؟› دەپ سورىغىنىدا، ئۇلار: ‹بىز ئەقلىمىزگە كەلسەك، بۇلارغا بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنىدىكەن›، دەپ جاۋاب بەرگەن. روشەنكى، سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار ھەقىقەتەنمۇ ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ قالغانسىلەر.»

ئەرەبلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئەسىرلەپ داۋاملاشتۇرغان ئادەتلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. پۈتكۈل جاھىلىيەت دەۋرىدە، ئۇلار بۇ خىل ئادەتلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ (شۇ خىل ئادەتلەرنىڭ) ماھىيىتىنى تونۇشقا ھەرىكەت قىلمىغانىدى.

## تۆتىنچى باب

# قۇرەيشلەر دەۋرىدىكى بەيتۇللا

### §1 . قۇرەيشلەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى

قۇرەيش قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى خۇزائە قەبىلىسىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەنىدى. قۇرەيش قەبىلىسى نەزىر ①ئىبنى كىنانەنىڭ ئەۋلادى. «قۇرەيش» سۆزىنىڭ مەنىسى «كىچىك گۇرۇھ، ئۇيۇشما، توپ» دېگەن بولىدۇ. قۇسەي ئىبنى كىلاب خۇزائە قەبىلىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققاندا، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بەيتۇللاغا توپلىشىپ بىر كىچىك گۇرۇھ ھاسىل قىلغاچقا، ئۇلار «قۇرەيش» نامى بىلەن ئاتالغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خۇزائە قەبىلىسى ئىناقلىقنى يوقىتىپ، قۇرەيشلەر ئۇيۇشقان، بىرلىككە كەلگەن بىر كۈچكە ئايلانغان.

تارىخشۇناسلارنىڭ مۇنۇ بىر نۇقتىدا كۆز قارىشى بىردەك. ئۇ بولسىمۇ، قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدە قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىسىملىك بىر ئادەم بولغان، ئۇ ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆتىنچى ئۇلۇغ بوۋىسى ئىدى. ئۇلار (قۇرەيشلەر) كىنانەنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، كىنانەنىڭ نەسەب-شەجەرىسى ئەدنان، ئۇنىڭدىن ئۆتسە ئىسمائىل (ئەلەيھىسسالام) غا

① نەزىر — بۇ ئىسىم ئەرەبچىدە «نضر» يېزىلغان بولۇپ، ئۆلچەملىك تىلدا «نەدىر» ئوقۇلىدۇ. بىراق، بىز بۇ يەردە بۇ چاغقىچە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردىكى شەكلى بويىچە ئالدۇق — ت.

www.uyghurkitap.com

بىرىپ تاقىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە يەنى: «ئاللاتائالا ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن كىنانەنى، كىنانەنىڭ ئەۋلادىدىن قۇرەيشلەرنى، قۇرەيشلەردىن يەنى ھاشىم (ھاشىم جەمەتىنى)، ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىغان، مەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سەرخىلىدۇرمەن» دەپ كۆرسەتكەن.

قۇسەي بۈيۈك ھىممەتلىك، قەيسەر مىجەزلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ خۇزائە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى خەلىل ئىبنى ھۇبشىيەنىڭ قىزى ھۇبباغا ئۆيلەنگەن. ئۇ بەيتۇللا ۋە مەككىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، مەككىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۆتىۋەرى بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «قۇسەينىڭ قارىشىچە، خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بەكرى جەمەتىدىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بەيتۇللا ۋە مەككىنى باشقۇرۇشقا ئۇنىڭ ئۆزى ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. چۈنكى، قۇرەيشلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام جەمەتىنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قۇسەي قۇرەيشلەر بىلەن كىنانە جەمەتىدىكى بەزى كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارنى خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن بەكرى جەمەتىنى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىگەن چاغدا، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى ئانا بىر، دادا باشقا قېرىندىشى رەزاھ ئىبنى رۇبەيئە ئىبنى ھەرامغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى ھەمكارلىشىشقا چاقىرىدۇ.

رەزاھ قېرىندىشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى باشلاپ، مەككىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇسەي بىلەن خۇزائىيلار (خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر) ئوتتۇرىسىدا

بىر مەيدان قانتىق جەڭ بولىدۇ. جەڭدىن كېيىن، بىر ئەرەب ئىككى تەرەپ ئۈچۈن خالىس ھۆكۈم قىلىپ قويىدىغان بولۇپ پۈتۈشىدۇ. ئۇ ئادەم: «مەككە ۋە مەدىنىدىكى بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا خۇزائىيلارغا قارىغاندا قۇسەي ئەڭ سالاھىيەتلىك» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇسەي ئۆز جەمەتىدىكىلەر بىلەن مەككە ئاھالىسىنى ئۆز ئىتائىتىگە ئېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلايدۇ. ھەج قىلىش، ھەج قىلغۇچىلارنى كۈتۈش ۋە ئۇلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يىغىن ـ مۇراسىم ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ھەربىي بايراقنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ، مەككىنىڭ ئەڭ يۇكسەك شان ـ شەرىپىدىن تەنھا بەھرىمەن بولىدۇ. يەرلەرنى قەۋملىرى ئارا سۇيۇرغال قىلىپ، قۇرەيش قەبىلىسىگە تارماقلىق ھەرقايسى قەۋملارنى مەككىدىن تېگىشلىك زېمىنغا ئىگە قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ مەككە ئۆزىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بەزى تارىخچىلار قۇسەي بەيتۇللاغا مۇتەۋەللى بولۇشتىن بۇرۇن، مەككىدە بەيتۇللادىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىمارەت يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇن خۇزائە ۋە جۇرھۇم قەبىلىسىدىكىلەر بەيتۇللانىڭ يېنىغا باشقا ئۆي سېلىشنى راۋا كۆرمىگەن. كېچىلىرى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھەرەمدە قونماي ھەرەمنىڭ سىرتىدىكى جايلاردا ياتاتتى. قۇسەي مەككىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، قۇرەيشلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا مەككىگە ئۆي سېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. قۇسەي ئۆزى ئالدى بىلەن بىر كېڭەشخانا سېلىپ، ئۇ يەردە قۇرەيشلەر بىلەن مەككىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا كېڭەش قىلىدۇ.» قۇرەيشلەر بەيتۇللا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مەككىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەھەتتە،

www.uyghurkitap.com

خۇزائە قەبىلىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەرگە مەككىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇنغا شۈكۈر قىلىشتىن باشقا ئامال قالمايدۇ.

پۇتكۇل ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، مۇتلەق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تونۇش جەھەتتە، ھېچقانداق بىر قەبىلە قۇرەيش قەبىلىسىگە يېتىشەلىگەن ئەمەس. ھەرقايسى قەبىلىلەردە ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە نوپۇسقا ئىگە بولغان «باشلىق»لاردىن بىر قانچىلا ئادەم بولۇپ، بۇ باشلىقلارنىڭ بۇرچى ۋە ھوقۇقى چەكسىز بولاتتى. بىراق، مەككىدە ئەھۋال ئوخشىمايتتى. مەككە ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى، جامائە ئىشلىرىنىڭ تەرتىپچانلىقى، بەيتۇللانىڭ مەۋجۇتلۇقى، شۇنىڭدەك مەككىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بىر ئاساسلىق مەسئۇلغا بولغان ئېھتىياج قاتارلىقلار «باشلىق ھوقۇقى» دېگەن سۆزنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلغانىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنمۇ ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئوتتۇرىسىدا بەيتۇللانى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاخىرىدا، قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ قولى ئارقىلىق بۇ خىل باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگىلەيدۇ.

قۇرەيشلەر بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرەم رايونى قىلىپ ئايرىيدۇ. بۇ يەرلەر ئەتىۋارلاشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا سازاۋەر بولىدۇ، بۇ جايلاردا قىر - چاپ قىلىش چەكلىنىدۇ. ئۇلار بۇ جايلارنىڭ قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ باشقا قەبىلىلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئامان قالىدۇ، بەيتۇللانىڭ مەۋجۇتلۇقى، شۇنىڭدەك مەككىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى تۈپەيلىدىن قۇرەيشلەرنىڭ باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ئابرويىمۇ ناھايىتى ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئۇلار

ھەر يىلى بەيتۇللاغا ھەج - زىيارەتكە ، مەككىگە تىجارەتكە كەلگەن باشقا قەبىلە كىشىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ ۋە ئۇنى كۈچەيتىدۇ . قۇرەيشلەر مەككىدە ياشىغانلىقى بىلەن شان - شەرەپ تاپىدۇ . مەككە بولسا ، بەيتۇللانىڭ شاراپىتى بىلەن نۇرلىنىدۇ .

## 2§ . بەيتۇللانىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۇتلار

بەيتۇللا مەككىلىكلەرنىڭ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان خاسىيەتلىك جاي ئىدى . بەيتۇللا بولمىغان بولسا ، ئۇلار بۇ قاقاس جىلغىدا تىرىكچىلىك قىلالمىغان بولاتتى . بەيتۇللادىكى بۇتلار ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ، ئۇلارنى مەككىگە كەلتۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈن قۇرەيشلەر تەبىئىي ھالدا بەيتۇللاغا تەئەللۇق بارلىق ئىشلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇلار بەيتۇللاغا ئىبادەتكە كەلگەنلەرگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن مەككىدە مەخسۇس سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىدۇ ، ئۇلارنى يېتەرلىك يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ . جۈملىدىن بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ھەرەم رايونى قىلىپ ئايرىپ ، بۇ يەردە جەڭگە - جېدەل ۋە قىر - چاپ قىلىشنى چەكلەيدۇ . ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلارنى كۈتۈش ھوقۇقىنى قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىبېشى ئۆزى تۇتىدۇ . قۇرەيشلەر بەيتۇللانىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ھەرقايسى قەبىلىلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنى ئورنىتىدۇ . ئەينى زاماندا ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا (ئۆزلىرىلا چوقۇنىدىغان) مەخسۇس بۇتلىرى بولۇپ ، ئۇلار مۇئەييەن پەسىلدە كېلىپ چوقۇنۇپ ، ئىبادەت قىلىپ ۋە نەزىر بېرىپ كېتىشەتتى .

«بۇتپەرەسلىك ئەڭ ئەۋجىگە چىققان زاماندا، بەيتۇللانىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۇتلارنىڭ سانى ئۈچ يۈزدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ بۇتلارنىڭ چوڭلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەم شەكىللىك بولسا، يەنە بەزىلىرى ھايۋان ياكى دەرەخ شەكىللىك ئىدى.»①

بەيتۇللانىڭ خادىملىرى بۇ بۇتلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىپ غايەت زور پايدىغا ئىگە بولدى. ئۇلار بۇتلارنى ئەينى زاماندىكى مىسىر، يۇنان، ھىندىستان ۋە بابىل قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئەۋج ئالغان بۇددىزىم تۈزۈملىرى بويىچە باشقۇراتتى. ئومۇمەن رەم سالدۇرۇپ خەيرلىك تىلەشكە، پال باقتۇرۇپ تەلەي سىناشقا كەلگەنلىكى ئادەم بەلگىلىك مىقداردا ھەق تۆلەيتتى. ۋاقىتلىق تۇرىدىغانلار بولسا، قونالغۇ ھەققى تۆلىگەندىن باشقا، يېمەكلىك، سۇ، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى سېتىۋالاتتى. مانا بۇلار مەككىنىڭ تىجارىتىنى ئالغا سۈردى. مەككىلىكلەر ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرنى ۋە سودىگەرلەرنى تېگىشلىك دەرىجىدە ھىمايە قىلدى ۋە ئامانلىقىنى قوغدىدى.

بەزى قەبىلىلەرنىڭ پەقەت ئۆزلىرىلا چوقۇنىدىغان بۇتلىرى بولۇپ، بۇ خىلدىكى بۇتلار قەبىلە ئىلاھى دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەد، سۇۋاڭ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر ئاتلىق بەش بۇتقا نۇھ ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى چوقۇنغانىدى. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقىنى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «نۇھ ئېيتتى: پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى. ئۇلار (كاتتىباشلار) (ماڭا

---

① جورجى زەيدان — «مەدەنىيەت تارىخى»، 1 - توم، 37 - بەت.

چىنىپۇتمىدى، ماگا ۋە ئەگەشكەنلەرگە ئەرزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى. ئۇلار: 〈 مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، 〉 دېدى. ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن»①

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇتلەق كۆپ سانلىق قەبىلىلەر ئورتاق ئىخلاس قىلىدىغان يەنە بەزى بۇتلارمۇ بار ئىدى. بۇ خىلدىكى ئاممىۋى بۇتلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى لات، ئۇززا ۋە مەنات بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان بار: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (ئاللاتائالادەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟). (ئى مۇشرىكلەر جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا ئاللاغا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر»②

ئاتالمىش لات تائىفتىكى بىر دانە چاسا تاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىمارەت سېلىنغانىدى. مەزكۇر چاسا تاشنىڭ ئەتراپى ھەرەم رايونى بولۇپ، ئەرەبلەر شۇ يەرگە بېرىپ قۇربانلىق قىلاتتى، نەزىر بېرەتتى. مەزكۇر تاشقا سەقىف قەبىلىسىنىڭ مۇغىيس جەمەتى ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئۆز ۋاقتىدا، سەقىفىيلەر (سەقىف قەبىلىسىدىكىلەر) ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى لات بۇتىنى قۇرەيشلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بەيتۇللا بىلەن تەڭلەشتۇرۇشكە ئۇرۇناتتى. ئۇززا دېگىنى مەككىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى نەخلە دېگەن جاينىڭ جىلغىسىدىكى بىر دەرەخ

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، سۈرە نۇھ، 21 -، 22 -، 23 -، 24 - ئايەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 574 - بەت.

② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1986 - يىل، سۈرە نەجم 18 -، 19 -، 20 -، 21 -، 22 - ئايەتلەر. 527 - بەت.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چوڭ بۇت ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا باراتتى؛ قۇربانلىق قىلىپ ئۇنىڭ ھەققىدە نەزىرلەر بېرەتتى. ئۇلار تېخى ئۇنىڭغا كۆكۈل تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ ئەڭ غايىۋى ھېسابلىنىدىغان بەيتۇللا ھەرىمى بىلەن ئوخشاش دىگۇدەك كۆرەتتى. ئەرەبلەر ۋە قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا تۇققۇز تەزىم بىلەن چوقۇنۇشتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۆز بالىلىرىغا ھەتتا «ئابدۇلئۇززا» (ئۇززانىڭ قۇلى) دەپ ئىسىم قويۇشاتتى. مانات دىگىنىگە كەلسەك، ئۇ بىر دانە قارا رەڭلىك تاش بولۇپ، ئورنى مەككىدىن يەسرىب①كە بارىدىغان يولدىكى قۇدەيد دىگەن جايدا ئىدى. ئۇ يەرگە ئۇنىڭغا ئاتاپ مەخسۇس بىر بۇتخانىمۇ ياسالغانىدى. ئەينى زاماندا، ئۇ ھايات ـ ماماتلىق ئىلاھە (ئايال ئىلاھ)، خۇسۇسەن ماماتلىق (ئۆلۈم) نى باشقۇرىدىغان ئىلاھەنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىناتتى.

قۇرەيشلەر چوقۇنىدىغان ئەڭ چوڭ بۇت «ھۇبەل» بولۇپ، ئۇ ھېقىقتىن ياسالغان ئادەم شەكىللىك بۇت ئىدى. ئۇنىڭ بىر بىلىكى سۇنۇپ كەتكەندە، قۇرەيشلەر ئالتۇندىن بىر بىلەك ياساپ قويغان.

قۇرەيشلەر چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ ئىچىدە يەنە «ئەساف» ۋە «نائىلە» ئىسىملىك بۇتلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىككى بۇتنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، بەيتۇللانىڭ ئىككى بۇلۇڭىغا قويغانىدى. ئەينى زاماندا، كىشىلەر تاۋاپ قىلسا، ھامان «ئەساف» نى تاۋاپنى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلاتتى. تاۋاپ جەريانىدا، تېخى ئۇنى سۆيەتتى.

ئەساف ۋە نائىلە بۇتلىرى ھەققىدە مەسئۇدى مۇنداق دەيدۇ:

---

① يەسرىب ــ مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇنقى نامى.

«جۇرھۇملارنىڭ ھەرەمدە قىلغان ئەسكىلىكلىرى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ھەتتا ئۇلاردىن بىر ئەر - ئايال بەيتۇللادا زىنا قىلىشقان. زىناخور ئەرنىڭ ئىسمى ئەساف، ئايالنىڭ ئىسمى نائىلە ئىدى. ئاللاتائالا (غەزەپ قىلىپ) ئۇلارنى دەسلەپ ئىككى پارچە تاشقا، كېيىن ئىككى دانە بۇتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. كىشىلەر ئۇلارغا چوقۇناتتى. بۇ ئارقىلىق (ئۇلارنى تاشقا ۋە بۇتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن) قۇدرەتلىك ئاللاتائالاغا يېقىنلىشىشنى كۆزلەيتتى. بىراق، يەنە بەزىلەر بولسا، ياق، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئەسلىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككىيلەنگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇ ئىككىيلەننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىككى پارچە ئويما تاش، خالاس، دەيدۇ.»

قۇرەيشلەر سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە بىر بۇت ئورناتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «شامال ھەمراھى» ئىكەن. ئۇلار مەرۋەر تېغىنىڭ ئۈستىگە بىر بۇت ئورنىتىپ، ئىسمىنى «قۇش باقار» دەپ ئاتىغان. ئۆز زامانىسىدە، ئەرەبلەر بەيتۇللاغا ھەج قىلىشقا كەلسىلا، شۇ بۇتلار ھەققىدە سوئال قويىدىكەن. قۇرەيشلەر ئۇلارغا: «بىز ئۇلارغا چوقۇنىمىز، چۈنكى ئۇلار بىزنى ئاللاتائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ» دەيدىكەن.

بۇتلار مەككىدە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى باشقا شەھەرلەردە ناھايىتى بەك يامراپ كېتىدۇ. شۇ چاغلاردا بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدا جەمئىي ئۈچ يۈز ئاتمىش بۇت بار ئىدى، دېگەن گەپ بار. ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەج پەسلىدە مەككىگە كېلىشىدىن پايدا كۆرگەن قۇرەيشلەر بەيتۇللانىڭ ئەتراپىغا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر بۇتلىرىنى ئورنىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ قەبىلىلەر مەككىگە كېلىپ ھەرەمنى ھەج قىلسىلا ئۆز قەبىلىسىنىڭ بۇتىنى كۆرەلەيدۇ - دە، ئۇلارغا كۆڭلىدىكى ئېھتىرام ۋە

www.uyghurkitap.com

سۆيۈنۈشنى بىلدۈرىدۇ.

ئەربلەر چوقۇنىدىغان بۇتلار شۇ (بەيتۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، تاغ ۋە جىلغىلاردىكى) زور بۇتلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مۇتلەق.كۆپ سانلىق كىشلەر ئۆيلىرىگىمۇ بۇت ياكى ئىلاھىي تاش قويىدۇ. سىرتقا چىقسا ياكى بىر يەردىن ئۆيگە قايتىپ كەلسە، ئالدى بىلەن شۇ بۇتلىرىغا باش ئۇرىدۇ. ئۇلار، بۇت بىز بىلەن ئاللاتائالا ئوتتۇرىسىدا شاپائەتچىلىك رولىنى ئوينايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

## § 3. ئەرەبلەرنىڭ بۇتپەرەسلىك پەلسەپىسى

ئەينى زاماندا، بەزى ئەرەبلەرنىڭ بۇتقا بولغان ئەقىدىسى ئاجىز، ئېتىقادى سۇس بولۇپ، ئۇلار بۇتنىڭ ئىنسانغا ئامەتمۇ، ئاپەتمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلاردا دىنىي ئېتىقادتىكى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىۋەتكۇدەك ئىقتىدارمۇ يوق ئىدى. شۇڭا قانچىلىغان ئەۋلادلار شۇ يوسۇندا ئۆتۈپ كەتتى. بۇتلار بولسا، بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدا شۇ پېتىچە تۇرىۋەردى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇتقا چوقۇنۇش ئەرەبلەر ئۈچۈن ھەممىگە ئايان بولغان ئادەتتىكى بىر ئىشقا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدىغان بىر ئەنئەنىۋى ئېتىقادقا ئايلىنىپ قالدى.

بەدۋى ئەرەبلەر روھىنىڭ رولىغا ئانچە ئېتىبار بەرمىدى ھەمدە ئۇنىڭغا تولىمۇ پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتتى. بۇتقا چوقۇنۇش ئىبادىتىنى ئۇلار پەقەت ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىنلا ئادا قىلاتتى.

باشقا ئەرەبلەرنىڭ قارىشىچە، بۇت ئۇلار بىلەن ئاللاتائالا

ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى، ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان شاپائەتچى ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە، نۇرغۇن ئەرەبلەر ئەگەر بىز ئاللاتائالاغا بىۋاستە دۇئا قىلساق، تىلىكىمىز ئىجابەت بولمايدۇ، شۇڭا بىز بىلەن ئاللاتائالا ئوتتۇرىسىدا بىزگە ۋەكالىتەن ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان، بىز ئۈچۈن ئاللادىن تىلەك تىلەيدىغان ۋاستىچىلار بولۇشى لازىم، دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبتىن، ۋاستىچى (بۇت) لاردىن شاپائەت تىلەش ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە ئايلىنىپ، ئۇنى ئىپادىلەش ئىبادەت فورمىلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل ئىدىيە تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇلارنى ۋاستىچى (بۇت) نىڭ ئۆزى ئامەتنى كەلتۈرۈپ، ئاپەتنى قوغلىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان.

ھازىرقى زامان ئەرەب تارىخشۇناسى مۇھەممەد دۇرۇزە شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنمۇ ئەرەبلەر، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىر قىسىم ئەرەبلەر ئاللاتائالانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنى پۈتكۈل كائىناتنى، يەر - زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى، ئالەمنى سەرەمجانلاشتۇرغۇچى، تەبىئەت كۈچلىرىنى كونترول قىلغۇچى، ھايات - ماماتنىڭ ئىگىسى، ئىنسانىيەتكە رىزق بەرگۈچى ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتكۈچى، دەپ قارايتتى. يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر ئەقىدە، ئەنئەنە، دىنىي ئادەت، ھالال، ھارام دېگەنلەر ئاللاتائالا بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق بولىدۇ. ئاللاتائالا بىزدىن رازى، بىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تىكلىگەن بۇتلىرىمىزدىن رازى، دەپ قارايتتى. قىسقىسى، ئۇلار ئاللاتائالانى ئېتىراپ قىلاتتى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ بۇت تىكلەيتتى،

شاپائەتچى تۇرغۇزاتتى ھەمدە ئۆزلىرى تىكلىۋالغان شۇ ۋاستىچى، شاپائەتچىلىرىنى ئاللاتائالا بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ چوقۇناتتى، دۇئا قىلاتتى، تەلپۈنەتتى.

بۇ خىل ئىدىيە ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى دىنىي قاراش بىلەن يېڭىدىن روناق تېپىۋاتقان دىنىي چۈشەنچە ئارىلىقىدىكى ئۆتكەلگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئەرەبلەر باشتا بۇتقا چوقۇنۇپ، ماددىغا، تەبىئەت كۈچىگە ئەقىدە باغلىدى؛ خۇپىيانە، قاباھەتلىك روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەندى. ئۇلار ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن بارلىق مۇقەررەرلىك ياكى مۇقەررەرلىككە ياتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ خاراكتېرىنى، خۇسۇسىيىتىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالىغان ئەمەس. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندىلا، ئۇلار ئاندىن ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھ چۈشەنچىسى ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى قۇرئان كەرىم نازىل بولغان چاغدىكى ئەڭ يۇكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كەردى. بۇ چاغدا ئۇلار ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ خوجىسى، تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ كونترول قىلغۇچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ پاناھى، خەير - ئېھسانلارنىڭ بۇلىقى بولغان ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىلاھ مەۋجۇت، دەپ قارايدىغان بولدى. بىراق، ئۇلارنىڭ قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر دىن ئىلاھقا بولغان تونۇشى يەنىلا يېتەرسىز بولغاچقا، شۇ ئىلاھ ئۈچۈن بەزى نامايەندىلەرنى، شاپائەتچىلەرنى، ۋاستىچىلەرنى، شېرىكلەرنى ئويلاپ چىقىرىپ، شۇلارغا چوقۇنۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

ئۇلار ئاللاتائالانى ئېتىراپ قىلاتتى، بىراق، ئۆزلىرىنىڭ

ئەينى ۋاقىتتا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان بۇتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى ئۇلار بۇتلار بىلەن نامايەندىلەرگە چوقۇنۇش، ئىبادەت قىلىش، دۇئا قىلىش بىلەن شۇغۇللانسا، ياۋۇز كۈچلەرنىڭ تەھلىكىسىگە دۇچ كەلگەندە ئۇلاردىن مەدەت تىلىسە، گويا ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تېخىمۇ زىچ ۋە تېخىمۇ كونكرېت بولغاندەك ھېسسىياتتا بولاتتى.

دەرۋەقە، بۇتپەرەسلىك يالغۇز جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردىلا بولغان ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى بۇتپەرەسلىك دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇتپەرەسلىك ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن دىنىي تەۋھىد ئېڭى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىپتىدائىي دەۋردىن بىرلا ئىلاھقا چوقۇنۇش دەۋرىگە كۆچكىچە بولغان ئارىلىقتا، گويا بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بىر ئۆتكۈنچى تەرەققىيات باسقۇچى بولغان. ۋەھالەنكى، بۇتپەرەسلىكنىڭ ئىپادىلىنىشى تەبىئىي مۇھىت ۋە زاماننىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى پەرقلىق بولۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن كۆپ سانلىق ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى پۈتكۈل جاھاندىن ئايرىپ تۇرىدىغان يالغۇز ئارالدا بۇتپەرەس بولۇپ ياشاۋاتقاندا، دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدا ياشايدىغان بەزى خەلقلەر بۇتپەرەسلىكتىن قول ئۈزۈپ، بىرلا ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا كۆچۈپ بولغانىدى.

### § 4. يەمەن پادىشاھىنىڭ بەيتۇللانى ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشى

يەمەن دۆلىتى ھۆل-يېغىن مىقدارى يېتەرلىك، يېرى ئۇنۇملۈك بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، ئەۋزەل تەبىئىي

www.uyghurkitap.com

مۇھەت بۇ زېمىندىكى كەڭ دائىرىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى روناق تاپقۇزغان، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئالغا سۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىدە نۇرغۇنلىغان گۈللەنگەن خاندانلىقلار مەيدانغا كېلىپ، «بەختىيار ئەرەب دۆلىتى» دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولدى، يەمەن دۆلىتى ئۆزىنىڭ جەنۇبىدىكى پەسىللىك تىجارەت رايونى بىلەن شىمالدىكى ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خەلقئارالىق سودا يولىنىڭ ئۈستىدە بولۇشتەك ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە پايدىلاندى.

مەككىلىكلەرمۇ ئۆز ۋەتىنىدىكى بەيتۇللادىن مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا پايدىلىنىپ ئۇنى مىڭلىغان ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەنزىلىگە ئايلاندۇردى. ئۇلار مەككىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان سودا بازارلىرىنى بەرپا قىلدى. شۇڭا، يەمەنلىكلەر ئۆزلىرىنى مەككىلىكلەرنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتى ۋە باشقا ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىدى. شۇ سەۋەبتىن، كېيىنكى يەمەن پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىلىكلەرنىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يا بەيتۇللانى ۋەيران قىلىپ تاشلاش لازىم، يا ئۇنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كېرەك، دەپ قارىدى. بىراق، بۇ خىل قاراملىقنى رەسمىي ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان چاغدا، ئۇلار دېلىغول بولۇپ، ئالدى - ئارقىسىنى ئويلاپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي توختاپ قېلىشتى. چۈنكى، بەيتۇللا ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۈكسەك ئىناۋەتكە ۋە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ، يەمەنلىكلەرنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە مالامەت كەلتۈرۈش، قەھرى غەزەپكە، ھەتتا قوراللىق قارشىلىققا ئۇچراش

بىلەن نەتىجىلىنىشى تەبىئىي ئىدى.

بەنى لەھىيانلاردىن بولغان ھۆزەيل جەمەتىدىكىلەر يەمەننىڭ بىر پادىشاھىغا سالامغا بارغان چېغىدا: «مەككىدە بىر ئۆي بار، پۈتكۈل ئەرەبلەر ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، ھەج قىلىدۇ ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ نەزىر بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قۇرەيشلەر باشقۇرىدۇ. قۇرەيشلەر بەيتۇللا ئاتلىق شۇ ئۆينى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا يۈكسەك شان ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولماقتا» دەپ، پادىشاھنى بەيتۇللانى ۋەيران قىلىۋېتىپ، يەمەندە شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ بىر ئۆي بىنا قىلدۇرۇشقا قۇترىتىدۇ.

— سەن ئۇنى چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە شۇ نۇسخىدا بىر ئۆي سالدىغانلا بولساڭ، — دېيدۇ ئۇلار، — خالايىقنىڭ ھەممىسى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەشەگە كېلىدىغان بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ ئۆي ئۆزىنىڭ يۈكسەك شۆھرىتى بىلەن قوشۇلۇپ ساڭىلا تەئەللۇق بولىدۇ. مانا بۇلارغا مۇشەررەپ بولۇشقا سەن ئۇلاردىن (قۇرەيشلەردىن) كۆپ سالاھىيەتلىكسەن!

شۇنىڭ بىلەن يەمەن پادىشاھى مەككىگە بېرىپ، بەيتۇللانى چېقىپ تاشلىماقچى بولىدۇ. بىراق، قەدىمكى بەيتۇللانىڭ مۇقەددەسلىكى ئۇنى ھېيىقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، يېرىم يولغا بارغاندا نىيىتىدىن يېنىپ قايتىپ كېلىدۇ. كېيىن ئۇ بەيتۇللانى چاقمايدۇلا ئەمەس، بەلكى بېرىپ ئۇنىڭغا يوپۇق يېپىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بېرىدۇ. تارىخشۇناسلار بۇ يەمەن پادىشاھىنىڭ بەيتۇللانى چىقىۋېتىش نىيىتىدىن يېنىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بۇ پادىشاھ بەيتۇللانى چېقىپ تاشلايمەن دەپ كېتىۋاتقىنىدا، تۇساتتىن دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ، قۇم - تاشلارنى ھاۋاغا سورۇپ، يەمەن قوشۇنىنىڭ چېدىرلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

هالىنى كۆرگەن پادىشاھ ‹ بۇ تەگرىنىڭ ماڭا قىلىدىغان غەزىپىدىن بىشارەت › دەپ چۈشىنىدۇ ـ دە، قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقىدۇ. ئاخىرىدا، ئۆزىنى بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ھۇزەيل جەمەتىدىكىلەرنى جازاغا مۇناسىپ دەپ قاراپ، ئۇلارنى قەتلى قىلىپ تاشلايدۇ.»

بۇ يەمەن پادىشاھى بەيتۇللاغا يوپۇق ياپقان تۇنجى ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۆمەرى بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇ (پادىشاھ) چۈشىدە ئۆزىنى بەيتۇللاغا يوپۇق ياپقان ھالدا كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشىدىكى كۆرمىشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، يەمەندە توقۇلغان يوللۇق رەختتىن بەيتۇللاغا يوپۇق تىكتۈرىدۇ. ئۇ بەيتۇللا ئۈچۈن يەنە ئىشىكمۇ ياسىتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئىراندا ئىشلەنگەن دەم بىلەن تاقايدىغان قىلىدۇ.

## بەشنچى باب

# بەيتۇللانىڭ قۇرەيشلەر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

### § 1 . قۇرەيشلەرنىڭ روناق تېپىشى

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىگە ئەكىلىپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەمەندىن كەلگەن جۇرھۇم قەبىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. جۇرھۇم قەبىلىسى ئىزچىل ھالدا مەككىنىڭ خوجايىنى ۋە بەيتۇللانىڭ مۇتەۋەللىسى بولىدۇ. بىراق، كېيىنگە كەلگەندە، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، چوڭچىلىق قىلىدىغان، ھاجىلارنى خارلاپ، بەيتۇللانىڭ مال - مۈلكىنى بېقىۋالىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. خۇزائە قەبىلىسى يەمەندىن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى قوغلىۋېتىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت باشقۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە، خۇزائە قەبىلىسى مەككىدە بەزى يامان ئادەتلەرنى، خۇسۇسەن بۇتپەرەسلىكنى پەيدا قىلىدۇ. كېيىن قۇرەيش قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار كۈچ توپلاپ، خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قولىدىن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قۇسەي ئىبنى كىلاب مەككىنىڭ سەردارى بولىدۇ.

كېيىن، قۇسەينىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇددار بىلەن

ئابدۇمانافتىن بولغان باللار ئوتتۇرىسىدا مەككىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چۆرىدىگەن ھالدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. بۇ توقۇنۇش ئاخىر بېرىپ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقى بىلەن ھەجگە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ھوقۇقىنى ئابدۇماناف جەمەتى تۇتىدىغان؛ بايراق، كېڭەشخانا ۋە بەيتۇللانى ئابدۇددار جەمەتى باشقۇرىدىغان بولۇپ پۈتۈشىدۇ.

ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى ھاشىم نىسبەتەن باي بولغاچ ھەج قىلغۇچىلارنى كۈتۈش ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ ھەر يىلى قۇرەيشلەردىن مەلۇم مىقداردا پۇل يىغىپ، ئۇنى ھەج قىلغۇچىلارغا يېمەكلىك ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىدۇ. ئۇ قىش پەسلىدە جەنۇبقا، ياز پەسلىدە شىمالغا تىجارەت سەپىرى قىلىش، يەنى بىر يىلدا ئىككى قېتىم سىرتقا چىقىپ سودىگەرلىك قىلىش ئىشىنىڭ ئاساسچىسى. ھاشىمدىن كېيىن، ھەج قىلغۇچىلارنى كۈتۈش ۋە ئۇلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى ئۇنىڭ ئىنىسى مۇتەللىب باشقۇرىدىغان بولىدۇ. كېيىن، بۇ ئىش ئۇنىڭ (مۇتەللىبنىڭ) قېرىندىشى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.

ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدە، ھاشىم جەمەتى بىلەن ئۇمەييە جەمەتى ئوتتۇرىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئىناقسىزلىق شۇ چاغدىن تارتىپ تاكى كېيىنچە بەرپا بولغان ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى ھاشىم بىلەن ھەرب ئىبنى ئۇمەييە باشتىن - ئاخىر زادىلا ئەپلىشەلمەيدۇ. ھەرب ئابدۇلمۇتەللىبكە تولىمۇ ھەسەت قىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى قاتتىق كۈچىيىپ كېتىپ، ئاخىر قۇرەيش قەبىلىسىنى پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇلار ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى دەتالاشنى ئەينى زامان ئەرەبلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە خالىس ھۆكۈم چىقىرىپ ھەل قىلىشنى توغرا تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ پۈتۈشۈپ نەۋفەل ئابدۇلئۇززانى خالىس ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. نەۋفەل ئابدۇلمۇتەللىپنى ھەقلىق، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ھەربنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەي ئەبۇ ئەمرۇ① (ئەمىرۇنىڭ دادىسى)، ئۇنىڭ (ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ) بويى سەندىن ئېگىز، ئۇنىڭ بېشى سېنىڭكىدىن يوغان، ئۇنىڭ قەددى - قامىتى، ھۆسنى سەندىن كېلىشكەن، ئۇ قوزغىغان نارازىلىق سېنىڭكىدىن ئاز، ئۇنىڭ باللىرى سېنىڭكىدىن جىق، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغىنى سېنىڭكىدىن كۆپ، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى سېنىڭكىدىن كۆپ، نەزەر دائىرىسى سېنىڭكىدىن كەڭ، ھالبۇكى، سەن مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن ئىناق ئۆتمەسلىككە نېمە ھەققىڭ بار؟»

ئەينى زامانىدىكى مەككە جەمئىيىتى جەمئىيەتشۇناسلار «باترىياركا» (ياكى ئەل - باترىياركا) دەپ ئاتايدىغان جەمئىيەتكە يەنى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە ياكى ئەرلەر ھاكىمىيىتى جەمئىيىتىگە كىرەتتى. ئۇ چاغلاردا، مەككىنىڭ ياكى قۇرەيشلەرنىڭ مەشھۇر بىر داھىيسى بولاتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بويسۇناتتى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرى مۇتلەق رەھبەرلىكىنىڭ نېمىلىكىنى قۇرەيشلەردەك بىلمەيتتى. ھەرقايسى قەبىلىدە بىرنەچچىدىن مۆتىۋەر بولۇپ، قەبىلە ئەزالىرى ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ

① ئەبۇئەمرۇ — ھەرب ئىبنى ئۇمەييەنى مۇنداق ئاتاشتىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ چوڭ بالىسىنىڭ ئىسمى ئەمرۇ. ئەرەبلەردە بىراۋنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىماي، مۇشۇنداق «پالانىنىڭ دادىسى» دەپ ئاتاش ئادىتى بار ـ ت.

مۆتىۋەرلەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇقى ئادەتتە جەمەتنىڭ ئاقساقىلى ياكى قەبىلىنىڭ ئاتامىنى ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئاتامانىنىڭ مەجبۇرىيىتى ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. بىراق، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، زادى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئۇرۇش پارتلىغان ھامان ئۇ باش قوماندان رولىنى ئوينايتتى. مانا بۇلار پەقەت كۆچمەنچى قەبىلىلەرگىلا خاس ئەھۋال. ئەمدى مەككىگە كەلسەك، ئەھۋال تازا ئوخشىمايدۇ. ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىش، كوللېكتىپ تەشكىللەنگەنلىك، بەيتۇللانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس بىر ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىغا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا مەككىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ھەرقايسى قەبىلىلەر، شۇنداقلا قەبىلە ئاتامانلىرى ئارا بەيتۇللانى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ كاتتىبېشى قۇسەي ئىبنى كىلاب، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئابدۇلمۇتەللىب ئارقىلىق بەيتۇللانى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگىلىدى.

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ زامانىدا، قۇرەيشلەر ھاكىمىيىتى بىر ئىپتىدائىي دۆلەت شەكلىگە كىرگەنىدى. شۇ دەۋردە قۇرەيشلەر ئۆز زامانىسىدىكى بەزى قەدىمكى دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شەرتنامىلەرنى تۈزگەن. چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قۇرەيشلەر بىلەن شۇ خىلدىكى شەرتنامىلەرنى تۈزۈشىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ قۇرەيشلەر ھاكىمىيىتىنى تەشكىلىي ئاپپارات، ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە سىياسىي ئورگان جەھەتتىن سالاھىيەتلىك بىر دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى، ئەلۋەتتە.

ھاشىم رۇم ئىمپېرىيىسى ۋە غەسسان ئەمىرى بىلەن دوستلۇق ۋە ئىناق قوشنىدارچىلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغان.

بۇنىڭ بىلەن رۇم ئىمپېراتورى قۇرەيش سودىگەرلىرىنىڭ رۇم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى ئامانلىقى ۋە بېرىش - كېلىشىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئابدۇشەمس ھەبەشىستان دۆلىتىنىڭ نەجاشىسى①(پادىشاھى) بىلەن سودا شەرتنامىسى تۈزگەن. نەۋفەل ۋە مۇتەللىبلەر بولسا، پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن سىياسىي شەرتنامە ئىمزالىغان ھەمدە يەمەندىكى ھىمىيەر دۆلىتى بىلەنمۇ سودا شەرتنامىسى ئىمزالىغان. شۇڭلاشقا، ئەرەبلەر ھاشىم، ئابدۇشەمس، نەۋفەل ۋە مۇتەللىبلەرگە باھا بەرگىنىدە: «ئاللاتائالا ئۇلار ئارقىلىق قۇرەيشلەرنى زورايتقان، روناق تاپقۇزغان. شۇڭا ئۇلار جاھاننى ئوگشىغۇچىلار، دېگەن ئاتاقتا سازاۋەر بولغان» دەپ قارايدۇ.

## § 2. قۇرەيشلەر ھاكىمىيىتى يولغا قويغان ۋەزىپىلەر

قۇرەيش قەبىلىسىدە جەمئىي ئون بەش خىل ۋەزىپە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ھوقۇقىنى قەبىلە تەركىبىدىكى ھەرقايسى جەمەتلەر ئارا ئەدلى ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىپ، ھەممەيلەننى ئورتاق رازى قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا دە تالاش ۋە توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغان.

بۇ ۋەزىپىلەر:

1. سۇدانە ياكى ھىجابە — بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش.

2. سەقايە — ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش.

---

① نەجاشى — قەدىمكى ھەبەشىستان دۆلىتى پادىشاھلىرىنىڭ ئورتاق لەقىمى — ت.

www.uyghurkitap.com

3 . رەفادە — ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلارنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش .

4 . رايە ① بايراقدارلىق . بىر ئادەم مەخسۇس بايراق كۆتۈرۈش ، جەڭدە تۇغ قاداش .

5 . قىيادە — ئۇرۇش ۋاقتىدا ياكى سودا - تىجارەتتە قوشۇن ياكى كارۋاننىڭ سەردارى بولۇش .

6 . ئىشناق — جەرىمانىنى باشقۇرۇش .

7 . قۇببە — مەخسۇس ھەربىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش .

8 . ئەئىنە — جەڭ ئاتلىرىنى باشقۇرۇش .

9 . نەدۋە ② مەسلىھەت يىغىنلىرىنى ئېچىش ۋە كېڭەشخانىنى باشقۇرۇش . قىرىق ياشتىن ئاشقان قۇرەيشلەر كاتتا ئەربابلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كېڭەشىشكە قاتنىشىش سالاھىيىتى بولىدۇ .

10 . مەشۇرە — مەسلىھەت كۆرسىتىش . بۇ ۋەزىپىنى بېجىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئادەمنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش سالاھىيىتى بولىدۇ .

11 . سەففارە — بۇرغا - كاناي چېلىش .

12 . ئەسيار — خەيرلىك ئۈچۈن سېلىنغان پال ۋە ئەزلام ( جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ تال ياغاچ ) نى باشقۇرۇش .

---

① رايە — بۇ ۋەزىپىنىڭ نامى مۇشۇ ئەسىرنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا « لىۋائ » دەپمۇ ئاتالغان .

② نەدۋە — بۇ ۋەزىپە نامى مۇشۇ ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرىدا « دارۇننەدۋە » دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

13 . هۆكـۈمـه ـــ كـىـشـىـلـەرنـىـڭ دەتالاشلىرىنى ئايرىپ ، هۆكۈم چىقىرىش .

14 . ئەهۋالـى مەهجىرە ـ هەرەم مۈلكىنى ، ئىلاهقا بېغىشلاپ نەزىر قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش .

15 . ئەمـارە ـــ بـەيـتـۇللانـىـڭ ئـىـچـدە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپلىشىش ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭنى چەكلەش .

يـۇقـىـرىـقـى ۋەزىـپـىـلەرنى بېجىرىش هوقۇقىنى ئىگىلىگەن مەنـسـەپـدارلار قـۇرەيـشـلـەر قـەبـىـلـىـسـىـگـە مەنسۇپ هەرقايسى جەمەتلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بولاتتى . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، قـۇرەيـشـلـەر هاكـىـمـىـيـىـتـى ئەمـەلـىـيـەتتە ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر پـەرزەنـتـلىرى تۈرلۈك دائىرىلەر بويىچە هوقۇق تۇتقان كىچىك بىر جۇمهۇرىيەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى . قۇرەيشلەر باشقا ئەرەبلەرنىمۇ بـەيـتـۇللاغا كېلىپ هەج قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى . بۇ يەردە ئۇلار ئـىـمـكـانـىـيـەتـنـىـڭ بـارىـچـە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ، هەقـقـانـىـيەتنى قوۋۋەتلەپ ، ئادالەتنى گەۋدىلەندۈرەتتى . شۇنداقلا هەج - تاۋاپ قىلغۇچىلارنى سۇ ۋە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەيتتى .

سـەقـايـە ( سـۇ بىلەن تەمىنلەش ) بىلەن رەفادە يېمەكلىك بـىـلـەن تەمىنلەش ) ۋەزىپىلىرى يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇهـىـمـلـىـرى هېسابلىناتتى . سەقايە دېگىنىمىز ، هەج - تاۋاپ قـىـلـغـۇچـىـلارنـى زەمـزەم بـۇلـىـقـىـنـىـڭ سۈيى بىلەن تەمىنلەشنى كـۆرسـىـتـىـدۇ . ئابدۇلمۇتەللىب بۇ ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ هەج قـىـلـغـۇچـىـلارنـى سـۇ بـىـلـەن تەمىنلىگەندە ، زەمزەم سۈيىگە هەسەل قوشۇپ ، خورما سېلىپ بەرگەن . رەفادە دېگىنىمىز ، هەج - تـاۋاپ قـىـلـغـۇچـىـلارنـى تـامـاق ۋە باشقا يېمەكلىك بىلەن تەمىن ئېتىـشـنـى كـۆرسـىـتـىـدۇ . ئەينى زاماندا ، بۇ ئىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش بـېـجـىـرەلـىـگـەنـلـىـكـىـنىڭ ئۆزى قۇرەيشلەرنىڭ ئىشتىكى ئۆزئارا

ھەمكارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب مانا جەمەتكە مەنسۇپ بولغاچقا، سەقايە ۋە رەفادەلىكتىن ئىبارەت ئىككى ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان. ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا، ئابدۇددار جەمەتىنىڭ ئەزالىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، بايراقدارلىق، كېڭەشخانىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق - ۋەزىپە تالىشىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، خالىس ھۆكۈم قىلىپ قويغۇچى ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ قويغان. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

گەرچە كېڭەشخانىنى باشقۇرۇش رەسمىيەت جەھەتتە ئابدۇددار جەمەتىگە تەۋە بولسىمۇ، ئابدۇلمۇتەللىب قۇرەيشلەرنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل مەككىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن كېڭەشخانىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مەنىۋى داھىيسى ئىدى. كېڭەشخانا يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى مەككىنىڭ ھۆكۈمەت مەھكىمىسى ئىدى. ئۇ بەيتۇللانىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى قۇسەي ئىبنى كىلاب مىلادى 440 - يىلى بىنا قىلغانىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب باشچىلىقىدىكى قۇرەيش ئەربابلىرى شۇ قەبىلىگە دائىر نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى مۇشۇ كېڭەشخانىدا يىغىن ئېچىپ مۇھاكىمە قىلغان. ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر يىغىن ئەبرەھە قوماندانلىقىدىكى ھەبەش قوشۇنلىرى مەككىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بەيتۇللانى چېقىپ تاشلىماقچى بولغان چاغدا ئېچىلغان قۇرەيشلەر كېڭەش يىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كېڭەشخانا ئەينى ۋاقىتتا يەنە قۇرەيش سودا كارۋانلىرىنى تىجارەت سەپىرىگە ئۇزىتىدىغان ۋە قايتقاندا كۈتۈۋالىدىغان جاي ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بولسا مەشەدە خەتنە تويىنى ئۆتكۈزەتتى. قىزلىرى چوڭ بولسا، مەشەدە يۈزىنى يېپىش

مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. يەنى قىزچاق ئاتا - ئانىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن مۇشۇ كېڭەشخانىغا كېلەتتى. كېڭەشخانا رىياسەتچىسى قائىدە بويىچە قىزچاقنىڭ كۆينىكىدىن بىر دانە تۇشۇك ئېچىپ قوياتتى، شۇندىن باشلاپ بۇ قىزچاق يۈزىنى ياپىدىغان بولاتتى. ئەينى زاماندا، توي - تۆكۈن پۈتۈن قەبىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ھېسابلىناتتى. شۇڭا قۇرەيشلەر قىز چىقىرىش ئالدىدا بۇ كېڭەشخانىغا كېلىپ، قۇدىلارنىڭ بىر - بىرىگە لايىق ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە كېڭەش قىلاتتى. بۇ كېڭەشخانا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەسرىب (مەدىنە) گە ھىجرەت قىلىپ ماڭىدىغان كۈنى كېچىسى، بۇتپەرەسلەر يىغىلىش قىلىپ، ئۇنىڭغا (رەسۇلۇللاغا) زىيانكەشلىك قىلىش سۇيىقەستىنى پىلانلىغان جاي ئىدى.

## § 3. قۇرەيشلەر ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ سەردارى ئىدى

قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى يولغا قويغان ئاقىلانە سىياسەتلەر قۇرەيشلەرنى مەككە، ھىجاز، جۈملىدىن پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، ھەتتا قەدىمكى دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلاردا يۈكسەك ئىناۋەتكە ئىگە قىلغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەينى زاماندا، ھاشىملار بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ شەرتنامە ئىمزالىغانلىقى ئەمەلىيەتتە قۇرەيشلەرنىڭ بىر دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ئىدى. گەرچە قۇرەيشلەر ھاكىمىيىتى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن پەرقلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەككە ۋە ھىجازنىڭ كونكرېت شەرت - شارائىتىغا ماس كېلىدىغان بىر دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب زامانىدا، ھەبەشلەرنىڭ مەككىگە قىلغان تاجاۋۇزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى قۇرەيشلەرنى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم

www.uyghurkitap.com

ئارىلىدىكى ئىناۋىتىنى ناھايىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئەرەبلەر شۇنىدىن باشلاپ قۇرەيشلەر ئىلاھىنىڭ ئىنايىتىگە ئىگە، شۇڭا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئىلاھنىڭ غەزىپى ۋە چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ، دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ.

تارىخشۇناسلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر جەمئىيىتىگە باھا بېرىشتە، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى بىرلىكى بىلەن ئۆز ئالدىغا يېگانىلىقىنىلا تەكىتلەيدىغان بىر خىل كۆز قاراش بىلەن شەرھلەشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان مەزھەپلەر گۇرۇھىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قاراپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مىللەتكە ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر جەمئىيىتى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئۆلۈك، قاتمال ھالدىكى، ئۇنداق پارچە - پۇرات ۋە چېچىلاڭغۇ ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى قەبىلىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنداق بىر - بىرىدىن چورتلا ئايرىلغان ۋە ئۆزئارا ياتلىشىپ كەتكەن ھالدا ياشىمايتتى. ئەكسىچە، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا بىر خىل جۇشقۇن پائالىيەت مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەت ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىر - بىرىگە كۈنسايىن يېقىنلاشتۇرغان؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قانداشلىق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، يەنە بەزىلىرىنى بولسا، ئىتتىپاق تۈزۈش يولى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا مانا مۇشۇنداق بىر خىل ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەرىكەت مەۋجۇت ئىدى. ①

قۇرەيشلەر قۇرغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئۆز زامانىسىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن شۇ خىلدىكى

---

① شۈكرى فەيسال: «ئىسلام جەمئىيەتلىرى»، 18 - بەت.

ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار بەيتۇللانى چۆرىدىگەن ھالدا مۇئەييەن يەر ئاجرىتىپ، ئۇ يەرنى مۇقەددەس ھەرەم رايونى قىلغان ۋە ئۇ يەردە جەڭ، قىر - چاپ قىلىشنى مەنئى قىلغانىدى. بەيتۇللانىڭ مەۋجۇتلۇقى مەككىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلغان، قۇرەيشلەرمۇ شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

جاھىز قۇرەيشلەرنىڭ باشقا ئەرەب قەبىلىسىدىكىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرمۇ بىر ساناپ كۆرسىتىپ: قۇرەيشلەر مەردانە، ساخاۋەتلىك، ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىك، ئىدىيىدە كامالەتكە يەتكەن، ئىشتا تەدبىرلىك، چىقىشقاق كېلىدۇ، دېگەن. جاھىز يەنە قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشى بىلەن ئەينى زاماندىكى رېئاللىقنى قانداق بىرلەشتۈرگەنلىكىنىمۇ بايان قىلغان.

قۇرەيشلەر قەبىلىسى بىر سودىگەر قەبىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن مەككىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، سودا كارۋانلىرىنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى جەزمەن ياخشى يولغا قويۇشتا تېگىشلىك سىياسەت يۈكسەكلىكىدە تونۇغان ۋە ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى يولغا قويغان. مەككىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بۇ خىل سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ناھايىتى زور ياردەم قىلغان. چۈنكى، مەككە سودا يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، سودا كارۋانلىرى زەمزەم بۇلىقىنىڭ سۈيىگە ھاجەتمەن ئىدى. قۇرەيشلەر بولسا، پۈتكۈل ئەرەبلەر ئۇلۇغلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا يۈكسەك ئىھتىرام تۇيغۇسى بىلەن قارايدىغان بەيتۇللانىڭ ئەھلى ۋە باشقۇرغۇچىسى ئىدى.

زەمەخشەرى ئۆزىنىڭ «سىرلارنى ئېچىش» ناملىق كىتابىدا

مۇنداق دېگەن : « قۇرەيشلەر يىلىغا ئىككى قېتىم تىجارەت سەپىرى قىلاتتى . قىش پەسلىدە يەمەنگە ، ياز پەسلىدە شامغا باراتتى . ئۇلار ئالللاتائالا ھەرەمنىڭ ئەھلى ، بەيتۇللانىڭ مۆتىۋەللىسى بولغاچقا ، ھامان سەپىرى ئاق يوللۇق بولاتتى . كۈتۈلمىگەن خېيىم - خەتەرگە يولۇقمايتتى . باشقىلاردا بولسا ، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس بولۇپ ، سەپەر ئۈستىدە يا ئۇلار باشقىلارنى بۇلايتتى ، يا ئۆزلىرى باشقىلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا دۇچار بولاتتى . ئالللاتائالا مۇنداق دېگەن : 〈 بىز ئۇلار ئۈچۈن بىر تىنچ - ئامان ھەرەم ( جاي ) بىنا قىلىپ بەرمىدۇقمۇ ؟ ئۇ يەردە بولۇۋاتقان مېۋىلەر ۋە بارلىق نەرسىلەر بىز بەرگەن رىزقلاردۇر . ئەمما ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇنى بىلمىدى 〉 ».

قۇرەيشلەر بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدىكى زېمىننى دەخلى تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس يەر ، ئۇرۇش قىلىشقا ، قىر - چاپ قىلىشقا بولمايدىغان ھەرەم ، دەپ ئەتىۋارلايتتى . شۇڭلاشقا ، ئۇلار تەبىئىي ھالدا ھەرەم رايونىنىڭ قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى . بۇنىڭ شارايىتى بىلەن ئۇلار خېيىم - خەتەرسىز ، تىنچ ، خاتىرجەم ياشايتتى ، باشقا قەبىلىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمايتتى ، ئۇلارنىڭ يېقىن ئۆپچۆرىسىدە يېغىلىقمۇ بولمايتتى . قۇرەيشلەر مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق بولغانلىقلىرى بىلەن شان - شەرەپ تېپىپ پۈكسەك ئابرويغا مۇيەسسەر بولغانىدى ؛ مەككە بولسا ، بەيتۇللا ئورۇنلاشقان جاي بولغانلىقى بىلەن نۇرغا چۆمۈلگەنىدى .

## § 4 . بەيتۇللانىڭ قۇرەيشلەر تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف ئۆز ۋاقتىدا ، قىشتا يەمەنگە ، يازدا

شامغا تىجارەت سەپىرى قىلىشنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ خىل تىجارەت سەپىرىنىڭ مۇھىملىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ، مەككىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىغا كەلگەندە ئاندىن ھەقىقىي نامايان بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدە، قۇرەيشلەرنىڭ سودا - تىجارىتى قالتىس يۈرۈشتى. ھاشىم ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرىنىڭ پارسلار، رۇملۇقلار، ھەبەشلەر، غەسسانىيلار، يەمەنلىكلەر ۋە ھىمىيەرلىكلەر بىلەن ئىمزالىغان تىجارەت شەرتنامىلىرىنى ۋە ئىناق قوشنىدارچىلىق كېلىشىملىرى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى قۇرەيشلەر ئەمدىلىكتە كۆرۈشكە باشلىدى. قۇرەيشلەرنىڭ تىجارىتى ھەرقايسى جايلارغا تۇتىشىدىغان يوللارنى ئاچقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سودىگەرچىلىك قىلسا، بەزىلىرى سودا دەللاللىقى بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ يەنە بەزىلىرى بولسا، مال توشۇش ئىشىنى (سودا نەقلىيىسى) قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بايلىقى ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشقان بولۇپ، مانا بۇ بايلىق قۇرەيشلەرگە مەدەنىي تەرەققىيات، مەككىگە خاتىرجەملىك ۋە باياشاتچىلىق ئېلىپ كەلگەنىدى.

قۇرئان كەرىمدە قۇرەيشلەرنىڭ تىجارەت سەپىرى «قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن» ① دەپ كۆرسىتىلدۇ. بۇ يەردىكى «قوغدالغانلىق» ھاشىمنىڭ ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۈچۈن ئۆز زىممىسىگە ئالغان پايدا - مەنپەئەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى تىجارەتكە ماڭىدىغان چاغدا، ھاشىم ئۇلارغا ئاز - تولا مال ۋە

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 609 - بەت، سۈرە قۇرەيش، 1 -، 2 - ئايەت.

بىرنەچچە تۈگە بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا تىجارەت سەپىرىگە كېتەرلىك ئوزۇقلۇققا ئېرىشەتتى - دە، ئۇنى يولدا ئىشلىتەتتى. قۇرەيشلەرمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىشنىڭ پايدىسىنى كۆرەتتى. يەنى ئۇيدە ئولتۇرغانمۇ، سەپەرگە چىققانمۇ ئوخشاشلا مەنپەئەتدار بولاتتى.

ھاشىم ئۆز ۋاقتىدا ھەمىشە شامغا بېرىپ تىجارەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇنى كېيىنكى ۋاقىتتا كىشىلەر شامنىڭ «غەززە» دېگەن يېرىنىڭ نامىنى قوشۇپ «ھاشىم غەززى» دەپ ئاتايدىغان بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئۇنىڭ تىجارەتچىلىكىنى ئۆرنەك قىلغان. بىراق ھاشىم ئۆز زامانىسىدە شامغا بېرىپ تىجارەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ئابدۇشەمسى ھەبەشىستانغا، مۇتەللىب يەمەنگە نەۋفەل ئىرانغا بېرىپ تىجارەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار بىر- بىرىگە قوشنىدار چىلىق قىلىشقا ئامراق ئىدى. قۇرەيشلەر ئۇلارنىڭ ئاشلىق ئامبىرىسالىق ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ئۇلارغا «ئامبار پاسىبانلىرى»دەپ لەقەم قويۇلغانىدى.

قۇرەيشلەرنىڭ تىجارىتى بىرقانچە مۆتىۋەرلەردىن بۇرۇن پەقەت مەككە بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئۇ چاغدا باشقا جايلارنىڭ سودىگەرلىرى تۈرلۈك تاۋارلارنى مەككىگە ئېلىپ كېلەتتى، قۇرەيشلەر بولسا، ئۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالاتتى، ئاندىن ئۇ ماللارنى ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە سېتىپ تۈگىتەتتى ياكى ئەتراپتىكى ئەرەبلەرگە سېتىپ بېرەتتى.

قۇرەيشلەر ئىچىدىن چىققان تۆت چوڭ ئەربابنىڭ پائالىيىتى ئۆز قەبىلىسىنىڭ بايلىقىنىڭ ئېشىشىغا ۋە تىجارەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە سەۋەب بولدى. ئۆز جەمەتىدىكىلەر ئۇلارنى «خەزىنە پاسىبانلىرى» دەپ ئاتىسا، باشقا ئەرەبلەر ئۇلارنى «ئالتۇن تاپقاقلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار ئىسلزادە ۋە مەردانە بولغاچقا،

ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسى ئۈچۈن شەرقىي رۇم، ھەبەشىستان، مىسىر، ئىران قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىدىغان سودا يولىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. قۇرەيشلەر ئىچىدە باشقا قەبىلىلەرگە تايىنىپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ ياشايدىغان بولاكچىلىق ئالىپۇرۇنلا تۈگىنىلگەنىدى. ئۇلار تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي سودىگەرچىلىككە تايىناتتى. ھالبۇكى، تىجارەت ئۇلارنى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى قەبىلە خەلقلىرى بىلەن ئارىلاشتۇردى ۋە يېقىنلاشتۇردى.

ئەرەب يېرىم ئارىلى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا بىر سودا يولى بولۇپ، ئەرەبلەر بەزىدە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئارالدىن چىقىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى، خۇسۇسەن يەمەننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرىنى شام، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. چۈنكى بۇ دۆلەتلەردىكى ئىبادەتخانىلار يەمەننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرىغا ھاجەتمەن ئىدى. بەزىدە بولسا، ئەرەبلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى يەنە باشقا دۆلەتكە يۆتكەپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا دېڭىز سەپىرى ناھايىتى خەتەرلىك بولغاچقا، ماللارنى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. ئەينى زاماندا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھىندى ئوكيان بىلەن شامنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىككى يول بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ھەزرىمەۋتتىن ئۆتۈپ بەھرەيىن ئارقىلىق شىمالغا ماڭىدىغان يول؛ يەنە بىرى قىزىل دېڭىزنى ياقىلاپ ئۇدۇل شىمالغا كېتىدىغان يول ئىدى. مەككە مۇشۇ سودا يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى.

تىجارەت ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسىنى مەنپەئەتدار قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سودا يولى ئۈستىدىكى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئۆزلىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ يەنە بەزىلىرى، سودىگەرلەرگە تۆگىچى، قوغدىغۇچى ياكى

يولباشلىغۇچى بولاتتى. گەرچە ئەرەبلەر بۇلاڭچىلىققا ئامراق بولسىمۇ، ئەمما ئەسلى تەبىئىتىدىن ھالال ياشاشنى ئەۋزەل كۆرۈش، شان - شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇپ ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتەك پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. مانا بۇ خىل پەزىلەتلەر ئۇلارنى تىجارەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى.

تىجارەتچىلىكتە دەسلەپ يەمەنلىكلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇر - دى. ئىراق، مەغرەب تەۋەسىدىكى غۇلاپ چۈشۈپ، يەمەن مەدەنىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىن، يەنى مىلادى 6 - ئەسىردىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھىجاز ئەرەبلىرى، خۇسۇسەن قۇرەيشلەر ئىگىلىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدا، ھەبەشىستان يەمەن دىيارىدىكى ھىميەر دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھەبەشلەرنىڭ يەمەنگە بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلاندى. قۇرەيشلەر يەمەن دۆلىتىدىكى يىمىرىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سودا - تىجارەت سەھنىسىدە يەمەنلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

قۇرەيشلەر يەمەنلىكلەر بىلەن ھەبەشىستانلىقلاردىن تاۋار ئىمپورت قىلىپ، ئۇنى پارس بازارلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئالدى. ئۇ چاغلاردا، پارسلارنىڭ سودىسى ھىرە ① خەلىپىلىكىدىكى ئەرەبلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ھىجاز ئەرەبلەر مەككىنى ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەت بازىرىغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، بۇ تىجارەت يولىنىمۇ ئۆزلىرى كونترول قىلىدىغان بولغانىدى. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش

---

① ھىرەى — ئىراقتىكى فۇرات دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قەدىمكى شەھەر.



www.uyghurkitap.com

ھارىپىسىدىكى ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدە، پارسلار بىلەن رۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك كۈچىيىپ ئەۋجىگە چىقتى، مۇشۇ چاغلاردا، مەككىلىكلەرنىڭ سودىسى ناھايىتى بەك راۋاجلاندى. شۇ زاماندا، رۇملۇقلار زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلىشتا، خۇسۇسەن يىپەك ماللار ئىمپورتىدا مەككە سودىسىغا تايىناتتى. ①

تارىخشۇناس ئوۋلەيرى ئۆزىنىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى ئەرەب يېرىم ئارىلى» دېگەن كىتابىدا، رۇملۇقلارنىڭ مەككىدە بەزى سودا دۇكانلىرىنى ئاچقانلىقى ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئۇ چاغدا، ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىرى ئادەتتىكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، يەنە بىرى ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاشتەك ئىككى ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەينى زاماندا، مەككىدە ئازراق ھەبەشلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ سودا پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

تۆگە چۆلنىڭ كېمىسى؛ سودا كارۋىنى بولسا، تۇملۇق فلوتى. شۇڭا بىز قۇرەيشلەر قەبىلىسىنىڭ سودا كارۋانلىرىغا تۆگىچى بولغان بەدەۋىلەرنى چۆل دېڭىزىنىڭ ماتروسى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز. ئۇلار تۆگە يېتىلەپ، مال ھەيدەپ، سودا كارۋانلىرىغا يول باشلاپ چۆلدە كېزىپ يۈرەتتى. كلاسسىك ئەسەرلەر بىزگە ھىجاز، جەنۇبىي ئەرەبىستان، ھىندىستان، ھەبەشىستان ۋە يەمەن قاتارلىق رايونلاردىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا، شۇنداقلا شام دۆلىتى بىلەن سودا ئالاقىسى ئورنىتىشىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات بېرىدۇ.

قۇرەيشلەر ئاجايىپ باي بولۇپ كەتتى. ئۇلار ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار يەنە سەرراپچىلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل پۇل مۇئامىلە كەسپىمۇ ئەسس

---

① ئەخمەت ئەمىن: «ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا» 13 - بەت.

قىلدى. ئۇلار تۆگە، قوي، كالا، گەزمال، مېتال، تېرە، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، زىننەت بۇيۇملىرى، يۇڭ ـ تىۋىت، يىپەك، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئامراق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا تانس، بەسرە، دەمەشق شەھەرلىرىدە ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك، مەنەق، ھەرموبولسىنىڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە زىننەت بۇيۇملىرى، ھەبەشىستان ۋە سۇداندىن چىقىدىغان پىل چىشى، تۆگە قۇش پەيلىرى، سۇر، سەيدا، ① لىۋاننىڭ ياغاچ ماتېرىيالى ۋە شام بىلەن نابولسىنىڭ يېزىش ـ سىزىش ئەسۋابلىرى قاتارلىقلارنىڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىمۇ ئەۋزەل كۆرەتتى. ②

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ زېمىنى ئېگىز ـ پەس بولسىمۇ، قۇرەيشلەر ئۈچۈن بۇ زېمىننىڭ ھەممە يېرى گويا داغدام يول ئىدى. چۈنكى، ئۇلار چۆل ـ جەزىرىنى ۋە چۆل ـ جەزىرىدىكى ھەر بىر يوللارنى ۋە خەۋپلىك ـ خەۋپسىز جايلارنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتا، سەپەر مۇشەققەتلىرىگە چىداملىق ئىدى. ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن بۇنداق ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ۋە خەۋپ ـ خەتەر بىلەن تولغان بىپايان چۆل باياۋاندا سەپەر قىلىشنى شامىلىقلار، ھەبەشىستانلىقلار ۋە باشقا دۆلەت ئادەملىرى ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. قۇرەيشلەر بەختىيار ئەرەب دۆلىتى ئاتالغان يەمەن ۋە شام قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودا ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ مونوپول سودىسى تۈپەيلى مەككىنىڭ سودا ئىشلىرى رونلاق تاپقاچقا، مەككىلىكلەر ناھايىتىمۇ بېيىپ كەتتى.

قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ چەۋاندازلىقتا

---

① سۇر، سەيدا ـــ لىۋان دۆلىتىگە قاراشلىق شەھەرلەر.
② لۇتفى جۇمئە: «ئىسلام دىنى ئىنقىلابى»، 139 ـ بەت.

بولغان ئىشتىياقى ئۇلارنىڭ كىچىككىدىن تارتىپلا شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرچىلىك ئىشلىرىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن قىلىشمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىنىڭ باشقا قەبىلىلەرگە قارىغاندا ياخشى بولۇشى، باشقا ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزىدىغان ھەم مال - مۈلۈكىنى بۇزۇپ چاچىدىغان تالان - تاراج ۋە ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرمىگەنلىكى ئۇلارنىڭ نوپۇسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى، مول بايلىقى ئۇلارنى مېھمانلارغا سېخىيلىق بىلەن قىزغىن كەيپىياتتا مۇئامىلە قىلىدىغان قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جاي - جايلىرىدىن مەككىگە كەلگەن شائىر ۋە زىيارەتچى مېھمانلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى مەدھىيىلىمەيدىغىنى، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇمايدىغىنى يوق ئىدى. ① مەككىنىڭ ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدا، ھەبەشلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن نىجادلىق تېپىشى ئۇنىڭ دىنىي ئورنىنى ئېخمۇ گەۋدىلەندۈردى، قۇرەيشلەرنىڭ سودا ساھەسىدىكى ئورنىنىمۇ يۈكسەكلەشتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرەيشلەر بىر نىيەتتە بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى قوغداشتىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنىدىغان ياكى دۈشمەنلىك قىلىدىغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتكە قارشى تۇرىدىغان بولدى. مەككىلىكلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن مەككىنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە ئورنىنى قوغدىدى. چۈنكى، مەككە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا مىسلىسىز دەرىجىدىكى باياشاتلىق ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇنداق باياشاتلىق

① ھەسەن ئىبراھىم: «ئىسلام تارىخى» 1 - توم، 64 - بەت.

ئادەمزات ئايىغى باسمىغان چۆل - باياۋاندا ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئىدى. ① مەككىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىشى بۇ يەردە بولىدىغان ھەج ۋە ئۆمرە ② پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. چۈنكى، ھەر يىلىنىڭ ھەج پەسلىدە مەككىدە كاتتا بازار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ جانلىق، قايناق ۋە كۆركەم تۈس ئالاتتى.

سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قەدىمكى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە سودا ئەھۋاللىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭلاشقا قۇرەيشلەر ئەينى زاماندىكى پارسلار، رۇملۇقلار، ھەبەشىستانلىقلارنىڭ يەمەنلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى.

قۇرەيشلەر سودا - تىجارەت ئىشلىرى گوياكى بىر مەدرىسە ياكى ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى مەكتەپلەردە يېتىشتۈرۈپ چىقىش تەس بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەنىدى. سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن سودا بوغالتىرلىقىغا، شۇنداقلا سودا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خەلقئارالىق ئۆلچەم بىلىملىرىگە كامىل بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەل پۇلى، خەلقئارالىق پۇل، ھۆججەت، مۆھۈر خەت ۋە باشقا سودا ۋاستىلىرى ۋە ئۇنىڭغا دائىر زۆرۈر بىلىملەرنى ئىگىلەش لازىم.

---

① [مۇھەممەت ھۈسەيىن: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى» 56 - بەت

② ئۆمرە — ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا 12 - ئاينىڭ 8 -، 9 -، 10 - كۈنلىرىدىن باشقا چاغدىكى بەيتۇللا زىيارىتى.

مەككىدىن تەخمىنەن قىرىق ئىنگلىزمىلى يىراقتا جايلاشقان جىددە ئۆز ۋاقتىدا قۇرەيشلەرنىڭ پورتى ئىدى. ئۇ يەردە قۇرەيشلەرنىڭ نۇرغۇن كېمىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ ھەبەشىستانغا بېرىپ سودىگەرلىك قىلاتتى. ئۇ كېمىلەرنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ئىپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ئاددىي كېمىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزىل دېڭىزدىن ئۆتمەكنىڭ ئۆزى تولىمۇ خەتەرلىك بىر ئىش ئىدى.

قۇرەيشلەر يەنە شام، پەلەستىن ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق داڭ چىقارغان ئوتتۇرا دېڭىز رايونى بىلەن قەدىمكى دۇنيا ئېھتىياجلىق بولغان خۇش پۇراق ماتېرىياللار ۋە دورا - دەرمەكلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى پەسىللىك شامال رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى سودىگەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

قۇرەيشلەر سودا پايدىسىدىن بۆلەك رۇم ۋە پارس مەدەنىيىتىدىن نۇرغۇنلىغان بىلىملەرنى ئىگىلىگەن، قۇرەيش سودىگەرلىرى رۇم ۋە پارس ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى شەھەرلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىش جەريانىدا، شۇ يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. ئۇلار نۇرغۇنلىغان خاس ئاتالغۇلارنى، شۇنىڭدەك رۇمچە، پارسچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ ئەرەبچىگە ئۆزلەشتۈرگەن. قۇرەيشلەر رۇم دۆلىتى ۋە پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملىرى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىشىنى، بىلىم جەھەتتە ئۆسۈشىنى، ئىدىيە جەھەتتە يۈكسىلىشىنى ئالغا سۈرگەن. ئەينى زاماندا، كۆپ سانلىق قۇرەيشلەر ئوقۇش، يېزىش ۋە ھېسابلاشنى

بىلەتتى. بۇ ھال كېيىنكى چاغلاردا بەزى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە ئەگىشىپ دۇنياغا كەلگۈسى ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا شەرت ھازىرلىغاندى.

## § 5. قۇرەيش مەدەنىيتى

قۇرەيشلەرنىڭ مەدەنىيتى ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدە خېلىلا يۇكسەلگەن بولۇپ، ئىسلامىيەت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى ھەرقانداق دەۋر مەدەنىيىتى ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. ئەگەر بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۇرۇقىنى قۇسەي ئىبنى كىلاب سالغان دېيىلسە، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغقۇچى قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ نەۋرىسى ئابدۇلمۇتەللىب بولدى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ (ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ) شۇنچىۋالا يۇكسەك ئابروي قازىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبمۇ شۇ ئىدى.

مۇقەددەس مەككە شەھرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى سودا پائالىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىن ۋە زېمىن ئەھلى ناھايىتىمۇ بېيىپ كەتتى. ئۇلار بەس - بەس بىلەن مال - بايلىق ۋە ئالتۇن - كۈمۈش توپلىدى. ئۇلار بەختىيار ياشاپ، تۇرلۇك - تۈمەن شان - شۆھرەت ۋە دۇنيا - دۆلەت ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

ۋاقىدىنىڭ بايان قىلىشىچە، شۇ زاماندا ئەرەبلەر كاندىن قېزىپ چىقارغان ئالتۇننى مەككىگە كەلتۈرۈپ تۇرلۇك زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىغاندىن تاشقىرى، ئۇنى نوكچا ئالتۇن قىلىپ (نوكچىلاپ) ساقلىدى. مەككىدە سودىگەرچىلىك بىلەنلا بېيىپ كەتكەن نۇرغۇن بايلار مەيدانغا چىقتى. ئەينى زاماندا، مەككىدە ئۆيلەر ئالتۇن بىلەن باھالىنىدىغان بولۇپ، بىر ئىغىز ئۆينىڭ

باھاسى ئىككى يۈز دىناردىن بەش يۈز دىنارغىچە بولاتتى. مەككىلىكلەر نۇرغۇن ئارغىماق باققان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى باققان ئارغىماقنىڭ كۆپ - ئازلىقى، سورتىنىڭ ئېسىللىق دەرىجىسىنى ئۆزئارا كۆز - كۆز قىلىشاتتى. مەككىلىكلەر ئەزەلدىنلا مەردلەرچە مېھماندوستلۇقى، خۇش خۇي سېخىيلىقى بىلەن شۆھرەتلىك ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئالىي پەزىلىتىنى ھەج پەسلىدە، ھەج قىلغۇچىلارنى بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ھۇزۇرلۇق ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق روشەن نامايان قىلاتتى.

ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدە، جاھىلىيەت دەۋرىدە تىنىمسىز ھالدا يۈز بېرىپ تۇرغانغا ئوخشاش قەبىلە ئۇرۇشلىرى بولغان ئەمەس، چۈنكى، قەبىلە ئۇرۇشلىرى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز قان تۆكۈپ، ئەرەب ئىقتىسادىنى پالەچ قىلىپ، كارۋان يوللىرىغا تەھدىت سالاتتى. شۇڭلاشقا ئابدۇلمۇتەللىب بار ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەسىلىلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلدى. ئەينى زاماندا، قەبىلىلەر ئۇرۇشى قۇرەيشلەرنىڭ كارۋانلىرىغا، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ قىش، ياز ئىككى پەسىلدە تىجارەت سەپىرىگە ئاتلانغان كارۋانلىرىغا ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت سالدى. ھالبۇكى، بۇنداق تىجارەت پائالىيىتى قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىساد مەنبەسى ئىدى. شۇڭلاشقا، ھەر نۆۋەت قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا دەتالاش يۈز بەرگەندە، ئابدۇلمۇتەللىب مۇرەسسە - مادارا يولىنى تۇتتى. ھەتتا ئۇ زەمزەم بۇلىقىدا نۇرغۇن زىننەت بويۇملىرى ۋە ئالتۇن قاتارلىق قىممەت باھا نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغان، قۇرەيشلەر ئۇنىڭدىن تالاشقان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇشەمس ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولغان چاغدىمۇ، ئوخشاشلا مۇرەسسەچىلىك چارىسى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلدى.

گەرچە شۇ چاغلاردا دەتالاشلار ناھايىتى كەسكىن بولسىمۇ، ئۇ ھامان تۈرلۈك تىنچلىق چارىلىرىنى قوللاندى. ئەبرەھە ھەبەشىستان قوشۇنىنى باشلاپ مەككىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان چاغدا، ئابدۇلمۇتەللىب سۈلھ - سۆھبەت ئۇسۇلىنى قوللاندى. سەۋەب بۇ ئۇسۇل مەسىلىنى قىلىچ ۋە ئۇرۇش بىلەن ھەل قىلىشقا قارىغاندا كۆپ نەپ بېرىدىغان ۋە پايدىلىق ئۇسۇل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن تىنچلىق ۋە ئەمىنلىك بايرىقىنى مەككە ۋە پۈتكۈل ئەرەبىستان ئاسمىنىدا لەپىلدەتكەنلىكى ئۈچۈن ئابدۇلمۇتەللىبنى ھەقىقىي تىنچلىق ئەربابى دېيىشكە بولىدۇ.

قۇرەيشلەر سىياسىي تۈزۈمۇش جەھەتتە دېموكراتىيىگە مايىل ئىدى. ئۇلارنىڭ كېڭەشخانىسى بىلەن ھازىرقى زاماننىڭ كېڭەش پالاتاسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چوڭراق ئىشلار كېڭەشخانىدا قۇرەيش ئاقساقاللىرىنىڭ مۇھاكىمىسىدىن ئۆتمىگۈچە ھەرقانداق بىر كاتتىباش ئۆز بېشىمچىلىق قىلالمايتتى. ھەتتا، قۇرەيش قىزلىرىنىڭ توي ئىشلىرىنىمۇ ئۇلار كېڭەش بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. توي مەسىلىسى ئەينى زاماندا شەخسلەرنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق خۇسۇسىي ئىش ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قەبىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ھېسابلىناتتى. ئەرەبلەر قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە قانداشلىقنىڭ ساپ بولۇشى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئەگەر قۇرەيش دېموكراتىيىسى بىلەن جاھىلىيەت دەۋرى بىلەن زاماندىشى ئۆتكەن باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئىران ۋە رۇم قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلەر سىياسىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئەرەبلەرنىڭ ئىلغار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

مەككە ھىجاز دىيارى بويىچە سودا - تىجارەت ۋە مەدەنىي

www.uyghurkitap.com

ھاياتىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھەج پەسلىدە، ئەرەبلەرنىڭ ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە ئەرەبلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بۇ جايغا توپلىشاتتى. بۇ يەر ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۈچۈن ئىجتىمائىي كەيپىيات، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش مەيدانى ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە قەھرىمانلار ھەققىدە قەسىدىلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىشاتتى، ھەركىم ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئېسىللىكى ۋە شەرەپلىك ئائىلە تارىخى توغرىسىدا سۆھبەتلەر بايان قىلاتتى. بۇ خىل ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي تۈستىكى پائالىيەتلەر بالىلارنىڭ مەسۇم قەلبىگە ھەمىشە ئالغا تەلپۈنىدىغان تەبىئەت، ئوتلۇق خاراكتېر ۋە يۈكسەك پەزىلەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ، ئۇلارنى بۈيۈك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يۈكسەك غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئادەملەردىن بولۇشقا ئۈندەيتتى.

ئۆز زامانىسىدا، كۆپ ساندىكى ئەرەبلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تەبىئىي شارائىتى تولىمۇ جاپالىق بولۇپ، كىشىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك پاراۋانلىققا ئېرىشتۈرۈپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا، ئۆز رىزقىنى قوغلىشىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن ئەرەبلەر ئۆز بالىلىرىنىڭ تەربىيىسى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايتتى. بىراق، ئاللاتائالا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، يۈكسەك دەرىجىدىكى كەڭ قورساقلىق، مەردلىك، ئاجايىپ سەۋر - تاقەت ۋە مول تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ماددىي جەھەتتىكى كەم - كۈتىسىنى تولۇقلاپ كەتكەنىدى. قۇرەيشلەر پۈتكۈل ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە مائارىپقا ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن قەبىلە بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە يەتكەن پەللىسى، بايلىقىنىڭ كۆنسايىن

www.uyghurkitap.com

كۆپىيىشى، شۇنداقلا مەدەنىيەتلىك چوڭ دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدە، كۆپ سانلىق قۇرەيشلەر خەت ئوقۇيالايتتى، يازالايتتى، ھېساب ئىشلىيەلەيتتى.

ئەلۇسى ئۆزىنىڭ «ئەرەبلەرنى چۈشىنىش مۇددىئاسىغا يېتىش» ناملىق كىتابىدا، ئەرەبلەرنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ئىدىيە جەھەتتە ئەڭ پىشقان، شۇنداقلا تەسەۋۋۇرغا ئەڭ باي خەلق. ئۇلار زېرەك، پاراسەتلىك، پەملىك، قابىلىيەتلىك، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى تۈرلۈك گۈزەل ئەخلاققا ۋە ۋارىسچانلىققا ئىگە قىلغان». ئىبنى رەشىق ئۆزىنىڭ «ئۇل» ناملىق كىتابىدا، ئەرەبلەر ھەققىدە توختىلىپ: «ئەرەبلەر ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت، ئۇلارنىڭ ئەقىل چىرىغى ھەممىدىن پارلاق» دېگەنىدى.

قۇرەيشلەر ئەمەلىيەت داۋامىدا، تىجارەتشۇناسلىققا كامىل بولۇش بىلەنلا قالماستىن، باشقا ئىلىملارنىمۇ ئىگىلىدى. مەسىلەن، مۇنەججىملىك ئىلمىنى ئىگىلەپ، يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىغا قاراپ ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىدىغان، يەنى ھاۋانىڭ ئوچۇق، تۇتۇق، يامغۇرلۇق، بورانلىق بولۇشى ھەققىدە ھۆكۈم قىلالايدىغان بولغان. ئۇلار يەنە ئىزشۇناسلىق ئىلمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن پايانسىز چۆل - جەزىرىدە ئىزغا قاراپ يولنى پەرق ئېتەلەيتتى، نىشانىدىن ئېزىپ كەتمەيتتى. ئۇلار شەجەرەشۇناسلىق ئىلمىدىمۇ ئۆزىگە خاس يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆز جەمەتىنىڭ شەجەرىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىدىغان، ئۆز جەمەتى شەجەرىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن،

قۇرەيشلەردىن پۈتكۈل ئەرەبلەر ئىچىدە يۈكسەك ئابرويغا ئىگە شەجەرەشۇناسلار يېتىشىپ چىققان.

جاھىز ئەرەبلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇلار شۇغۇللانغان ئىلىم - پەنلەرنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئۆتكۈر مېڭە، پىكىرچان قەلبكە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلماقچى بولسا، ئاغزىدىن شېئىرىي تىل، پاساھەتلىك مەنتىقە، تەكرارلانمايدىغان مەززىلىك گەپ ياغاتتى. ئۇلار بىر ئادەمنىڭ ئىزىغا قاراپلا ئۇنىڭ قىياپەت ۋە خۇلقىنى دەپ بېرەلەيتتى. ئۆزلىرىنىڭ نەسەب شەجەرىسىنى ياد بىلەتتى. ئىزغا ۋە يۇلتۇزلار ئورنىغا قاراپ يولنى پەرق ئېتەلەيتتى. يۇلتۇزلارغا قاراپ ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھۆكۈم قىلالايتتى. ئارغىماق تونۇيتتى. قورال ئىشلىتىشنى بىلەتتى، ئۇلار ئاڭلىغانلا نەرسىنى ئېسىدە تۇتۇۋالالايتتى. ئۇلار ئەمەلىيەت ئەينىكىدە ئۆزلىرى كۆزەتكەن نەرسىلەرنىڭ يارقىن ئىنكاسىنى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ نامايەندىسىنى كۆرسە، ئۆزلىرىنى مەقسىتىگە يەتكەن، مۇرادى ھاسىل بولغان سانايتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى - كۆكسى تولىمۇ كەڭ، رىغبىتى ۋە ھىممىتى ئىنتايىن يۈكسەك بولغان. ئۇلار تۈرلۈك مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئىپتىخارلىنارلىق مىللەت، ئۇلارنىڭ زامانى كىشىلەرنىڭ يادلىشىغا ئەڭ ئەرزىيدىغان دەۋردۇر.»

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مائارىپنىڭ روناق تاپمىغانلىقى بىز تەتقىق قىلىۋاتقان دەۋردىكى ئەدەبىي گۈللىنىشكە توسقۇن بولالمىغان. مىللىي خاراكتېرىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى بولغان شېئىرىيەتنىڭ گۈللىنىشى (شۇ دەۋر ئەدەبىي گۈللىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پاكىتىدۇر. بۇ خىل شېئىرىيەت بىلەن شىمالدىكى شاملارنىڭ شېئىرىيىتى ماتېرىيال تاللاش ۋە شېئىرىي قۇرۇلما

جەھەتلەردە تۈپتىن پەرق قىلاتتى. ئەرەب كلاسسىك شېئىرىيىتى ئەرەب تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئەرەب شېئىرىيىتىدە ھامان ئەرەب تۇرمۇشى مەدھىيىلىنەتتى، ماختىلاتتى، شېئىرىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇنىڭغا كۆركەم رەڭ بېرىلەتتى. شېئىرىي سۆزلەر ئوخشاشلا ئىبىل ماقال - تەمسىللەردىن ۋە بىباھا تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن قېلىشمايتتى. قاپىيىلەر بولسا، قاپىيە ئۈچۈنلا قاپىيە بولمايتتى، بەلكى ياراشقان گۈلدەك شېئىرنى بېزەپ تۇراتتى. دىنىي ئىشلار بىلەن ئالاقىدار بولغان بابلار ۋە مۇھىم ئەمر - مەرۇپلارمۇ قاپىيىداش ئىدى. ئەمما، بۇ خىلدىكى سۆزلەر ۋە بايانلار، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆكۈملىرى، دانىشمەن ئاقىللارنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى قاتارلىقلار ھەقلىق يوسۇندا شېئىرىيەتنىڭ تار كوچىسىغا زورلاپ كىرگۈزۈلمەيتتى، قاپىيە ئېھتىياجىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى.

قۇرەيشلەرنىڭ ئورنى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلى، شۇنىڭدەك ئەينى زاماندىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا تولىمۇ يۈكسەك ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ قېنى ساپ، ئىدىيىسى ئالىيجاناب بولغاچقا، باشقىلار ئۇلارغا ئېھتىرام نەزىرى بىلەن قارايتتى. قۇرەيشلەرنىڭ بەيتۇللانىڭ پاسىبانى ۋە ئىش باشقۇرغۇچىسى بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبرەھە قوماندانلىقىدىكى ھەبەشىستان قوشۇنلىرىنىڭ مەككىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بەيتۇللانى چېقىپ تاشلىماقچى بولغان ياۋۇز ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى قۇرەيشلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە يايدى. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ مەرتىۋىسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ناھايىتى ئۆسۈپ كەتتى.

قۇرەيشلەرنىڭ تىجارەتكە ماھىرلىقى نامايان بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردا سودا - تىجارەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنچلىققا تەلپۈنۈش خاھىشى كۈچەيدى. نەتىجىدە، ئۇلار كۆچمەنچىلىك



www.uyghurkitap.com

ئادىتىنى، يەنى سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپلا يۈرىدىغان پادىچىلىق تۇرمۇشىنى بارا - بارا تاشلاپ، مۇقىم تۇرالغۇلۇق ھاياتىنى باشلىدى. ئۇلار تۆگىلىرىدىن كارۋان تەشكىللەپ سودىگەرچىلىك قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز دىيارى ئۈچۈن پاراۋانلىق ياراتتى.

قۇرەيشلەرنىڭ ئۆز زامانىسىدا ھەمئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى تىنچلىقنىڭ سىمۋولى ھەم ئۇنىڭ تەرغىباتچىسى بولدى. ئۇلار تىنچلىقتا ئېرىشىشنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، تىنچلىقتىن قانچىلىك ئىقتىسادىي پايدا ۋە ماددىي مەنپەئەت يېتىدىغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرلىدى.

قۇرەيشلەر ئارامخۇدا تىنچ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ پەيزىنى سۇرۇشكە ئۇستا ئىدى. ئۇلار تىرىكچىلىك يولىدا قاتراپ يۈرۈپ سەپەرلەرزىتىنى تېتىيالايتتى. ئانايۇرتتىن يىراقتا تۇرۇپ، ۋەتەننى سېغىنىشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇلارئۆزۈن مۇددەت سىرتتا يۈرگەن ئادەم ئۆزۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇن بالا-چاقا ۋە دوست-يارەنلەر بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە، ئايرىلغان مەزگىلدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە كېچىچە ئۇخلىماي پاراڭلىشىشنىڭ قانداق پەيزبولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى.

قۇرەيشلەر قوشنا قەبىلىلەرنىڭ ئۆچلۈك ۋە ئاداۋىتىنى قوزغايدىغان بۇلاڭچىلىق تۇرمۇشىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قوشنىلارنى ئۆزىگە دوست تۇتىدىغان، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەمشىرىسى ياكى مېھمىنى ئورنىدا كۆرىدىغان ئادەتنى تىكلىگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شىمالدىكى شامغا، بەزىلىرى جەنۇبتىكى يەمەنگە، يەنە بەزىلىرى نەجد، تىھامە، نەجرات قاتارلىق قوشنائەل ۋە رايونلارغا سەپەرقىلىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

شۇغۇللىنالىغانىدى .

گېرمانىيە تارىخشۇناسى فەلھاۋزىن مەككە بىلەن ھىجازنىڭ گۈللىنىشىنى مەككىنىڭ ئاھالىسى بولغان قۇرەيشلەرنىڭ ئەۋزەللىكىگە باغلايدۇ . ئۇ مەككىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەتتە روناق تېپىشى ئۇلارنىڭ شىمالدىكى شاملار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا تۈرتكە بولغان ، دەپ ھېسابلايدۇ . ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، سۈرىيە ، ھىرە ۋە ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىغىچە يېيىلغان تىجارەت ئۇلارغا يېڭىدىن يېڭى ئۈمىد ۋە رىغبەت ئاتا قىلغان . شۇڭا ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردا ، كىتاب ئوقۇپ خەت يازالايدىغان ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەككىلىكلەر ئىدى .

فەلھاۋزىنىنىڭ قارىشىچە ، مەككىلىكلەردە ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە نىسبەتەن تونۇش يېتەرسىز بولسىمۇ ، ئۇلار ھەمكارلىشىش روھىغا ئىگە ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىشلارغا نىسبەتەن پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىدى . ھالبۇكى ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبىستاننىڭ باشقا ھەرقانداق يېرىدىن تاپقىلى بولمايتتى . گەرچە ئۇ چاغلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىدىغان بولسىمۇ ، ھەرقانداق بىر ئائىلە مەككىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرەتتى . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ يەردە بىر خىل يۇكسەك نوپۇز شاھىتلىقىدا ئەينى زاماندىكى مەككىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى . بۇ خىل تۈزۈمنىڭ قانچىلىك ئاددىي ، دائىرىسىنىڭ قانچىلىك تار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆزى ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، تولىمۇ مۇھىم بىر ئىش ئىدى .

## ئالتىنچى باب

# بەيتۇللانىڭ مەككىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

### §1. مەككىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

مەككە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا بەرپا بولغان. قۇسەي ئىبنى كىلاب دەۋرىگە كەلگەندە، كىلاب تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى نامايان قىلىشقا باشلىغان. ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسى پۈتكۈل جاھىلىيەت دەۋرى بويىچە مەككىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولغان. كېيىن مەككىدە ھىدايەت قۇياشى كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر، مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارى مۇھەممەد ھاشىم قۇرەيش مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن.

مەككە شەھىرى بەرپا بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئورنى كارۋانلار توختاپ، دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان بىر جىلغا ئىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدا ماكانلاشقۇچى تۇنجى ئادەم بولسا كېرەك. زەمزەم بۇلىقى پەيدا بولغاندىن كېيىن، جۇرھۇم قەبىلىسىدىكىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. دېمەك، مەككە شۇ چاغدىن باشلاپ ئادەم ماكانلاشقۇدەك شارائىتقا ئىگە جايغا ئايلانغان. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام جۇرھۇم قەبىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ۋە ئۇلاردىن ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن. كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتا - بالا

ئىككىلەن ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بىلەن بۇ يەرگە بەيتۇللانى بىنا قىلغان. ئاللاتائالا مۇشۇ ئىش تۇپەيلى مەككىنىڭ شاراپىتى ئۈچۈن بۇ يەردە نۇرغۇن سۈرىلەرنى نازىل قىلغان. شۇندىن كېيىن، مەككە بەيتۇللانىڭ ۋەتىنى، ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس غايىۋى مەنزىلىگە ئايلانغان.

ئابدۇلمۇتەللىب مەككىنىڭ ئەڭ مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ۋەزىپىلەر ھەرگىزمۇ ھېچقانداق شەرت تەلەپ قىلمايدىغان باشقا خۇسۇسىي ياكى ئائىلىۋى خىزمەتلەردىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەربابلارنىڭ ئائىلىسىمۇ ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلغان ۋە شەخسنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپلا بەرپا قىلىنغان ئەمەس، بەلكى بىر ئائىلە بىر زىممىسىگە ئالغان، ئەمما رەسمىي ھاكىمىيەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ۋەزىپىلەر ئىدى.

مەككىلىكلەر مەدەنىي دۇنيا بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقانىدى. ئۇلار ئەينى زاماندىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە باب كېلىدىغان بەزىبىر باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەن. قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىباشلىرى ئادەتتە قوش مەنسەپلىك بولۇپ، دىنىي ئىشلار بىلەن ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى بىرلا ئادەم سورايتتى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بۇ خىل مەنسەپلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالاتتى.

قۇسەي ئىبنى كىلاب دەۋرىگە كەلگەندە، مەككە زىچ ئاھالىلىق چوڭ بىر شەھەرگە ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. قۇسەي زامانىسىدىكى مەككە ھەققىدە ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق قىلىپ، قۇسەي بەيتۇللانى ۋە مەككىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. ئۇ ئۆز جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى



www.uyghurkitap.com

مەككىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ، قۇسەي ئۆز قەبىلىسىدىكىلەر ۋە مەككىلىكلەرنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالدى. قۇسەي ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئېتىراپ قىلغاندا، ئۇلار ئاندىن ئۇنى پادىشاھ دەپ ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. چۈنكى، قۇسەي بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىۋاتقىنى جەزمەن ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك دىن، دەپ ھېسابلايتتى. قۇسەي مەككىنىڭ بارلىق شان - شەرىپىنى كونترول قىلدى. مەككىنى رايونلارغا بۆلۈپ، ئۇرايونلارنى ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەككىگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى.»

مەككىلىكلەرنىڭ ئۆيلىرى بەيتۇللانى قاتمۇ قات ئورىغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆيىنىڭ بەيتۇللاغا يىراق - يېقىن بولۇشى ئۆي ئىگىسىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە نوپۇزىغا قاراپ بەلگىلىنەتتى. شۇڭلاشقا، قۇرەيشلەر بەيتۇللاغا ئەڭ يېقىن بولغان ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە جامەسى ھەرقايسى قوشنا قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشتا بىردەك بولغانلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ھەرقايسى جەمەت ئايرىم بىر رايوندا جەم بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ چاغلاردا، مەككىدە تېخى ھەممىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدىغان ھوقۇقلۇق باش ئورگان يوق بولۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز ئالدىغا ھوقۇقدار ئىدى. ئۇلار جامائەت مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلارنى باشقۇراتتى. ئەينى زاماندا، مەككىدە بەزى چەت ئەل مۇھاجىرلىرى، مەسىلەن، يەھۇدىيلار، ناسارالار، سۈرىيىلىكلەر، مىسىرلىقلار، ھەبەشىستانلىقلار، رۇملۇقلار ۋە پارسلار ئولتۇراقلاشقانىدى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ۋەتىنىدىكى زۇلۇم دەستىدىن

مەككىگە قېچىپ كەلگەنلەر ئىدى . مەككىلىكلەرنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ بولۇشىنىڭ ئۆزى مەككىنىڭ ئۆز زامانىسىدە ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دەلىللەيدۇ . شۇ چاغلاردا ، مەككە شەھىرىدە ھەشەمەتلىك سېلىنغان كاتتا ئۆيلەر ناھايىتى جىق ۋە زىچ ئىدى . مەككە شەھىرى ئۆز قويىنىدا بەيتۇللانىڭ بولغانلىقى بىلەن پۈتكۈل ھىجاز رايونىدىكى شەھەرلەر ئىچىدە باشقىچە ئىپتىخارلىق ئىدى .

مەككە شەھىرى ئەرەبىستان بويىچە گىيامۇ ئۆنمەيدىغان بىر جىلغىغا جايلاشقان بولغاچقا ، ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىنىڭ دەسلىپىدە ، ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى باشقا شەھەرلەر بىلەن ھەشەمەت ۋە بايلىق جەھەتتە تېخى بەسلىشەلمەيتتى . بىراق ، مۇقەددەس بەيتۇللانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنى ناھايىتى تېزلا بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ئىپتىخارلىق ئورۇنغا ئىگە قىلىپ ، قەددىنى كۆتۈردى . ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدا مەككە شەھىرىنىڭ ئەرەبىستان چۆللۈكىدىكى باشقا شەھەرلەردىن ھېچبىر پەرقى يوق ئىدى . بىراق ، كېيىن بەيتۇللانىڭ شارايىتى بىلەن تېز يۈكسىلىپ ، قويىنىدا ھەشەمەتلىك ئۆي - ئىمارەتلەر خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك كۆپىيىپ كەتتى . بۇ ئۆي - ئىمارەتلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى ، قورۇلۇش ئۇسلۇبىنىڭ كۆركەملىكى جەھەتتە زامانىسىدىكى ھەممە شەھەرلەرنى بېسىپ چۈشتى .

مەككىنى شەرق تەرىپتىن ئوراپ تۇرىدىغان ئەبۇ قۇبەيس تېغىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ نەزەر تاشلىغاندا ، تار ھەم ئۇزۇن جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇنچاق بىر شەھەر يۈز ئاچىدۇ ، مانا بۇ مەككە شەھىرىدۇر . قارىماققا ، قايسى شەھەر ۋە قايسى شەھەرنى قويىنىغا ئېلىپ تۇرىدىغان زېمىن

ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى شەھەر ئۆز ئەتراپىدا چوقچىيىپ تۇرىدىغان غەلىتە تاشلىق چوققىلار بىلەن گويا بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن، مەيلى قايسى تەرەپتىن قارىماڭ، ئۇلارنى ئايرىۋالماق ناھايىتى تەس. تاغلار بىلەن شەھەر ئارىلىقىدا پاسىل بولغۇدەك يېشىل چىمەنزارلىقلارمۇ يوق. شەھەر ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى بىلەن تاغ باغرىدىكى قورام تاشلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئاجايىپ كۆركەم بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان.

سىنچىلاپ قارىغاندا، ئاندىن ئۆيلەرنى ۋە مەنزىرلەرنى پەرق ئەتكىلى، ھەدېگەندە كۆزگە چۈشمەيدىغان ئىشىك - دەرۋازىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا شۇندا، كىشى توساتتىنلا كۆز ئالدىدا ئاجايىپ زور بىر شەھەرنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. گويا بىر سېھىرگەر بىرلا سېھىر بىلەن يوق يەردىن بىر نەرسىنى بار قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە توساتتىن ئۆزگىرىدۇ - دە، غەلىتە شەكىللىك غايەت زور قورام تاشلار بىردىنلا ئۆي - ئىمارەتكە، ئايىغى ئۈزۈلمەس دۆڭلۈكلەر گويا ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ كەتكەن شەھەر رايونىغا ئايلىنىدۇ.

ئابدۇلمۇتەللىپ زامانىسىدا مەككىدە بىر بۆلەك چەت ئەللىكلەر مەسىلەن، سۈرىيىلىكلەر، مىسىرلىقلار، ھەبەشىستانلىقلار، رۇملۇقلار ۋە ئىراقلىقلار ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قول ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، شۇ جايدىكى قول سانائەتچىلەر تەبىقىسىنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلار ئىقتىسادىي پائالىيەتكە قاتنىشىشتا ئەر - ئايال دەپ ئايرىمايتتى. ئۆز زامانىسىدىكى مەككىنىڭ ئېسىلزادىلىرى ئىچىدىمۇ، ئاۋام پۇقرالىرى ئىچىدىمۇ چەت ئەللىك مۇھاجىرلار بار ئىدى. بۇ ھال ئەينى زاماندىكى مەككىنىڭ شام،

ئىران، ھەبەشىستان، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى بارلىقنى ئىسپاتلايدۇ. مەككە ھىلىقىدەك ئۆز ۋەتىنىدە دىنىي ياكى ئىرقىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ پاناھگاھى بولۇپ، شۇ خىلدىكى كىشىلەر مەككىگە قېچىپ كەلسە، مەككە كاتتىباشلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولاتتى.

ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدە، ئەھابىشلار مەككە جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغانىدى. «ئەھابىش» ① سۆزى شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ياللىنىپ، مەككە بىلەن شام ۋە يەمەن ئارىلىقىدا قاتنايدىغان سودا كارۋانلىرىنى قوغدايدىغان قوراللىق قوشۇن بولغانىدى. ساپ ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان تارىخلاردىن مەلۇمكى، بۇ قوراللىق قوشۇن ئۆز ۋاقتىدىكى تىھامەگە قاراشلىق كىنانە ۋە خۇزەيمەدە ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەر بىلەن مەككە شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇشلۇق خۇزائە قەبىلىسىلىكلەردىن تەشكىل تاپقان بىرلەشمە قوشۇن ئىدى. تارىخشۇناس فەلھاۋزىن: ئەھابىشلار قۇرەيشلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقچىسى ئىدى، دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقشۇناس ئالىم لامانس ئەھابىشلارنىڭ ھەممىسى ياكى مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ھەبەشىستانلىق ھەبەشلەر ئىدى، دەپ قارايدۇ. مەرھۇم پروفېسسور ئەببادى ئەھابىشلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: بىرىنچى، ئەھابىشلار ئەسلىدە ئەرەبلەر ئىدى؛ ئىككىنچى، ئەھابىشلار ئەرەبلەر جۇملىسىگە كىرىدۇ دېگەننى

---

① ئەھابىش — مەككە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۇبشى تېغىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان قۇرەيشلەر، تارىختا «ئەھابىش» دەپ ئاتالغان — ت.

تەشەببۇس قىلىدىغان قاراش تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ ئۇچىنچى، قۇرەيشلەر ئۇرۇشتا ياللاپ ئىشلەتكەن قۇللار بىلەن ئەھابىشلارنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئارقىدىن، ئۇ مۇنداق بايان بېرىدۇ: ئۆز زامانىسىدىكى مەككىدە بىر قوشۇننىڭ بولغىنى راست. بىراق، بۇ قوشۇن بىلەن ئەھابىشلارنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوق. ئەمەلىيەتتە، بۇ قوشۇن قۇللار تەبىقىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئادەتتە ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خىزمەتكارلىقىنى قىلاتتى، خالاس. بۇ تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى ئاقسۆڭەكلەر پۇلغا سېتىۋېلىپ ئەكەلگەنلەر، يەنە بىر قىسمى ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدە مەككىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان ئەبرەھە قوماندانلىقىدىكى ھەبەش قوشۇنى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن قاچالماي قېپقالغان مەغلۇپ ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ قالدۇقى ئىدى. ①

مەككىلىكلەر مەدەنىي دۇنيا بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغاچقا، ئۇلار مەدەنىي دۇنيانىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، ھاكىمىيەت تۇتۇش چارىلىرىنى ئىگىلەيدۇ. مەككىلىكلەر تۈمەنمىڭ خىل مەدەنىيەت ھالاۋىتى بىلەن خىلمۇ خىل ھۆكۈمەت شەكىللىرى ئىچىدىن ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، مەككىنىڭ، ئەرەبلەرنىڭ مۇھىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالاھىدە دۆلەت شەكلىنى يارىتىپ، شەھەر بەگلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەككە جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلدى. بۇ جۇمھۇرىيەت زامانىۋى دۆلەت شەكلىدىن پەرقلىنەتتى؛ بەدەۋى ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق بولغان تۆرلۈك ھاكىمىيەت شەكىللىرىگىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيتتى. سودا - تىجارەت مەككىنىڭ بايلىق مەنبەسى بولسا، بەيتۇللا ئۇنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي كۈچلىرىنىڭ بۇلىقى ئىدى.

---

① ئەببادى: «ئىسلام تارىخىدىن سۇرەتلەر»، 14 - بەت.

www.uyghurkitap.com

## § 2 . ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدىكى بەيتۇللا ۋە مەككە

ئابدۇلمۇتەللىب دادىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى . ئۇ داھىيلىق مەسئۇلىيەتنى يۇزدە يۈز ئادا قىلىپ ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى . تارىخشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەزىلەتلىك ، ئۇلۇغ ئادەملىكىنى تەرىپلەيدۇ . زامانداشلىرىمۇ ئۇنىڭ داھىيلىق ئورنى ۋە ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان قابىلىيىتىگە ئىقرار ئىدى . ئۇنىڭ زامانىسى مەككىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولغانىدى .

ئىچكى سىياسەت جەھەتتە ئابدۇلمۇتەللىب مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەككىنىڭ تىنچلىقىنى ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ تىنچ ۋە ئامانلىق ئىچىدە ئىناق ھايات كەچۈرۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى . قۇرەيشلەرنىڭ ئىلگىگە توپلانغان كەڭ مەنبەلىك بايلىقلار كىچىك دائىرىدىكى قەبىلە ئۇرۇشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسىدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدۇ . ئىلگىرى مەككىدە تۇرمۇش بايلىقىنى تالىشىش يۈزىسىدىن كىچىك دائىرىدىكى ئۇرۇشلار پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى . كېيىن باشقا ھەر قايسى قەبىلىلەر قۇرەيشلەرگە رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنىدىغان بولدى ۋە ئابدۇلمۇتەللىب يولغا قويغان دانا سىياسەتلەرگە قايىل بولدى .

تاشقى سىياسەت جەھەتتە ، ئابدۇلمۇتەللىب ئىران ۋە رۇم ئىككى دۆلەت ، ھىرە ۋە غەسسان ئىككى خەلىپىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ، شۇنىڭدەك يەمەن ، ھەبەشىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۈچەيتتى . ئابدۇلمۇتەللىب ھەبەشىستان دۆلىتى بىلەن باشتىن تارتىپلا ياخشى مۇناسىۋەتتە

بولۇپ كەلگەن، ھەتتا بىر نۆۋەت، ئۇنىڭ بىلەن تاغىسى نەۋفەل ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت چۈشۈپ قالغاندا، ھەبەشىستان ( تاغا بالا ئىككىيلەننىڭ يارىشىپ قېلىشى ئۈچۈن ) خالىس ھۆكۈم قىلدۇرماقچىمۇ بولغانىدى. بۇ ئەبرەھە سەنئاغا كاتتا چېركاۋ ياسىتىپ، ئەرەب ھەج - تاۋاپچىلىرىنى شۇ چېركاۋغا بارىدىغان قىلماقچى بولۇشتىن بۇرۇنقى ئىش.

ئىقتىسادىي پائالىيەت جەھەتتە، يەمەندىكى ھىميەر دۆلىتى يوقالغاندىن كېيىن مەككە پۈتكۈل ئەرەبىستان ئىقتىسادىي ھاياتىنىڭ مەركىزىگە ۋە قەدىمكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر سودا كارۋانلىرىنىڭ توپلىنىش - تارقىلىش ئورنىغا، تۆرلۈك دۆلەت، تۆرلۈك دىندىكى سودىگەرلەر جەم بولىدىغان بىر ماكانغا ئايلاندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەككە ھەر خىل تىل، ھەر خىل سەۋىيىدىكى ئادەملەر ۋە ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچراشتى.

ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى باشقىدىن ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئابرويى ناھايىتى ئۆسۈپ كەتتى. مەككىلىكلەر تارىختىن بۇيان سۇ قىسلىقىنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار سۇنى شەھەرنىڭ سىرتىدىن ئۇلاغقا ئارتىپ ئەكىلىپ ئىچەتتى، شۇڭا كۆپ چىقىمدار بولاتتى ۋە نۇرغۇن مۇشەققەت چېكەتتى، پەقەت ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنى تاپقاندىن كېيىن، بەرىكەتلىك بۇلاق سۈيى پۇنتانلاپ، ھەممىگە شەپقەت بەخش ئېتىدۇ، مەككىلىكلەرنىڭ قارىشىچە، زەمزەم بۇلىقىنىڭ تېپىلىشى بىر بۈيۈك ۋەقە ئىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ھەبەشىستان ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەتئىي، تەمكىن، باتۇر ۋە كەسكىن خىسلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەككىلىكلەرنى

www.uyghurkitap.com

تەشكىللەپ تاغ ئىچىدىكى تار جىلغىغا ۋە قۇرغاق سايلىققا چېكىندۇرۇپ بۇ زور قوشۇننى بىرلىككە كەلتۇردى. چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كەلگەن مەككىلىكلەر كونا ئاداۋەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىردەكلا ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن بىر سەپتە تۇردى. ئەرەبلەر ئادەتتە قەدىمكى تارىخىي ۋەقەلەردىن ئەسلىمە يازسا، پىل يىلىنى باش نۇقتا قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ پىل يىلى ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىنى خاتىرىلەيدۇ. چۈنكى بۇ غەلىبە ھەبەشلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن، بەيتۇللا ۋە مەككىنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغانىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ھەج قىلغۇچىلارنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن قامداش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇنداقلا ئۇ كېڭەشخانىدىكى قۇرۇلتايلارغا باش بولۇپ ئىشتىراك قىلاتتى. ئابدۇلمۇتەللىب دەۋرىدە مەككىنىڭ مۇقىم، پىلانلىق خامچوتى بولغانىدى. ئابدۇلمۇتەللىب مەككىلىكلەردىن پۇل يىغىش قىلىپ ھەج قىلغۇچىلارغا يېمەك - ئىچمەك ئېلىپ بەرگەن ۋە بەيتۇللا ئۈچۈن بىر يىپەك يوپۇق سېتىۋالغانىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدا، ئادالەت بايرىقى مەككە ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدى. ئابدۇلمۇتەللىب دانا داھى ۋە ئادىل سەردار بولۇپ، مەككىلىكلەر ۋە ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. ئۇ ھەققىي يوسۇندا ھەج قىلغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئۇ يەنە مەككىنىڭ سودا كارۋانلىرىنى قەدىمكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ تىجارەتكە سالدى. ھەبەشلەرنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، مەككىنى قوغدىدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەككىلىكلەرنىڭ قوشۇنىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇردى. بۇنداق ئادالەتپەرۋەرلىك ئىچكى تىنچلىق ۋە ئىقتىسادىي

جانلىنىش، شەكسىزكى، بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان گۈللەپ ياشناش ۋە پارلاق مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

تارىخشۇناسلار كۆپىنچە جاھىلىيەت دەۋرىنى زۇلمەتلىك، قالايمىقان دەۋر ھېسابلايدۇ. ھەتتا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنى مەدەنىيەتلىك دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، بىلىمسىز خەلق دەپ قارايدۇ. بۇ تارىخشۇناسلار ئۇلارنىڭ سەنئىتىنى ۋە ئەدەبىياتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ تارىخشۇناسلار ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەتراپىدىكى بابىلۇن، ئاسۇر، ئارامە، كەنئان، مەئىن، سەبەئ قاتارلىق دۆلەتلەر ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان ساۋاتسىزلاردۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ دۆلەتلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىلمۇ خىل مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانىدى.

مەككە بەيتۇللانىڭ ماكانى، تىنچلىقنىڭ يۇرتى ئىدى. شۇڭلاشقا مەككىدە ئولتۇراقلاشقانلار ئۆز ھاياتى ۋە مال مۈلكىنىڭ ئامانلىقىدىن غەم يېمەيتتى. مەككىلىكلەر ھەرقايسى جاي ئادەملىرىنى مەككىگە كېلىپ ھەج - تاۋاپ قىلىشقا، تىجارەت قىلىشقا ياكى سەيلە - زىيارەت قىلىشقا جەلپ قىلاتتى. شۇڭا، مەككىگە كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولاتتى. مەككىلىكلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلاردىن مەنپەئەتدار بولاتتى. ئۆز زامانىسىدە، مەككىلىكلەر ياقا يۇرتتىن كەلگەن مېھمانلارنى يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەيتتى، ئۇلارنى مال ئۆلتۈرۈپ، زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايتتى.

مەككىنىڭ سودا - تىجارەت تۈزۈمى پۇختا بولۇش ۋە ئىنچىكە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. مەككىلىكلەر مال - دۇنيا توپلاپ، بېسىمدارلىق قىلىشقا ئاشىق ئەمەس ئىدى. ئەگەر

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ تىجارەتتىن كېلىدىغان دارامىتى كۆپەيسە، ئۇنى ئامال قىلىپ باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلاتتى. ئىككى ئادەم شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلسا، دارامەتنى تەڭ بۆلۈشەتتى. پايدىدىن ھەر قايسىسىغا تېگىدىغان پۇل قانچە ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىمۇ تىجارەت ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، سودا كارۋانلىرىنى تەشكىللەش، شۇنداقلا چەت ئەل سودا كارۋانلىرىنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بارلىق مەككىلىكلەرگە ئالاقىدار مۇھىم ئىشلار ھېسابلىناتتى. خۇسۇسەن، مەككە كارۋىنى ناھايىتى زور كارۋان بولۇپ، بەزىدە بىر كارۋاندا ئىككى مىڭ بەش يۈز تۆگە، ئۈچ يۈز ئادەم بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، مەككە تەرەققىي قىلدى. خۇسۇسەن، ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىنىڭ باشلىرىدا، يەمەندىكى ھىميەر دۆلىتى ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، مەككە چوڭ بىر شەھەرگە ئايلاندى. مەككىنىڭ شۇنداق بۈيۈك ئورۇنغا ئىگە بولۇشىدا، ئۇنىڭ قويىندا بەيتۇللانىڭ بولۇشى، ئۇنىڭدا سودا ـ تىجارەتنىڭ گۈللىنىش ۋە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ياخشىلىقى مۇھىم رول ئوينىغاندىن سىرت، خۇددى تارىخشۇناس فەلھاۋزىن كۆرسەتكەندەك ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولغانلىقى، يەنى ئۇلارنىڭ تۆرلۈك مەدەنىيەتلىرنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، راۋان خەت ـ ساۋادى بار قۇرەيشلەرنىڭ ئوقۇش، يېزىشنى بىلىدىغانلىقىمۇ مەككە مەرتىۋىسىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەككىلىكلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى باشقا كۆچمەن بەدۋىلەردىن كۆپ ئالىيجاناب ئىدى. شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەسرىبىيلەردىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى. چۈنكى، يەسرىبىيلەر تېخى لاي، توپا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا، مەككىلىكلەر سودا ۋە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان

بولغانىدى. مەككىدە ھەر تۈرلۈك شەھەر مۇلازىمەتلىرى، جامائەت مۇئەسسەسىلىرى ۋە ئۆي - زېمىن مۈلكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋايىنگە يەتكۈزۈلۈپ باشقۇرۇلاتتى. مەككە بايلىرى مەككە تاغلىرىنىڭ چوققىسىغا گۈلخان يېقىپ ئېزىپ قالغان كارۋان ۋە تېنەپ قالغان ئادەملەر ئۈچۈن يول كۆرسىتەتتى.

ئۇ چاغدا ھەج ئېيىدا جەڭ - ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىناتتى. ئەرەبلەر ئۇرۇش بولمايدىغان بۇ مۇقەددەس پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جاي - جايلىرىدىن مەككىگە كېلىپ، ھەجنىڭ ئالدىدا بولىدىغان بازار سودىسىغا داخىل بولۇشاتتى. بۇ خىل بازار ئەينى ۋاقىتتا ھەم ئىقتىسادىي تىجارەت مەيدانى، ھەم ئەدەبىي ماھارەتنى بەسلىشىش سورۇنى بولاتتى. قۇرەيشلەر خېلىدىن بېرى ئەدەبىيات، خۇسۇسەن شېئىرىيەت مۇنبىرىگە ئايلانغان ئۇكاز① بازىرى يىغىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەرقايسى قەبىلىلەر بۇ يەردە قوشاق - نەزمىلەرنى ئوقۇش، نۇتۇق سۆزلەش بويىچە مۇسابىقىلىشىپ، ئۆز شائىرلىرى ۋە ناتىقلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلىشاتتى.

ئۇكاز بازىرى يىغىلىشى مەزگىلىدە بىر ئادەم مەخسۇس تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولاتتى. بازار تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئەرەفە② گە، ئاندىن مەككىگە باراتتى، ھەج بۇرچلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن،

---

① ئۇكاز — مەككە شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر بازارنىڭ ئىسمى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە يىلدا بىر نۆۋەت يىغىلىش بولۇپ، شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئوقۇيتتى. خالىس ھۆكۈم قىلغۇچىلار ئەسەرلەرنى باھالايتتى — ت.

② ئەرەفە (غرفتە) — «ئەرەفات» مۇ دېيىلىدۇ. بۇ مەككىنىڭ يېنىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى، بۇ ئەسەرنىڭ باشقا جايلىرىدا ئەرەفات دېيىلگەن — ت.

يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتەتتى.

مەككە ھەج قىلىش مەركىزى بولغاچقا، يۇرت چوڭلىرى بۇ يەرگە شەھەر مەمۇرىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بەزى مۇئەسسەسىلەرنى تەسىس قىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ يەردە ھەج قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يول ۋە كوچا ـ كويىلارنى ياساش، مۇھىت تازىلىقى قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتى. بۇرۇن نۇرغۇن يول ـ كوچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ناھايىتى تار ئىدى. مەككىلىكلەر بىر دىل بىر ـ نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، مەككىنىڭ تۆت ئەتراپىغا تۇسما سوقۇپ، مەككىنى كېلىش ئېھتىمالى بولغان كەلكۈندىن مۇھاپىزەت قىلدى. ئالىيجاناب ئادەملەر مەككىنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇن قۇدۇقلاردىن بەيتۇللاغا سۇ توشۇپ ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋان قىلاتتى.

مەككىنىڭ ھەربىر رايونىدا بىردىن ئەخلەت تۆكۈش مەيدانى بولاتتى. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، ئەرەبلەردە كېچىسى چىراغ يورۇتۇش يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئادەتتە قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن كەچلىك تاماقنى يەپ بولاتتى. «كەچلىك تاماقنىڭ ياخشىسى، كۆز كۆرەلەيدىغان چاغدىكىسى» دېگەن ئەرەب ماقالى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن كەچلىك تاماقنى يېيىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەرىپلەيدۇ. ياغ ئەرەب دۆلەتلىرىدە كەمچىل نەرسە ئىدى. زەيتۇن يېغىمۇ چەتتىن كىرگۈزۈلەتتى. شۇڭا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئومۇمەن چىراغ ئىشلەتمەيتتى، چىراغ ئىشلىتىدىغانلار پەقەت چەتتىن ياغ كىرگۈزۈشكە قۇدرىتى يېتىدىغان مەككە بايلىرى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مەككىنىڭ نۇرغۇن كارۋانلىرى ياغ تىجارىتى ئۈچۈن قاتنايتتى. مەككە بايلىرى تاغ چوققىلىرىغا ئېگىز دۆڭلەرگە گۈلخان يېقىپ، ئۇنى يولدىن تېنەپ

قالغانلار ئۇچۇن ماياك قىلاتتى .

ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدا ، مەككە خۇددى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىكى قەدىمكى رۇم شەھرىگە ئوخشاپ قالغان . كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇشەققەتىنى يەتكۈچە تارتقان بىرمۇنچە قەبىلىلەر مەككىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى . كىشىلەر مۇقىم تۇرالغۇ ۋە تىنچلىق ئارزۇسىدا ئىدى . ئاخىر مۇشۇ ئۇنۇمسىز يەر بىلەن مۇنبەت يەرنىڭ ، تۈزلەڭلىك بىلەن ئەگرى - توقايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان مۇقەددەس زېمىن مەككىنى تاپتى . ئۇلار باھار ۋە كۈز پەسلىنى مەككىدە ئۆتكۈزۈپ ، قىشتا دېڭىز بويىدىكى جىددىگە كېتەتتى . ياز پەسلىدە بولسا ، مەككىنىڭ يېنىدىكى ھاۋاسى ساپ ، نېمەتلىرى مول ، يامغۇر - يېغىنى يېتەرلىك ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئېگىز بولغان تائىفقا بېرىپ يازلايتتى .

مەككە قەدىمكى شەھەر بولغانلىقى ، ئۇنىڭ قويىندا مۇقەددەس بەيتۇللا بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھىندىستان، ئىران، جۇڭگو، شام، مىسىر ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ماللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى دۇنيادىكى تاۋارلارنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلىدىغان بىر كاتتا بازار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قەبىلىلەر مەككىنى تۇرالغۇ جاي قىلىپ تاللىۋالدى . بۇ قەبىلىلەرنىڭ بايلىرى بەيتۇللانىڭ چۆرىسىگە تاشتىن، خىشتىن ئۆي سالدۇرۇپ، كۆچمەن پادىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى تاشلاپ ، سودا- تىجارەتنى تىرىكچىلىك ۋاسىتىسى قىلىدىغان يېڭى ھاياتنى باشلىدى.

مەككىدە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى سىياسىي تەدبىرى، رەھبەرلىك سەنئىتى، باشقۇرۇش ماھارىتى جەھەتلەردە ئىستىبداتتقا ئىگە بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يېتىشتۈردى . ئۇلار ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن غايەت زور رولالارنى ئوينىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## يەتتىنچى باب

# زەمزەم بۇلىقى

### §1 . زەمزەم بۇلىقى ۋە مەككىدە سۇ مەسىلىسى

ئابدۇلمۇتەللىب شۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر شەخس بولۇپ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغانكى، ئۇ ھالابۇگۇنگىچە مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ بەرىكەتلىك سۈيى بىلەن بەختىيار قىلىپ كېلىۋاتقان زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى قايتىدىن ئاچقان. شۇ چاغدا، زەمزەم بۇلىقى كۆزىنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغانىدى.

شۇ ۋاقىتتا، مەككە سۇنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن ھەمىشە قۇرغاقچىلىقنىڭ مۇشەققىتىنى تارتىشقا مەجبۇر ئىدى. قۇرغاقچىلىق بەزىدە ئۇدا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشاتتى. بەزىدە بولسا، قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن ئاپىتى بولۇپ كېتەتتى. قۇرئان كەرىمدە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىرقىسمىنى (بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) نامىز ئوقۇسۇن (ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم.» ① تارىخشۇناسلار مەككە ھەققىدە بايان بەرگەنلىرىدە، بۇ يەردە سۇ كەمچىل بولغاچقا

① قۇرئان كەرىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 37 ـ ئايەت، 261 ـ بەت.

«مەككە» دەپ ئاتالغان دېگەننى ئۇنتۇمايدۇ. دېمىسمۇ ئەرەبلەردە «ئېمىشتىن ئايرىلغان بالاگەر مەككە① (ئەمسە)، قۇرۇتماي سۇتىنى قانماس ئەمچەككە» دېگەن بىر ماقالە بار.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا، ھاجەر بىلەن ئىسمائىل ئانا - بالىنى باشلاپ جەنۇبقا چۇشۇپ، ھازىرقى مەككە شەھىرىنىڭ ئەسلى بولغان جىلغىغا كېلىدۇ. ئەينى زاماندا، بۇ جاي شام بىلەن يەمەن ئارىلىقىدا قاتنايدىغان كارۋانلار چېدىر تىكىپ، ھاردۇق ئالىدىغان ماكان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئانا - بالا ئىككىيلەننى ئاز - تولا خورما ۋە سۇ بىلەن مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ ئىچىلىپ، ئوزۇق يېيىلىپ بولىدۇ. ھاجەر ئوغلى ئىسمائىلنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوزۇق ۋە سۇ تېپىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا سەيئى قىلىدۇ. بۇ چاغدا، ئاللاتائالانىڭ ئۇ ئىككىيلەنگە رەھمى كېلىپ، زەمزەم بۇلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىبنى ھىشام بۇ ھەقتىكى قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھاجەر سۇ ئىزدەپ تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەفاغا بېرىپ ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىپ، ئىسمائىلنى قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەيدۇ. ئارقىدىن، يەنە مەرۋىگە بېرىپ ئىبادەت قىلىپ ئاللاتائالادىن ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى تىلەيدۇ. ئاللاتائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تاپىنى بىلەن ئىسمائىلغا يەرنى ئويۇپ بېرىدۇ، ئويۇلغان يەردىن ئاستا - ئاستا سۇ چىقىدۇ. ھاجەر دۇئا قىلىۋاتقان چېغىدا، بىر شىرنىڭ

---

① «مەككە» — بۇ ئەرەبچىدە پېئىل بولۇپ، مەنىسى «ئەممەك، شورىماق» دېگەن بولىدۇ. مۇقەددەس مەككە شەھىرى جايلاشقان يەر ئەسلىدە بىر قۇرغاق جىلغا بولۇپ، ئۇنىڭ نامى مەزكۇر پېئىلدىن كەلگەن دېيىلىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ بىرەر خەۋپكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇقتەك ئۇچۇپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ بارىدۇ. ھاجەر كەلگەندە، قۇملۇق يەردە ياتقان ئوغلىنىڭ كىچىككىنە قولى بىلەن بېشىنىڭ ئاستىدىكى يەردىن سۇ ئېلىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ (ھاجەر) دەرھال شۇ يەرنى كولاپ، يوغان بىر كۆلچەك قىلىدۇ.» سۇنىڭ پەيدا بولۇشى يەمەندىكى جۇرھۇم قەبىلىسىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئۇلار دەرھال كېلىپ بۇ يەرگە ماكانلاشتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدى ۋە بىر جۇرھۇم قىزغا ئۆيلەندى. ياقۇت ھەمۇۋى زەمزەم بۇلىقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە توساتتىن قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كېلىپ، ھەممە يەرنى بېسىپ كېتىدۇ. كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا، زەمزەم بۇلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.» ياقۇتنىڭ قارىشىچە، جۇغراپىيىۋى ئامىل زەمزەم بۇلىقىنى يۇتۇپ كەتكەنىدى. بىراق تارىخشۇناسلار زەمزەم بۇلىقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى تارىخىي سەۋەبتىن بولغان، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدىن تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر مۇقەددەم، مەككىنىڭ ئاقساقىلى مەداد①ئىبنى ئەمرۇ جۇرھۇمى دېگەن كىشى ئىدى. مەداد ئىبنى ئەمرۇ دۈشمەنلەر بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ يات ئارىدا ئۆزىنى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دۈشمەنلەرگە قېلىش ئېھتىمالى بولغان مەككىدىكى ئاساسلىق سۇ مەنبەلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئالتۇن - كۈمۈش

① مەداد — بۇ ئىسىم بەزى ئەسەرلەردە شۇلەردىكى «مەزاز» تەلەپپۇزى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ھالدىمۇ ئۇچرايدۇ — ت.

بايىلىقلارنى زەمزەم بۇلىقىغا تاشلاپ، ئۇستىنى توپا بىلەن تىندۇرۇپ، چېنىپ قالغۇدەك ھېچقانداق ئالامەت قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گويا تەبىئەتمۇ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولغاندەك، بىر پەس قۇيۇنلۇق شامال چىقىپ، ھەممە ئىزنى پاك - پاكىزە يوقىتىۋېتىدۇ. ئارقىدىن مەداد يەمەنگە قېچىپ كېتىدۇ. كېيىن مەككىلىكلەر قايتىدىن سۇ مەنبەسى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇپ، باشقىدىن بىرمۇنچە قۇدۇق قازىدۇ. بىراق، قۇدۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى مەككە شەھرىنىڭ سىرتىغا كولىنىدۇ.

مەككىلىكلەر مەككىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قۇدۇق قازدى. سەۋەب يەر ئاستى سۈيى ئۇلارنىڭ پېردىنبىر ئىستېمال سۇ مەنبەسى ھېسابلىناتتى. تەگرىتالا ئۇلارنى ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن يامغۇر سۈيىدە تەمىنلىمەيتتى ياكى مەككىگە تىنىمسىز ئېقىپ تۇرىدىغان بىرەر ئېقىن، يا بولمىسا ئۈزلۈكسىز فونتانلاپ تۇرىدىغان بۇلاق ئاتا قىلمىغانىدى.

قۇرەيشلەرنىڭ ھەر بىر جەمەتى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق زېمىنغا بىردىن قۇدۇق كولىدى. بەنۇ تەمىم ئىبنى مۇررە تۇلجەفەر بىر قۇدۇق كولاپ، ئۇنى « مۇررە ئىبنى كەئب قۇدۇقى » دەپ ئاتىدى. ئابدۇشەمس ئىبنى ئابدۇماناف باشقا بىر قۇدۇق كولاپ، ئۇنى «تەۋا قۇدۇقى » دەپ ئاتىدى. ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف قازغان قۇدۇقنى « بەزىر قۇدۇقى » دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنى خەلقلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى. يەنە بىر قۇدۇق كولاپ، ئۇنى « سەجلە قۇدۇقى » دەپ ئاتىدى. زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزى قايتا ئېچىلىشتىن بۇرۇن، سەجلە قۇدۇقى باشتىن - ئاخىر ھاشىم جەمەتىنىڭ خۇسۇسىي قۇدۇقى بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى قايتىدىن ئاچقاندىن كېيىن، سەجلە قۇدۇقىنى بەنۇنەۋفەل ئىبنى ئابدۇمانافقا بېرىۋەتتى. ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇشەمس بىر قۇدۇق كولاپ، ئۇنى «

ھەفۇر قۇدۇقى » دەپ ئاتىدى ۋە بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى خاسلا ئۆز جەمەتى ئارا ئىشلەتتى . بەنۇ ئابدۇددار كولىغان قۇدۇقنا « ئۇممۇ ئەھراد قۇدۇقى » دەپ نام بەردى . بەنۇجەمەھ كولىغان قۇدۇقنى « سۇنبۇلە قۇدۇقى » دەپ ئاتىدى . بەنۇسەھەم بىر قۇدۇق كولاپ ، ئۇنى « غەمۇر قۇدۇقى » دەپ ئاتىدى . مەككە شەھىرىنىڭ سىرتىدا يەنە بىرمۇنچە قۇدۇقلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كولانغان ۋاقتى مۇررە ئىبنى كەئىب ۋە كىلاب ئىبنى مۇررە قاتارلىق قۇرەيشلەر زامانىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۆتكەن ئاقساقاللارنىڭ دەۋرىگە تۇتىشىدۇ . بۇ قۇدۇقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرى مۇررە ئىبنى كەئىب ئىبنى لۇئەي كولىغان « رەم قۇدۇقى » بىلەن بەنۇكىلاب ئىبنى مۇررە كولىغان « زەم ①قۇدۇقى » ھېسابلىناتتى .

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلاب ئۆز زامانىسىدا ، ئۇدۇمغا قاراشلىق ھىياز دېگەن يەردە ھەج قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى . بۇ سۇ مەككە شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى « مەيمۇن ھەزرەمى قۇدۇقى » قاتارلىق قۇدۇقلاردىن ئېلىناتتى . كېيىن ، قۇسەي ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانىئىنىڭ قورۇسىغا بىر قۇدۇق كولاپ ، ئۇنى « ئەمىل قۇدۇقى » دەپ ئاتىغان . بۇ قۇدۇق مەككە شەھىرىدىكى ئاممىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تۇنجى ئاممىۋى قۇدۇق بولغان . ئۆز ۋاقتىدا ، ئەرەبلەر بۇ قۇدۇقتىن سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، ھەمىشە نەزمە ئوقۇپ ئۇنى مەدھىيىلەيتتى :

ئىچىپ « ئەمىل قۇدۇقى » سۈيىدىن قېنىپ ،
يولغا راۋان بولىمىز شۇ ئاندا يەنە .

---

① زەم ( خــــم ) : بۇ سۆز ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا « دەم » ئوقۇلىدۇ — ت .

دەيمىز قۇسەي ئىشەنچلىك، لەۋزى زەپ ھالال،
دېگەن سۆزىدىن كۆرسەتكەچ ئەمەلدە ئەنە.

ئەمەل قۇدۇقى قۇسەي ھايات ۋاقتىدا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئىزچىل ھالدا ئاممىۋى قۇدۇق بولۇپ كىشىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇماناف چوڭ بولغاندا، بەنى جەئىل جەمەتىدىن بىر ئادەم تېپىلىپ كېتىپ بۇ قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇدۇق تىندۇرۇۋېتىلگەن. كېيىن يەنە ھەرقايسى جەمەت ئۆز ئالدىغا قۇدۇق كولىۋالغان.

تارىخشۇناسلار ئارىسىدا، زەمزەم بۇلىقىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار بار. مەسئۇدى مۇنداق دەيدۇ: «زەمزەم بۇلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانكى، ئەڭ دەسلەپ قۇدۇق بېشىغا ئات بارغان، ئۇ بۇلاققا قاراپ كىشنىگەن. ئەرەبچىدىكى 〈زەم - زەم〉 دېگەن سۆز ئات سۇ ئىچكەن چاغدا، ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىقىدىغان ئاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ بۇلاق 〈زەمزەم بۇلىقى〉 دەپ ئاتالغان. بىراق يەنە بەزىلەر: بۇ بۇلاقنىڭ 〈زەمزەم〉 دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۆز ۋاقتىدا، ئاتنى بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا ئۆتۈپ سۇ ئىچمەي، بىر تەرەپتىلا تۇرۇپ ئىچسۇن، دەپ ئۇنى يەرگە باغلاپ قويغان، ئەرەبچىدە 〈چىڭ باغلاپ قويماق〉 دېگەننى 〈زەممە〉 (رم) دەيدۇ. دېمەك، 〈زەمزەم〉 دېگەن نام شۇ سۆزدىن كەلگەن.» مەسئۇدى بۇ ھەقتىكى بايانىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يەنە بىر رىۋايەتتە، زەمزەم بۇلىقىدىن بىرىنچى بولۇپ سۇ ئىچكەن ئات ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ (شۇ سۈرەتتە كۆرۈنگەن) بىر ئوغلى

ئىدى، دېيىلىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىھتىرامىنى بىلدۈرەتتى. ئەڭ ئاخىرقى ھاجى ساسان ئىبنى بابىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» ياقۇت ھەمۇرى مۇنداق دەيدۇ: «زەمزەم بۇلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغانكى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ سۈيى تولىمۇ مول ئىدى. ‹ زەم - زەم › دېگەن ئاتالغۇ ئەرەبچىدە سۈپەت سۆز ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ‹ مول › دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق يەنە بەزىلەر، زەمزەم بۇلىقىنىڭ شۇ نامدا ئاتىلىپ قېلىشىغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹ زەم - زەم › قىلىپ گەپ قىلىشى، يەنى ئۇنىڭ تەلەپپۇزى سەۋەب بولغان دەپمۇ قارايدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ باشقا يەنە بىرمۇنچە ناملىرى بولغان، مەسىلەن، ‹ زەمەم، رەمارەم › ، ‹ رەكدەئى جىبرىئىل › ، ‹ ھەزمەئى جىبرىئىل › ، ‹ھەزمەئى مەلىك ( پادىشاھ ) › دېگەنلەرگە ئوخشاش. ‹ رەكدە › بىلەن ‹ ھەزمە › يەر يۈزىدىن تۆۋەن بولغان ئىككى جاينىڭ ئىسمى ئىدى.»

## 2§ . چۈش

ئابدۇلمۇتەللىب سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا، مەككىنىڭ سىرتىدىكى قۇدۇقلارغا سۇ يىغىلغاندىن كېيىن، ئۇنى بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدىكى كۆلچەكلەرگە توشۇپ كېلىپ، ئاندىن ئىشلىتەتتى. ئابدۇلمۇتەللىب بۇ ئىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ھارىس ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەككىدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولغان يىللىرى ئاسماندىن بىر تېمىممۇ يامغۇر چۈشمەي، قۇدۇقلار قۇرۇپ كېتىپ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سۇ مەسىلىسى ئەڭ مۈشكۈل مەسىلە بولۇپ

قالاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئابدۇلمۇتەللىب يەنىلا ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ سۇ تەمىناتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى.

ھەج پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ كەلگەن يېرىگە قايتىپ كېتىشەتتى. بىر نۆۋەت، باھار پەسلىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئىدى، قۇرەيشلەر ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشتى. گەپتىن گەپ چىقىپ پاراڭنىڭ ماۋزۇسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ھەج قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش يولىدا يولۇقۇۋاتقان قىيىنچىلىقلىرى ئۈستىگە يۆتكەلدى. ئۇلار ئاللاتائالانىڭ قۇرەيشلەرنىڭ شۆھرىتىنى پۈتكۈل ئەرەبلەر ئارىسىدا بۈيۈك ماقامدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئاللاغا ھەمدۇسانالار ئېيتىشتى. زەمزەم بۇلىقىنى ئەسلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر تېپىۋالساق كاشكى، دەپ ئارمان قىلىشتى. ئارىدىن ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇشەمس ئىسىملىك بىر ئالىم زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئۆتمۈشىنى، يەنى مەداد ئىبنى ئەمرۇ جۇرھۇمنىڭ ئۇنى تىندۇرۇۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى قىسسىسىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغ، سۇكۇتتە ئولتۇرغان ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قەلبىدە بىر بۈيۈك ئارزۇ، يەنى زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئورنىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى قايتىدىن ئېچىپ مەككىدىكى سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلدى.

بەزى قەدىمكى تارىخشۇناسلار ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ بىر چۈش كۆرۈپ چۈشىدىكى ئەمرگە بىنائەن زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقى ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ. ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇلمۇتەللىب ھەجەر ① دە ئۇخلاۋاتقاندا، چۈشىدە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭغا زەمزەم

---

① ھەجەر — بەيتۇللانىڭ ئالدىدىكى سەينانى كۆرسىتىدۇ — ئەرەبچە ئەسلى ئىزاھ.

بۇلىقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ھەققىدە ئەمر قىلغان»، ئىبنى ھىشامنىڭ بايان قىلىشىچە، مەزكۇر چۈش ھەققىدىكى قىسسە توغرىسىدا تارىخشۇناس ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا تۇتۇش قىلىش ئىشىدا، ئالدى بىلەن ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ بۇ بۇلاق ھەققىدىكى سۆھبىتىنى ئاڭلىغان. بۇ چاغدا ئۇ بۇ بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئەمرنى قوبۇل قىلغانىكەن. مەن بۇ گەپنى يەزىد ئىبنى ئەبى ھەبەب مىسىردىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ مۇرشىد ئىبنى ئابدۇللاھ يەزەندىن ئاڭلاپتىكەن. مۇرشىد بولسا، ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى زەرىر غافىقىدىن ئاڭلىغانىكەن ...»

ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن بەيتۇللانىڭ ئالدىدىكى سەيىنادا ئۇخلاۋاتاتتىم. چۈشۈمدە بىر ئادەم ئالدىمغا كەلدى.

— بېرىپ تەييىبە ①نى كولىغىن! — دېدى ئۇ ئادەم.

— تەييىبە دېگەن قەيەر؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

ئەتىسى يەنە شۇ يەردە ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە ھېلىقى ئادەم يەنە كەلدى.

— بېرىپ بىررە ②نى كولىغىن! — دېدى ئۇ ئادەم.

— بىررە دېگەن قەيەردە؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ئادەم

---

① تەييىبە — زەمزەم بۇلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ياخشى، مۇنەۋۋەر» دېگەن بولۇپ، زەمزەم بۇلىقىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرى پايدىلانغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

② بىررە — زەمزەم بۇلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئادىل ۋە پاك» بولۇپ، مەزكۇر بۇلاقنىڭ سۈيى ئادىل ۋە پاك ئادەملەرنىڭ تەمناتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەچكە شۇنداق ئاتالغان.

يەنىلا كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

ئۈچىنچى كۈنى مەن يەنە ئاشۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە ھېلىقى ئادەم يەنە كەلدى.

— بېرىپ مەدىنۇنە ① نى كولىغىن! — دېدى ئۇ.

— مەدىنۇنە دېگەن قەيەر ئۇ؟ — سورىدىم مەن. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

تۆتىنچى كۈنى مەن يەنە شۇ يەردە ئۇخلاۋاتاتتىم، چۈشۈمدە ھېلىقى ئادەم يەنە كەلدى.

— بېرىپ زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچقىن! — دېدى ئۇ.

— زەمزەم بۇلىقى قەيەردە؟ — سورىدىم مەن.

— تۈگىمەس-پۈتمەس سۈيى بار، ھەج قىلغۇچىلارغا مەڭگۈ يار ② ئۇ بۇلاق چۈمۈلە كەنتى بويىنغا چەمبىرەك ئاسقان (كەسكىدار) قاغا ئۇۋىسىدىكى قان بىلەن ئوت-چۆپنىڭ ئارىسىدا.»

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ چۈشىدە، زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئورنى چۈمۈلە كەنتى، بويىنغا چەمبىرەك ئاسقان قاغا ئۇۋىسىدىكى قان بىلەن ئوت-چۆپنىڭ ئارىسىدا ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئاتالمىش «قان بىلەن ئوت-چۆپ» توغرىسىدا، تارىخشۇناسلار ئېنىق شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ زەمزەم بۇلىقى سۈيىنىڭ بىمارلار ئۈچۈن ئوزۇق ۋە شىپالىق دورا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «بويىنغا چەمبىرەك ئاسقان قاغا» دېگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەبەشىستاندىن كەلگەن ئىككى كىچىك پۇتلۇق مەخلۇق

---

① مەدىنۇنە — زەمزەم بۇلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «بېخىل» بولۇپ، يات دىندىكىلەر ئۈچۈن زەمزەم بۇلىقىنىڭ سۈيى بېخىلدۇر، دېگەن مەنىدە شۇنداق ئاتالغان.

② بۇ جۈملىلەر ئەسلىي ئەسەردىمۇ قاپىيىداش قىلىپ بېرىلگەن.

بەيتۇللاغا ئېيتىپ قويسۇن !» دېگەن گېپىنى كۆرسىتىدۇ. «چۈمۈلە كەنتى» نىڭمۇ مۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشى بار: زەمزەم بۇلىقى مەككىدىكى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سۇ تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى (ئاھالىلەر ئولتۇراقلىق) ئۆيلەر ئوراپ تۇرىدۇ. مەككىگە بۇغداي، ئارپا قاتارلىق نەرسىلەر سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ئۆزىدە يەر ئېكىلمىگەنلىكتىن، زىرائەت تېرىغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئاشلىق تۆت ئەتراپتىن توشۇپ كېلىنىدۇ.

مانا بۇلار ئىبنى ھىشام بايان قىلغان ئەھۋال. ئىبنى ھىشام بىر نوپۇز ئىگىسى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخشۇناسلار ۋە يازغۇچىلار ئۇ بايان قىلغان مەزكۇر چۈش قىسسىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ چۈش ھەققىدىكى قىسسە توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغان تارىخشۇناسلارمۇ يوق ئەمەس. ئالايلۇق، مەسئۇدى ئۆزىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا، مەزكۇر چۈش قىسسىگە سەل قارىغان بولۇپ، ئۇ: «كەسرا ① قەباز زامانىدا، زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزى ئېچىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ بۇلاق تىندۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، كولاپ ئېچىلغاندا ئۇنىڭدىن گۆھەر، ياقۇت ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ئىككى دانە ئالتۇن بۆكەن، يەتتە دانە قەلئە قىلىچى، يەتتە قۇر كەڭ ھەم چوڭ ساۋۇت چىققان. قىلىچلارنى ئېرىتىپ بەيتۇللاغا بىر دەرۋازا قويغان. بىر ئالتۇن بۆكەننى بۇزۇپ بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسىنى قاڭالتىرلاشقا ئىشلەتكەن.

---

① كەسرا — خۇددى بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى «سۇلتان» ئاتالغاندەك قەدىمكى پارس پادىشاھلىرى «كەسرا» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان — ت.

ئالتۇن بۆكەننىڭ يەنە بىرىنى بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قويغان.» ① دە پىلا قويغان، خالاس.

بۇيۇك ئەدىب، دوكتور تاھا ھۇسەين «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە پاراڭ» ناملىق كىتابىدا، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ چۈشىنى ئاجايىپ پەيز تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئەدىب ھىلىقى غايىبانە دەۋەتكارنىڭ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ چۈشىگە ئۇدا ئۈچ قېتىم كىرىپ، ئۇنىڭغا « تەييىبەنى كولىغىن»، «بىررەنى كولىغىن»، «مەدنۇنەنى كولىغىن» دەپ دەۋەت قىلغىنى بىلەنلا بىر رومانىنى يېزىۋېتىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: ئابدۇلمۇتەللىب بۇ چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن تەنھا ئولتۇرۇپ ئويغا چۆكىدىغان ۋە خاتىرجەمسىزلىنىدىغان، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىرىدا، ئۇبۇ ئىشنى كاھىن ②غا دېمەكچى بولدى. بىراق كاھىننىڭ ئۆزىنى بەك ئېھتىياتچان، ھېسسىياتچان ئىكەنىسىز، دەپ ئېيتقانلىرىنى سىرتقا يېيىۋېتىشتىن قورقتى. ھەرب ئىبنى ئۈمەييە ئۇنى بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن گۆدەك بالا، دەپ مەسخىرە قىلدى. ئابدۇلمۇتەللىب، ھىلىقى دەۋەتكار ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆز جەمەتىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكتىن قەبرىسى يېتىمسىراپ قالغان، ئۆزىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىنمىغانلىقتىن روھى ئاجىزلاپ كەتكەن مەلۇم بىر قۇرەيشنىڭ روھى؛ ياكى بولمىسا، ئادەمگە چېپىلىۋېلىپ، ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان جىن؛ ياكى بولمىسا، قۇربانلىق تەلەپ قىلىۋاتقان، مەلۇم بىر ئىلاھنىڭ نەزىرىگە يولۇققان بىر ئىنسان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئامراق خوتۇنى سەمراغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن چارە - تەدبىر سورىدى. سەمرا ئۇنىڭغا

---

① مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق»، 2 - توم، 127 - بەت.

② كاھىن — رەم سالغۇچى، پال ئاچقۇچى، چۈش ئۆرىگۈچى — ت.

مۇنداق دېدى: «ھودۇقما، قورقما، ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپمۇ كەتمە. بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بەدەۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدىمىزغا چاقىرىپ، چۈشنى ئۇلارغا دەپ بېرەيلى. ئۇلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلىپمۇ، كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمەس. سەن بىر ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر بەر، كاھىننىڭ ئىجازىتىنى ئالماي دەپمۇ ئولتۇرما. شۇنداق قىلساڭ نېمىشقا بولمايدىكەن؟! قېنى، ئورنۇڭدىن تۇر! سەن ئۇلارغا ئەھۋالنىڭ ئەينىنى بايان قىلغىن. سەن قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بەرسەڭ ئاتا - بوۋىلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قىلسەن. ھالبۇكى، كۆپچىلىك بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ، نامراتلار، ئاچ - يالىڭاچلارمۇ رازى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل قۇرەيشلەرنى ھاياجانغا سالىسەن!»

شۇنىڭ بىلەن مەككىدە يىگىلىك، ئىچكىلىك تەييار شۇنداق مەمۇرچىلىق ۋە قايناق - تاشقىنلىق بىر كۈن بولدىكى، بۇنىڭغا ھەتتا بۇتلارمۇ خۇشال بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب خۇشال - خۇرام يېتىپ، كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندا، چۈشىدە ھېلىقى دەۋەتكار يەنە كەلدى.

«— بېرىپ زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچقىن! — دېدى ئۇ.

— زەمزەم بۇلىقى قەيەردە؟ — سورىدى ئابدۇلمۇتەللىب.

— پۈتمەس - تۈگىمەس سۈيى بار، ھەج قىلغۇچىلارغا مەڭگۈ يار بولغان ئۇ بۇلاق بويىنىغا چەمبىرەك ئاسقان قاغا ئۇۋىسىدىكى قان بىلەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا.

— ھە، مەن ئەمدى ئۇقتۇم، — دېدى ئابدۇلمۇتەللىب.»

## 3§. زەمزەم بۇلىقىنىڭ تېپىلىشى

چۈشى ئابدۇلمۇتەللىبكە زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئورنىنى

مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ بىرىپ شۇنداق كولىشىغىلا تەجدادى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى سۇلىرى ئۈزۈلمەي بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان زەمزەم بۇلىقى قايتىدىن پەيدا بولدى. مانا بۇ مەككىنىڭ گۈللىنىشى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان، سۇ يېتىشمەسلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان مەككىلىكلەر، خۇسۇسەن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئۆزى ئىدى. ھېلىقى غايىبانە دەۋەتكار ئىما قىلغان بۇلاق ئورنى ئەساف، نائىلە ئىسىملىك ئىككى بۇتنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ، ئابدۇلمۇتەللىبكە دەۋەتكارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلەشكە قالغانىدى.

ئىبنى ھىشامنىڭ بايان قىلىشىچە، ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئورنىنى ئىزدىگەن چېغىدا، ئوغلى ھارىس بىلەنلا بىرىپ، بۇ مۇشكۈل ئىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ئىبنى ھىشام بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ شۇ بىرلا ئوغلى بار ئىدى» دەيدۇ.

بىراق، بىزنىڭقارىشىمىزچە، ئۇنىڭ ئوغلىنىلا ئېلىپ بېرىشى ھەرگىزمۇ بۇ ئىشقا ئىككىمىزلا كۇپايە قىلىمىز، دەپ قارىغانلىقىدىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقىنى ناھايىتى زور كۈچ ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق تاش - تۇپىلارنى كولاپ چىقىرىدىغان غايەت مۇشكۈل ئەمگەك ئىدى. دۇرۇس، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىدى. بىراق، پۈتكۈل مەككىنىڭ داھىيسى، قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىبېشى بولغان ئابدۇلمۇتەللىب بىرنەچچە ئون، ھەتتا بىرنەچچە يۈز قۇرەيش ۋە مەككىلىكنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى ئەجدادى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلىقىنى ئىزدىتىشكە پۈتۈنلەي قادىر ئىدى.

خۇسۇسەن، سۇ مەسىلىسى بارلىق كىشلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۇنداق قىلىشى، ئۇ، چۈشىدە زاھىر بولغان غايىبانە دەۋەتكارنى قاباھەتلىك چۈشتىكى كۆلەڭگە، دەپ قارىغانلىقى؛ ياكى بولمىسا، بىرەر بەتقىلىق ئالۋاستى دەپ ئويلىغانلىقى، ياكى بولمىسا، باشقا بىرەر ياۋۇز جىننىڭ ئەرۋاھى، دەپ چۈشەنگەنلىكىدىن بولۇشى ئېھتىمال. شۇڭلاشقا ئۇ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، زەمزەم بولىقىنى ئىزدەشكە ئوغلۇمنىلا ئېلىپ باراي، ئالىمادىس تاپالماي قالسام، بۇ ئىشنى دادا - بالا ئىككىمىز ئىچىمىزدە بىلسەكلا بولدى، بۇ ھالدا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىلىپ قېلىپ بىزنى مەسخىرە قىلىشى ۋە تىللىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغان.

ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى كولاپ قويغان، مەككە جەددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان قۇدۇقنى ئۆزىنىڭ تاپالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئويىچە، زەمزەم بۇلىقىنى تېپىش پۈتكۈل مەككىلىكلەرنىڭ قەلبىدە غايەت زور تەسىر ۋە شادلىق قوزغايدىغان شەرەپلىك ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇنداق زور شەرەپنىڭ پەيزىنى ئوغلى بىلەن ئۆزىلا سۈرمەكچى بولغان.

ئابدۇلمۇتەللىب ئوغلى ھارىس بىلەن پالتا، خورما دەرىخىنىڭ نوتا شېخىدا توقۇلغان زەمبىل، سېۋەت، كۈرەك قاتارلىق لازىمەتلىك قوراللارنى ئېلىپ، ھېلىقى غايىبانە دەۋەتكار ئىما قىلغان جايغا كېلىدۇ. ئۇلار چۈمۈلە كەنتىنى تېپىپ قارىغۇدەك بولسا، دېگەندەك ئىككى بۇتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇۋا سالغان قاغا كۆرۈنىدۇ. بۇت بولسا، ئىلگىرى قۇرەيشلەر نەزىر - چىراغ بېرىپ

تۇرىدىغان ئەساق بىلەن نائىلە ئىدى .

بىراق، كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىدۇ . بەزى قۇرەيشلەر ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ مۇقەددەس بۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، بۇلارنىڭ بۇ يەرنى نېمىشقا كولايدىغانلىقىنى بىلەلمەي، «بۇ ئىككىسى بىزنىڭ مۇقەددەس بۇتلىرىمىزنى ئۇرۇپ، چېقىپ تاشلىماقچى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئابدۇلمۇتەللىبكە قاراپ: « ئاللا بىلەن قەسەمكى، سەنلەرنىڭ بىز قۇربانلىق قىلىپ، نەزىر - چىراغ بېرىپ تۇرىدىغان بۇتلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورا كولىشىڭغا يول قويمايمىز !» دەيدۇ . ئابدۇلمۇتەللىب دەرھال ئوغلى ھارىسقا: «سەن مېنى قوغداپ تۇر، مەن كولاۋېرەي . ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن ماڭا ئەمر قىلىنغان بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقماي قويمايمەن» دەيدۇ . ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ نىيىتىدىن يانماي، ئۆز ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قۇرەيشلەر «دۇررىدە» كېلىپ، ئۇنى كولاشتىن توسىدۇ .

ئىبنى ھىشام مۇنداق بايان قىلىدۇ : «ئابدۇلمۇتەللىب ئازراق كولىشى بىلەنلا بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ، بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىدۇ . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قۇرەيشلەر ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب كولاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ . تۇساتتىن ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ باقمىغان بىر مەنزىرە ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ . ئابدۇلمۇتەللىب بۇلاقنى كولاپ كېڭەيتىۋېتىپ ئىككى دانە ئالتۇن بۆكەن بىلەن بىباھا شەمشەر ۋە ساۋۇتلارنى تېپىۋالىدۇ . بۇ قىممەت باھا مەدەنىي بۇيۇملار ئەسلىدە، مەداد ئىبنى ئەمرۇ جۇرھۇمنىڭ بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ يەمەنگە قېچىپ كېتىدىغان چاغدا، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زادىلا ئامال قىلالمىغان. بۇ ئەگەشتەرلەرنى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئىچىگە تاشلاپ، ئۈستىدىن توپا بىلەن تىندۇرۇۋەتكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ يەرگە قۇم - توپىلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن. بۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەر بولسا، بارغانسېرى يەرنىڭ تېگىگە چۆشۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆزى ۋە ئېسىدىن خۇپىيانە قېلىۋەرگەن، بىراق، يوقىلىپمۇ كەتمىگەن.①

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋېلىشى جىددىلگە سەۋەب بولىدۇ. ھېلىقى قۇرەيشلەر ئۇ تېپىۋالغان ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى تالىشىپ: 〈 بىز بۇنى تەڭ بۆلۈشىمىز 〉 دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب: 〈 ياق، تەڭ بۆلۈشۈشكە بولمايدۇ. بىز بۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنىڭ كىمگە تېگىشلىك بولۇشىنى چەك تاشلاش يولى بىلەن بەلگىلەيلى 〉 دەيدۇ.

— چەكنى قانداق تاشلايمەن؟

— مەن بەيتۇللا ئۈچۈن ئىككى چەك ياسايمەن، سىلەر ئۈچۈن ئىككى چەك ياسايمەن. ھەر كىم نېمىنىڭ چېكىنى ئالسا، شۇ چەكتە چىققىنىنى ئالىدۇ. چەكتە چىقمىغانلارغا ھېچنېمە بېرىلمەيدۇ، شۇ.

— ئادىل گەپ قىلدىڭ، شۇنداق قىلايلى، ئەمىسە!

ئابدۇلمۇتەللىب بەيتۇللا ئۈچۈن ئىككى سېرىق چەك، ئۆزى ئۈچۈن ئىككى قارا چەك، قۇرەيشلەر ئۈچۈن ئىككى ئاق چەك ياسايدۇ. ئارقىدىن، تەييار بولغان چەكلەرنى مەخسۇس چەك تاشلاشنى باشقۇرىدىغان خالىس ئادەم (ساھىبى قىداھ) گە تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ھۇبەل ئاتلىق بۇتنىڭ ئالدىدا تاشلاتقۇزىدۇ. ھۇبەل ئەينى ۋاقىتتا، بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان ئەڭ چوڭ

---

① ئىبنى ھىشام: «پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھالى»، 1 - توم، 146 - بەت.

بوت ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئىچىدە ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا يېلىندى. خالىس چەك تاشلىغۇچى ئادەم چەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ بىر تاشلىغاندا، ئىككى سېرىق چەك چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دانە ئالتۇن بۆكەن بەيتۇللاغا تەئەللۇق بولىدۇ، ئارقىدىن، خالىس چەك تاشلىغۇچى چەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تاشلىغاندا، ئىككى دانە قارا چەك چىقىدۇ. شۇڭا شەمشەر قىلىچلار بىلەن ساۋۇتلار ئابدۇلمۇتەللىبكە تەئەللۇق بولىدۇ. قۇرەيشلەرگە چەك چىقمىغاچقا، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب شەمشەر قىلىچلاردىن بەيتۇللاغا بىر دەرۋازا قۇيدۇرىدۇ. ئىككى دانە ئالتۇن بۆكەننى دەرۋازىنى قاڭالترلاشقا ئىشلىتىدۇ.»①

ئىبنى ھىشام قۇرەيشلەرنىڭ زەمزەم بۇلىقىدىن تېپىلغان ئەتىۋارلىق نەرسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە يەنە مۇنداق ھېكايىنىمۇ بايان قىلىدۇ: «قۇرەيشلەر تېپىۋېلىنغان ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن تەڭ بۆلۈشمەكچى بولىدۇ. ئۇلار: ‹ئى، ئابدۇلمۇتەللىب، بۇ بۇلاق ئاتىمىز ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭكى. بۇ تېپىلغان نەرسىلەردە بىزنىڭ ھەققىمىز بار. شۇڭا، بىز بۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى› دېگەندە، ئابدۇلمۇتەللىب: ‹مەن يارىتقۇچى ئەمەسمەن. بۇنى بىر تەرەپ قىلىشنى كۆز ئالدىڭلاردىلا سىلەر تەيىنلىگەن بىرەيلەنگە تاپشۇرۇپ بېرەي› دەيدۇ. قۇرەيشلەر: ‹ياخشىسى، بىر لىللا ئىش قىلىپ، كۆپچىلىك تەڭ بۆلۈشەيلى، بىز سېنى بىر چەتكە قايرىپ قويماقچى ئەمەسمىز، سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتىمىز، خالاس› دەيدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب: ‹ماقۇل ئەمىسە، سىلەر

---

① بۇ مەزمۇن بىلەن ئالدىنقى مەزمۇندا بىر ئاز ئىختىلاپ بار. ئەرەبچە ئەسلى تېكىستتىمۇ شۇنداق ئىكەن ـ ت.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا شاپائەتچى بولالايدىغان ئادەمدىن بىرنى تېپىڭلار، مەن ئۇ كىشىگە شىكايەت قىلاي، ئۇ خالىس ھۆكۈم قىلىپ قويسۇن › دەيدۇ. قۇرەيشلەر: ‹ كاھىنە بەنى شەئد ھۇزەيم شاپائەتچى بولسۇن › دېگەندە، ئابدۇلمۇتەللىب ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇ. ئۇز ۋاقتىدا بۇ كاھىنە شام شەھرىنىڭ مەسرىق دېگەن يېرىدە ئولتۇراتتى.

ئابدۇلمۇتەللىب دادىسى ئابدۇمانافنىڭ بىر توپ ئەۋلادىغا، قۇرەيشلەر بولسا، ئۆز جەمەتىدىكىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر توپقا باشچىلىق قىلىپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ماگار ـ ماگار ھىجاز بىلەن شام ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاقاس دالىغا يېتىپ كەلگەندە، ئابدۇلمۇتەللىب باشچىلىق قىلغان توپنىڭ سۈيى تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇلار قاتتىق ئۇسساپ كېتىپ ئۆزلىرى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ كېلىۋاتقان قۇرەيشلەردىن ئازراق سۇ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بىراق، ئۇلار بۇنى رەت قىلىپ: ‹ بىز ھازىر قاقاس دالىدا كېتىۋاتىمىز. شۇڭا سىلەرگە ئوخشاشلا سۇسىز قېلىشتىن ئەنسىرەيمىز › دەيدۇ.

ئابدۇلمۇتەللىب ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتىنىلا ئويلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز توپىدىكىلەرگە: ‹ سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، جامائەت، بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ › دەيدۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا جاۋابەن: ‹بىز سەن نېمە دېسەڭ شۇ بويىچە ئىش قىلىمىز. قېنى ئەمر قىلغىن، سېنىڭ پىكرىڭچە ئىش قىلايلى › دەيدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب: ‹مېنىڭچە، بىز تېخى كۈچىمىز بار چاغنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەر قايسىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن بىردىن ئورا كولىۋالايلى. مۇنداق بولغاندا كىم ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتسە،

ئۇنى ئۆزى كولىغان ئورەككە دەپنە قىلىپ قويايلى. شۇنداق بولغاندا، ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئۆلۈكى بۇ قاقاس دالىدا دەپنىسىز قالىدۇ. بۇ ـ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆلۈكى دەپنىسىز تاشلىنىپ قالغاندىن ياخشى، ئەلۋەتتە › دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بىردەك: ‹خوپ! سېنىڭ ئەمرىڭ بويىچە بولسۇن! › دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئارقىدىن، ھەممىيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇۋاپىق جاينى تېپىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئورا كولايدۇ. ئورىلارنى كولاپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىنىڭ يېنىدا ئۇساپ ئۆلۈشنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىب قوپۇپ ھەمراھلىرىغا: ‹ئەجەبا، بىز مۇشۇنداق بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىماستىن، قولىمىزنى قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتەمدۇق؟ بىز ئاجىزلىق قىلىپ تىز پۈكمەسلىكىمىز كېرەك. ئاللاتائالا بىرەر يەردىن بىزگە ئاز - تولا سۇ بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس! ›دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولنى داۋام قىلىش قارارىغا كېلىدۇ.

ئابدۇلمۇتەللىب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا جابدۇنىدۇ. ئۇلار بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ كېلىۋاتقان قۇرەيشلەر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشىدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب تۆگىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مىنىدۇ. قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۆگىنى «چۇ!» دەپ ئېرنى ئۇرۇشى بىلەن تەڭ تۆگىنىڭ تاپىنى ئاستىدىن سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى بۇلدۇقلاپ چىقىدۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ئابدۇلمۇتەللىب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەڭلا: ‹ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر! › دەپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب تۆگىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك ۋە لەززەتلىك بۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب ئۆيىدىن www.uyghurkitap.com

سۇيىدىن بىر يۇتۇم ئىچىدۇ. ئارقىدىن، ھەمراھلىرىمۇ كېلىپ سۇ ئىچىدۇ ۋە تۇلۇملىرىغا قاچىلايدۇ. ئاندىن ئۇلار قۇرەيشلەرنى چاقىرىپ: «چاپسان كېلىپ سۇ ئېلىۋېلىڭلار! ئاللاتائالا بىزگە يېتەرلىك سۇ بەردى، سىلەرمۇ كېلىپ ئىچىڭلار ۋە تۇلۇملىرىڭلارغا قاچىلىۋېلىڭلار!» دېيدۇ. قۇرەيشلەر كېلىپ، بولدۇقلاپ سۇ چىقىۋاتقان بۇلاقنى كۆرىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن قېنىپ ئىچىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئابدۇلمۇتەللىبكە قاراپ: «ئىلاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئابدۇلمۇتەللىب، ئىلاھىمىز بىزنى قايىل قىلدى. ئۇلۇغ ئىلاھ ھەققىدە قەسەمىيات قىلىمىزكى، بىز ئەبەدىئەبەد سەن بىلەن زەمزەم بۇلىقى توغرىسىدا دە ـ تالاش قىلمايمىز. بۇ پايانسىز چۆلدە ساڭا سۇ ئاتا قىلغان ئىلاھ ساڭا زەمزەم بۇلىقىنى ئاتا قىلغان ئىلاھىنىڭ ئۆزىدۇر. سەن ئەمدى مەشەدىنلا قايتىپ كېتىپ سەقايە (سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچى) لىكنى قىلساڭ» دېيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇلمۇتەللىب ھەمراھلىرى بىلەن بىللە مەككىگە قايتىپ كېتىدۇ. قۇرەيشلەر بولسا، ئۇنىڭ بىلەن دەتالىشىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئابدۇلمۇتەللىب ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تەئەللۇق ئىشلارغا ئىككىنچىلەپ ئارىلىشىۋالمايدىغان بولىدۇ.»

## § 4 . زەمزەم بۇلىقى تېپىلغاندىن كېيىن

شۇنداق قىلىپ، زەمزەم بۇلىقىدىن ئۈزلۈكسىز ھالدا بۇلدۇقلاپ چىققان سۇ زىيارەتچىلەرنى سۇغاردى، كائىناتنى ياشارتتى، زېمىننى كۆركەم يېشىللىققا پۈركىدى. ئابدۇلمۇتەللىبمۇ ھەج قىلغۇچىلارغا كېتەرلىك سۇ ئۈستىدە زادىلا قايغۇرمايدىغان بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ئىسمى پۈتكۈل ئەرەبلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان كاتتا زات بولۇپ قالدى.

شەمشەر، ساۋۇت ۋە ئالتۇن بۆكەنلەرنىڭ ھەممىسى بەيتۇللانى بىزەپ تۇرىدىغان زىننەت بۇيۇمى بولدى. ۋەھالەنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چاقناپ تۇرۇشى بەزى ئوغرىلارنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ كېچىسى بەيتۇللاغا چۈشۈشكە سەۋەبچى بولدى. ئوغرىلار شەمشەر، ساۋۇت شۇنىڭدەك ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاپ قاچتى. بىراق، زەمزەم بۇلىقى ئۆزىنىڭ يېگانە ۋە بۈيۈك مەۋجۇتلۇقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ بەرىكەتلىك سۈيى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەبەدىيلىك ئەڭگۈشتەر بولۇپ قېلىۋەردى.

مارجۇلىيۇس ئۆزىنىڭ «مۇھەممەدنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابىدا، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن سۇ مەنبەسى تېپىپ بېرىش يولىدا، خىلمۇخىل جاپا-مۇشەققەتلەرگە بوي بەرمەي كۈرەش قىلغانلىقىدىن تەئەججۈپلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزى تاپقان بۇلاق سۈيىنى ھەج قىلغۇچىلارغا سېتىپ، شۇ ئارقىلىق كۆپ پۇل ھايان ئېلىپ، بېيىپ تىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. ھەدىسشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن يازغۇچى لۇتفى جۇمئە بۇ خىل قاراشقا كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «تېتىقسىز گەپلەرگە بەس، ئەمدى! مارجۇلىيۇسنىڭ تونۇلغىنى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دەستەك مۇقامى. ئۇ يەرلەردە، قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىززەت، غۇرۇر دېگەن نەرسە بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر ئادەمنىڭ مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ پۇل-بايلىقىنى خەيرىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىشىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدۇ. چۈنكى، كۆپلىگەن ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، ھەق تۆلىمىگەن ئادەمگە كىشىلەر تاماق تۇگۇل بىر يۇتۇم سۇمۇ بەرمەيدۇ. مارجۇلىيۇس ئېتىقادسىزلەرنىڭ ئىچكىچە

بولغاندا، پۇل - تۆلەمسىز ھەتتا تاماقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈشمۇ ھارام. ھالبۇكى، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئاللاتائالاغا بولغان يۈكسەك ئېھتىرام ۋە ئىخلاس يۈزىسىدىن سۇ توشۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا خورما ۋە كىشمىش سېلىپ، ھەج قىلغۇچىلارغا تەقدىم قىلىشى، مەككە ئاھالىسى ئۈچۈن خالىس خىزمەتتە بولۇشى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغىشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر ؟! بىراق، شەرق مانا مۇشۇنداق ئالىيجاناب، مانا مۇشۇنداق مەردانە. بۇ يەردە سۇ ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۈچۈن ئورتاق بايلىقتۇر.» ①

ئىبنى ھىشام زەمزەم بۇلىقىنىڭ قايتا تېپىلىشىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «زەمزەم بۇلىقى ئۆز زامانىسىدا ھەج قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مەنبە ئىدى. ئۇ ھەرەم مەسچىتىگە جايلاشقانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ سۈيى باشقا قۇدۇقلارنىڭ سۈيىدىن ياخشى بولغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن سۇ ئالاتتى. كېيىن ئۇ تېز ئارىدا ۋەيران بولۇپ، ئۇنىڭ قايتا تېپىلىشى ئابدۇماناف جەمەتىنىڭ شەرىپى ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇماناف جەمەتىنىڭ پۈتكۈل قورەيشلەر ئالدىدا پەخىرلىنىدىغان يېرى ئۇلارنىڭ سەقايە (سۇ بىلەن تەمىنلەش) ۋە رەفادە (يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش) ۋەزىپىلىرىگە ئىگە بولغانلىقىدا، چۈنكى ئۇلارنىڭ باشقىلار ئۈچۈن يەنە بىر قاتار پايدىلىق خىزمەتلەرنى قىلغانلىقىدا ئىدى. زەمزەم بۇلىقى قايتا تېپىلغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بۇرۇنقىدەكلا بۇ بۇلاق ئارقىلىق كىشىلەرگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئابدۇماناف جەمەتىدىكىلەر تېگىدىن ھالاۋەتنىمۇ، جاپا - مۇشەققەتنىمۇ ئەل بىلەن تەڭ

① لۇتفى جۇمئە: «ئىسلام ئىنقىلابى»، 256 - بەت.



www.uyghurkitap.com

كۆرىدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىدى » ①.

ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى قايتىدىن ئېچىش جەريانىدا، خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەرنىمۇ بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ كەچۈرمىشلىرىنى قايتا ئەسكە ئالغىنىدا يالغۇز ئوغلى هارىسنىڭ كىچىككىنە بالا تۇرۇپمۇ شۇنداق مۇشەققەتلىك ئەمگەككە قاتناشقانلىقى، هېلىقى قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان قوپال مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بۇلاقنىڭ ئىچىدىن چىققان قىممەتلىك بايلىقلارنى تەڭ بۆلۈشىمىز دېيىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى كۆز ئالدىغا كەلدى - دە، ئۆزىنىڭ تەنهالىقىنى، پەرزەنتى ئاز بولغاچقا، شۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە دۇچار بولغانلىقىنى هېس قىلىپ قەلبىدە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆمەر ئىبنى ئائىز مەخزۇمىنىڭ هۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قىزى فاتىمەگە ئۆيلىنىش تىلىكىنى ئىزهار قىلدى. ئۇ فاتىمەگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئاللاتائالا ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن پەرزەنت ئاتا قىلدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ئائىلىسى هارىس، زۇبەير، هەجىل، دۇرار، مەقۇم، ئەبۇلەهەب، ئاباس، هەمزە، ئەبۇتالىب، ئابدۇللا قاتارلىق ئوغۇللىرى بىلەن سوفىيە، ۋەبرە، ئاتىكە، ئۇمموهەكىم، ئۇهەيمە ۋە ئەرۋا قاتارلىق قىزلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن روناق تېپىپ كەتتى. ئەسلىدە، ئابدۇلمۇتەللىب ئون ئوغۇللۇق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ۋە ئەگەر مۇشۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشسا، بەيتۇللادا ئۇلاردىن بىرنى قۇربانلىق قىلىپ ئاللاتائالاغا نەزىر بېرىمەن، دەپ ئەهدە قىلغانىدى.

---

① ئىبنى هىشام: «پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىهالى»، 1 - توم، 150 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەككىزىنچى باب

# بەيتۇللا ۋە پىل ئۇرۇشى ①

## § 1 . پارسلار ، رۇملۇقلار ۋە ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئەرەبلەر

ئابدۇلمۇتەللىب زامانىسىدا ، مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنىڭ بېتىدىن ئورۇن ئالغان بۈيۈك بىر ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇپ ، بۇ ۋەقە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان تارىخىي پاراڭ بولدى . شۇ چاغدا ، ھەبەشىستانلىقلار ئەبرەھەنىڭ قوماندانلىقىدا ھىجازغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ، مەككىنى ئىشغال قىلماقچى ، بەيتۇللانى چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولدى . بۇ چەت ئەل قوشۇنىنىڭ تۇنجى قېتىم ھىجازغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇنۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇز زامانىسىدا ، پارسلار بىلەن رۇملۇقلار تۇرغۇن قېتىم شىمال تەرەپتىن ھىجازغا تاجاۋۇز قىلىشنى خىيال قىلىشقان بولسىمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا كۆز يەتكۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ پىلانلاردىن ۋاز كەچكەنىدى . بۇ نۆۋەت ، ھەبەشىستانلىقلار رۇملۇقلارنىڭ مەدىتى بىلەن جەنۇب تەرەپتىن

---

① پىل ئۇرۇشى — بۇ ئاتالغۇ ئەرەبچىدە « ھەر بولغىل » دېيىلىدۇ . خەنزۇچىغا بولسا ، كونتېكستتىكى سۆز ئورامىغا قاراپ « پىل ئۇرۇشى » (象役) ، « پىللىق قوشۇن ئۇرۇشى » (象军之战) ، « پىل يىلى ئۇرۇشى » (象年之战) دەپ تەرجىمە قىلىنغان . ئۇ ئەرەبلەرنىڭ مىلادى 570 - يىلى (پىل يىلى) غايەت زور بىر پىل باشلامچى بولغان ھەبەشىستان قوشۇنلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشى ، دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ — ت .

ھىجازغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى، يەنى بەيتۇللا ئاللاتائالانىڭ ھىمايىسىدە قوغدىلىپ، تاجاۋۇزچىلار قوغلىۋېتىلدى.

تارىخشۇناس سىدىيۇ ئۆز زامانىسىدىكى ھىجازنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھىجازنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ يەردە بىرمۇنچە ئەرەب شەھەرلىرى بار ئىدى. ھىجاز رايونىدىكى قاتار - قاتار قۇم بارخانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاز بولمىغان مۇنبەت ئېدىرلار بولۇپ، بۇلار خۇددى شاھمات تاختىسىدەك كۆركەم ۋە كىشىنى مەھلىيا قىلارلىق مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ھەرقايسى قەبىلىلەر مانا شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ ئېدىرلىقلارنىڭ چۆرىسى يېزا - كەنتلەر ۋە ئاسانلىقچە ئىشغال قىلغىلى بولمايدىغان قەلئەلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇلار شۇ ئېدىرلىقلارنى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە قىلىپ تۇراتتى. ئېدىرلىقلارنىڭ يانباغىرلىرى دانلىق زىرائەتلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ھايۋانلارغا لازىمەتلىك ئوت - چۆپلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە يەنە نۇرغۇن بۇلاقلارمۇ بار ئىدى.» ①

تارىخشۇناس ۋاشىنگتون ئەرفەڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچراش ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەرنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنى تەتقىق قىلساق، ئاندىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىكى تۇرغۇنلۇقنىڭ سىرىنى، يەنى ئەرەبلەر ئەھۋالىنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن. روشەنكى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن بىپايان قۇملۇقلاردىن ئىبارەت تەبىئىي مۇھىت ئۇلارنى چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزى ۋە مۇداخىلىسىدىن ساقلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن،

---

① سىدىيۇ: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى».

ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى تۈگىمەس ئىچكى نىزا - جاڭجاللار بىلەن دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىك تەلەپ - دەۋالىرىمۇ باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە مۇستەملىكىچىلىكىگە پۇرسەت بەرمىگەن . » ①

ئىران بىلەن رۇم ئىككى دۆلەتنىڭ ھىجازنى يۇتۇۋېتىش تەمەسىدە چىشلىرىنى بىلەپ كەلگىنىگە ئۇزاق زامانلار بولغان بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى بىر كۈن بولمىسا ، بىر كۈنى تاكى ھىجاز رايونىغىچە كېڭەيتىشنى خىيال قىلاتتى . ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ، ئىران بىلەن رۇم ئۆز ئارا تەسىر كۈچ دائىرىسى تالاشقان . ئىراق ، ھىجازغا بارىدىغان يولنىڭ ئېگىز - پەس ، ئەگرى - توقاي بولۇشى ، ئۇرۇش ئېچىلغۇسى ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا سەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇنلۇقى ، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش يولىنىڭ پۈتۈنلەي قۇملۇق ۋە چۆل - جەزىرىدە بولۇشى ، ئەڭ مۇھىمى پارسلار بىلەن رۇملۇقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئەرەبلەرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك قوشۇننىڭ بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ رايون باشتىن - ئاياغ ئەرەبلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ چەت ئەلنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرىمىغانىدى .

پارسلار بىلەن رۇملۇقلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي كۈچ دائىرىسىنى ھىجازغىچە كېڭەيتەلمەيدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەندىن كېيىن ، كېڭەيمىچىلىك تىغىنىڭ ئۇچىنى يەمەنگە بۇرىدى . ئۆز زامانىسىدىكى يەمەن ئەرەب ھىميەر دۆلىتى دەپ ئاتىلاتتى . رۇملۇقلار خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشنى ۋاستە قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يول ئاچماقچى بولدى . پارسلار رۇملۇقلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى بىلىپ

① ۋاشىنگتون ئەر فەڭ : « مۇھەممەدنىڭ ھاياتى » ، 19 - بەت .

ئېلىپ، رۇملۇقلارنىڭ ئاتالمىش دىن تارقىتىش سىياسىتىگە جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇردى ۋە رۇملۇقلارنىڭ پارس قولتۇقىدا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلىدى.

ھەمىيەر دۆلىتى دەۋرىدە، زۇنەۋۋاس ئىسىملىك بىر پادىشاھنىڭ ئەسلىدىكى دىنىنى ئۆزگەرتىپ يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى سەۋەبى بىلەن پۈتكۈل يەمەن دىيارىدا يەھۇدىي دىنى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. يەھۇدىي دىنى كۈچىيىۋېلىپلا خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. نەجران دېگەن جايدا، كىشىلەر خرىستىئان مۇخلىسلىرىدىن بولغان مۇھاجىرلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارغا: «ئەگەر خرىستىئان دىنىدىن چىقىپ، يەھۇدىي دىنىغا كىرمەيدىغان بولساڭلار قىرىپ تاشلايمەن» دەپ تەھدىت سالدى. بۇ مۇھاجىرلار ئۆز ئەقىدە - ئېتىقادىدىن يېنىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەچكە، ھەممىسى بىر خەندەكتە كۆيدۈرۈلدى. ئۇ زاماندا، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئۆزىنى خرىستىئان دىنىنىڭ ھامىيسى دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ نەجران رايونىدا يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەمدىكى خرىستىئان مۇخلىسلىرىنى قىرىپ تاشلاش ۋەقەسىنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلدى - دە، دەرھال ھەبەشىستان نەجاشىسىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنى يەمەنگە قارىتا جازا يۈرۈشى قىلىپ، زۇنەۋۋاستىن ئىنتىقام ئېلىشقا بۇيرۇدى. نەجاشى ئىمپېراتورنىڭ مۇراجىئىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئەربات قوماندانلىقىدىكى يەتتە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى يەمەنگە ئەۋەتتى.

ئۇ زامانلار ھەبەشىستان دۆلىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن ۋاقتى بولۇپ، دېڭىز سودىسى ناھايىتى روناق تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بىر كېمىلىك قوشۇنى بار بولۇپ، بۇ قوشۇن ئارقىلىق ئۇلار دېڭىز قاتنىشىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ كۆچ دائىرىسى قوشنا دۆلەتلەرگىچە كېڭەيگەنىدى. شۇ چاغدىكى ھەبەشىستان ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، خۇددى ۋىزانتىيە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى خرىستىئان دىنىنىڭ بايراقدار بولغىنىغا ئوخشاش، ھەبەشىستان قىزىل دېڭىز رايونىدىكى خرىستىئان دىنىنىڭ بايراقدارى ئىدى.

مىلادى 523 - يىلى ھەبەشىستان زۇنەۋۋاس بىلەن ھىمىيەرىلەرنى مەغلۇپ قىلدى. تەبەرى بۇ ھەقتە مۇنداق بايان بېرىدۇ: «زۇنەۋۋاس بىر پەشۋا بىلەن ئاتتىن قاڭقىپ چىقىپ، ياپانسىز دېڭىزغا چۆشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچىلەپ ئىز - دېرىكى بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ھىمىيەر پادىشاھى جېنىسدىن جۇدا بولىدۇ. يەمەننىڭ مۇستەقىللىكىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدۇ.»

ھەبەشىستانلىقلار زۇنەۋۋاسنى جازالاپ ئۇنىڭدىن نەجرانىدا قىرغىن قىلىنغان خرىستىئانىيلارنىڭ قان قىساسىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك غەرىزىنى يوشۇردى. ئەريات زۇنەۋۋاسنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يەمەننىڭ باش ۋالىيسى بولدى. كېيىن، ئۇ ئولجا غەنىيمەتلىرى بىلەن سوۋغا - سالاتلارنى تەقسىم قىلىشتا باشقا بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تەقسىماتتا ئادالەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ گېنېراللىرى ئىسيان كۆتۈردى ۋە ئەبرەھە بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە ئەرياتنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ھەبەشىستانلىقلارنىڭ يەمەنگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇردى.

مىلادى 525 - يىلىدىن مىلادى 575 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەبەشىستان مۇستەملىكىچىلىرى غالىبلارچە قىياپەتتە يەمەننى بېسىپ ياتتى ۋە بۇ جەرياندا، يەمەننىڭ ئىقتىسادىي

مەنبەلىرىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئىشلەتتى.

## § 2 . سەنئادىكى خرىستىئان چېركاۋى ۋە مەككىدىكى بەيتۇللا

ئەبرەھە يەمەنىنىڭ سەنئا شەھىرىنى ھەبەشىستان يېڭى مۇستەملىكىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇ يەرگە دۇنيا بويىچە ئەڭ ھەشەمەتلىك، ئەڭ كۆركەم بىر چېركاۋ سالدۇردى. ئەرەبلەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا: بۇ چېركاۋنىڭ ئىسمى «قەلىس»، بۇ سۆز يۇنان تىلىدىكى «ئىككلىزىيا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ياسالغان بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «كاتتا خرىستىئان چېركاۋى» دېگەن بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. ھەبەشىستانلىقلار ئۆز ۋاقتىدا. بۇ كاتتا چېركاۋنى ئۆزلىرى يەمەندە بەرپا قىلغان خرىستىئان دۆلىتىنىڭ يادروسى قىلىشنى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىغا كېڭەيتىشنى، شۇ ئارقىلىق ھەبەشىستان خرىستىئان دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى تاكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەسسان خەلىپىلىكىگىچە كېڭەيتىپ كەلگەن شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى (ۋىزانتىيە) بىلەن تۇتاشتۇرۇشنى خىيال قىلىشتى.

سەنئا خرىستىئان چېركاۋىنىڭ كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، ياسىلىشى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى. دوكتۇر ھىتى ئۆزىنىڭ بۇ چېركاۋ توغرىسىدىكى قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەبەشىستانلىقلار ئەسلىدە يەمەننى بىر خرىستىئان دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى شىمالدىكى ھەج - تاۋاپ مەركىزى - بۇتقا ئىشىنىدىغان كۆپ ئىلاھلىق دىنىدىكى مەككە بىلەن ئۆزئارا رىقابەتلىشەلەيدىغان (؟) سوقاشتۇرالىغۇدەك بىر دۆلەت قىلىشنى پىلانلىغان. چۈنكى، ھەج - تاۋاپ پائالىيىتى ھەج -

www.uyghurkitap.com

تاۋاپ بولىدىغان شەھەرنىڭ ئاھالىسىنى ، شۇ شەھەرگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى يول ئۈستىگە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنى يېتەرلىك كىرىم ۋە ئوبدان دارامەتكە ئىگە قىلاتتى . شۇڭا ، ھەبەشىستانلىقلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جەنۇبقا كىشىنى جەلپ قىلارلىق بىر دىنىي چېركاۋ ياساپ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي رىقابەتچى كۈچ بولۇپ قالغانىدى .» دوكتور تاھا ھۇسەين بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ : « ئەبرەھە غايەت زور چىقىم بەدىلىگە كىشىلەرنى سەنئا كاتتا چېركاۋنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ‹بەيتۇللا › قىلدۇرماقچى بولدى . بىراق ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەر كۆپ ئىلاھلىق دىنىنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ ، جاھىللىق بىلەن بۇتقا چوقۇناتتى . دەرۋەقە ، ئۇلارمۇ ئەبرەھەنى بۇيۇك ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ، تەڭداشسىز ھوقۇققا ئىگە بىر ئادەم ، دەپ قارايتتى . شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ دىنىغا قاتتىق ئۆچ ئىدى ، تېگىدىن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى زادىلا خالىمايتتى . كېيىنچە مەزكۇر كاتتا چېركاۋغا بارىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى .»

سەنئادىكى كاتتا چېركاۋ بىر ئېگىزلىك ئۈستىگە سېلىنغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېركاۋ بۇلۇتقا تاقاشقاندەك بولغاچقا ، « قەلىس » دەپ ئاتالغان . ئەبرەھە مۇشۇنداق بىر چېركاۋ ياسىتىمەن دەپ يەمەن خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ ، ئۇلارنى مەسخىرىگە قويىدى . سەۋەب ، كاتتا چېركاۋ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سىزنقلىرى ياللداپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مەرمەر تاش ، نەقىشلىك ئۇيۇل تاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى بىلقىسنىڭ قەسرىدىن قومۇرۇپ كېلىنگەنىدى . بىلقىس قەسرى بىلەن كاتتا چېركاۋنىڭ ئارىلىقى

بىرنەچچە پەرسەخلا كېلەتتى. ئەبرەھە ھاشارچىلارغا تولىمۇ رەھىمسىز بولۇپ، كىمكى ئىشقا كۆن چىقىشتىن بۇرۇن كەلمەي (كۈن چىقىپ بولغاندا كېلىپ) قالسا، ئۇنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلايتتى.

ئەبرەھە ھەبەشىستان نەجاشىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئەرەبلەرنى ھەج - تاۋاپ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كاتتا چېركاۋىغا كېلىدىغان قىلماقچى، شۇ ئارقىلىق قۇرەيشلەرنىڭ سودا پائالىيىتىنى سەنئاغا مەركەزلەشتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئۇ مەكتۇپىدا: «مەن سەنئادا سىز ئۈچۈن شۇنداق بىر ئۆي ياساتتىمكى، مۇنداق ئۆينى ئەرەبلەرمۇ، پارسلارمۇ ئەزەلدىن ياسىيالىغان ئەمەس. ئۆي پۈتكەن ھامان، ئەرەب ھەج - تاۋاپچىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بەيتۇللاسىغا بارماي، مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ ھەج - تاۋاپ قىلىدىغان قىلىمەن.»

ئەبرەھەنىڭ پىلانى ئەرەبلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. مالىك ئىبنى كىنانە جەمەتىدىن بولغان بىر ئادەم كۆكرەك كېرىپ چىقىپ يەمەنگە كەلدى - دە، كاتتا چېركاۋغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇلغان مۇقەددەس نەرسىلەر ۋە مەبۇتلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىپ كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، «بەيتۇللانى چىقىپ تۈزلىۋېتىپ، ئەرەبلەرنى مېنىڭ كاتتا چېركاۋىمغا كېلىپ ھەج - تاۋاپ قىلىدىغان قىلمىسام ھېساب ئەمەس. ئەرەبلەر بۇنىڭغا ياخشىلىقچە كۆنسە كۆندى، كۆنمىسە قىلىچنى ئۇلارنىڭ قانىيىغا تەگلەپ تۇرۇپ بولسىمۇ، دېگىنىمنى قىلدۇرىمەن» دەپ قەسەم ئىچتى. ئىبنى ھىشام ئەبرەھەنىڭ قەسىمىنىڭ ئەرەبلەرگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ئۇنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ ئىشنىڭ يامانلاشقانلىقىنى، ئەھۋالنىڭ

ئېغىرلاشقانلىقىنى پەملەيدۇ. ئۇنىڭ ئاللاتائالانىڭ ئۆيى بەيتۇللانى چېقىپ تاشلايمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئەمدى راستىنلا كېلىپ، ئەرەبلەر بىلەن يا ئۇيان، يا بۇيان بولىدىغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىدىغان بولدى، دەپ قارايدۇ.»

ئەبرەھەنىڭ پىلانى سىرتقا پىيىلىپ بىر كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا، تىھامە خەلقى ئەبرەھە پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر ئەبرەھەنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتۇەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەڭگە ھازىرلىق قىلىپ، مەككىگە يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. نەجاشىغا يەنە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى نەجاشىغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئاز ئەسكەر ۋە جەڭ پىلى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. نەجاشى ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئەبرەھە ئەسكەر سانى كۆپ، قورال - ياراغلىرى مۇكەممەل بولغان زور بىر قوشۇن تەشكىللەشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ھەبەشىستانلىقلارنىڭ مەككىدىكى مۇقەددەس جاي بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. بۇرۇنقى زاماندا، بەزى يەمەنلىكلەرمۇ بەيتۇللادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يا ئۇنى ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى، يا بولمىسا، ئۇنى چېقىپ تاشلىماقچى بولغانىدى.

يەمەنلىكلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان چېغىدىلا، ئۇلارنىڭ كۆزى مەككىگە چۈشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ئىگىلىۋالماقچى، شۇ ئارقىلىق بەيتۇللانى ھەج - تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىپ، ماددىي مەنپەئەت ئالماقچى

بولغان . بىراق ، بۇ نىيەتتىكى يەمەن تەبابىئەلىرى ①( پادىشاھلىرى ) دە يېكىر ۋە قەدەم بىرلىكىمۇ يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەيتۇللانى چېقىپ تاشلىماقچى بولۇپ بارغاندا ، ھەرەمنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ياكى قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن . يەنە بەزىلىرى بولسا ، بەيتۇللاغا قەدىمىۇ قەدەم يېقىنلىشىپ بېرىپ ، ئۇنى ھىيلە بىلەن ئىشغال قىلىۋالماقچى بولغان .

لىھيان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان بىر توپ كىشى ھۇزەيلىدىن يەمەننىڭ بىر تۇببەئ ( پادىشاھى ) نىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ، مەككىدە بىر ئۆي بار ، ئەرەبلەر ئۇنى بەك ئۇلۇغلايدۇ ، ئۇ يەرگە بېرىپ قۇربانلىق قىلىپ ، نەزىر بېرىدۇ . ئۇنىڭ مۇتىۋەللىسى قۇرەيش قەبىلىسى . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر قەبىلە يۈكسەك شەرەپ ۋە تەرىپلەشكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە ، دەيدۇ . ئۇلار يەنە تۇببەئكە بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاپ ، يەمەندە شۇ تەقلىدتە باشقىدىن بىر ئۆي ياساش تەكلىپىنى بېرىپ ، شۇنداق قىلغاندا ، قۇرەيشلەر بەھرىمەن بولغاننىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ ، دەيدۇ .

شۇنىڭ بىلەن بۇ تۇببەئ بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاش قەستىدە مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ . بىراق ، ئۇ بەيتۇللانىڭ ئالدىغا بېرىش بىلەن تەڭلا ، ئاللاتائالانىڭ بۇ ئۆينىڭ ھەيۋىتى ۋە مۇقەددەسلىكىنىڭ تەسىرىدىن ، ئۇنى چېقىپ تاشلاش نىيىتىدىن دەرھال يانىدۇ . يەنى ئۇ بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشنىڭ ئورنىغا ، ئۇنىڭغا يوپۇق يېپىپ قويىدۇ ، قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بېرىدۇ .

---

① تەبابىئە — « تۇببەئ » نىڭ كۆپلۈك مەنىسى بولۇپ ، تۇببەئ قەدىمكى يەمەن پادىشاھلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى — ت .

www.uyghurkitap.com

تارىخشۇناسلار بۇ خىل بۇرۇلۇشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەيدۇ: «توساتتىن قارا بوران چىقىپ، قوم - تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ، يەمەنلىكلەرنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ، سېپىگە قالايمىقانچىلىق سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاش نىيىتىدىن يانىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆزلىرىنى توغرا يولغا باشلىغان ھىدا يەتكارنىڭ ھەققىدە قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆبىبەئ مەغلۇبىيەتتىن سالپايغان ھالدا يەمەنگە قايتىپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئالداپ مۇشۇنداق مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغان ھېلىقى ھۇزەيلىلەرنى جازالايدۇ.

### § 3. ئەبرەھەگە ئەگىشىپ مەككىگە يۈرۈش قىلىش

بىز يۇقىرىدا، تارىخشۇناسلارنىڭ ئەبرەھەنىڭ غەزەپتىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالغان ۋە ئەسەبىيلىكى تۇتقان ھالدا، بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشقا بەل باغلىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بىز تۆۋەندىكى كۆز قاراشقا قوشۇلىمىز: ئەبرەھە بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاپ، ئەرەبلەرنى ئۆزىنىڭ سەنئادىكى كاتتا چېركاۋىغا بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىدىغان قىلماقچى ۋە شۇ ئارقىلىق قۇرەيشلەرنىڭ ھەر يىلى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ كېلىشى شارائىتى بىلەن ئېرىشىدىغان دارامىتىنى ئۆز چۆنتىكىگە توغرىلىماقچى بولغان. بىز بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ ئەبرەھە بارلىق ئەرەبلەرنى خرىستىئانىيلاشتۇرماقچى بولغان، دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالىمىز. بەزىلەر ھەتتا، ئەبرەھە كاتتا چېركاۋغا بۆسۈپ كىرگەن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇقەددەس نەرسىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغان، چېركاۋنىڭ تاملىرىغا چىرىگەن جەسەت ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنى چاپلاپ قويغان ئەرەبلەرگە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

بىزنىڭچە، بۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى توغرا. قارىشىمىزچە، يۇقىرىقىلار ئەبرەھەنىڭ مەككىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە بەيتۇللانى چېقىپ تاشلىماقچى بولۇشىدىكى ئاساسىي مۇددىئا ۋە غەرەزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. تارىخشۇناسلار ئەبرەھەنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى «پىل ئۇرۇشى» (ھەر بۇلغىل) ياكى «پىللىق قوشۇن ئۇرۇشى» (ھەملە تۇلفىل) دەپ ئاتايدۇ.

بىراق، بىز بۇ يەردە ئەبرەھەنىڭ ھەبەشىستان نىجاشىسى بىلەن بولغان خۇسۇسىي مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر ئامىلنىمۇ قوشۇپ بايان قىلىمىز: ئەبرەھەنىڭ زۇنەۋۋاسنى مەغلۇپ قىلغان نىجاشى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئەرباتنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ھىمييەر ئەرەبلىرىنىڭ قولىدىن يەمەننى تارتىۋېلىشى نىجاشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇڭا، نىجاشى ئادەم ئەۋەتىپ «يەمەننى تۈزلىۋېتىمەن. ئەبرەھەنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ ئۇنى قورقۇتىدۇ.

ئەبرەھە نىجاشىنىڭ ئۆز قەسىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىن قورقۇپ، دەرھال ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، نىجاشىنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قىلمىشى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى، پادىشاھ، ئەرباتمۇ، مەنمۇ ئوخشاشلا سىزنىڭ قۇلىڭىز، گەرچە سىزنىڭ پەرمانلىرىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشتە ئىككىمىزنىڭ بەزى ئوخشىماسلىقلىرىمىز بولغان بولسىمۇ، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە سۆزسىز ئىتائەت قىلىپ كەلدۇق. ۋەھالەنكى، شەخسەن مەن سىزنىڭ پەرمانلىرىڭىزنى ئەرباتقا قارىغاندا تېخىمۇ قەيسەرلىك، تېخىمۇ توغرىلىق ۋە زېرەكلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ كەلدىم. سىزنىڭ قەسىمىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدا، ساداقەتچان قەلبىم بۈيۈك ھەيۋىتىڭىز ئالدىدا لاغىلداپ تىترىدى. مانا مەن چېچىمنى

پۈتۈنلەي چۈشۈرگۈزۈپ، ئۇنى بۇ دۆلەتنىڭ بىر خالتا تۇپىسى بىلەن قوشۇپ ھۇزۇرىڭىزغا يوللىدىم. سىز مەرھەمەت قىلىپ، شۇ تۇپا بىلەن چىچىمنى مۇبارەك ئايىغىڭىزدا دەسسەپ تۇرۇپ، ئۆز قەسىمىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسىز!»

نەجاشى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىلىپ، ئۆزىگە سادىق بولۇش، ئىككىنچىلەپ ھەبەشىستان قوشۇنىنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئەبرەھەنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. ئارقىدىن، نەجاشى ئەبرەھەگە: «سەن يەمەنتى مەسكەم ساقلاپ، بۇيرۇقۇمنى كۈتۈپ تۇر!» دەپ يارلىق ئەۋەتىدۇ.

كېيىن، ئەبرەھە ھەبەشىستان ئارمىيىسىنى باشلاپ، ئۇدۇل مەككىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئەبرەھە «مەھمۇد» ئىسىملىك زور بىر ئۇرۇش پىلىغا مىنىپ، قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قانچە جەڭ پىلى ماڭىدۇ. ئەبرەھە ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەككىگە بارىدىغان يول تۈپتۈز ۋە توسالغۇسىز ئەمەس بولۇپ، يولبويى ئۇ ئورغۇنلىغان توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. ئالدى بىلەن، زۇنەفەر ئىسىملىك بىر يەمەنلىك ئاقسۆڭەكنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. زۇنەفەر ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدىغان باشقا ئەرەبلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەبرەھەنىڭ بەيتۇللانى چېقىپ تاشلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ. زۇنەفەر ئەسلىدە قۇرەيشلەر قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. بىراق، ئەبرەھە ئەسكەر سانى جەھەتتە كۆپ، قورال جەھەتتە سەرخىل بولغان قوشۇن ۋە ئۇرۇش پىللىرىغا ئىگە بولغاچقا، زۇنەفەر ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيلا مەغلۇپ بولىدۇ، ئۆزىمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ

قالدۇ. ئەبرەھە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇ ئەبرەھەدىن رەھىم قىلىشنى تىلەپ: «ئى، پادىشاھ، مېنى ئۆلتۈرمەڭ. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭىزدىن يېنىڭىزدا ئېلىپ قالغىنىڭىز پايدىلىقراق» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەبرەھە ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى كىشەنلەپ ھەبسكە ئالىدۇ.

ئەبرەھە باشچىلىقىدىكى مەككىگە يۈرۈش قىلغان قوشۇن يەمەننىڭ تىھامە رايونىدىن ئۆتكەندە، شۇ بەردىكى خەسئەم قەبىلىسى قوماندان نەۋفەل ئىبنى ھەبىب خەسئەمىنىڭ باشچىلىقىدا باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىقىپ، قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بېرىدۇ. نەۋفەل ئىبنى ھەبىبنىڭ قوشۇنى خەسئەم قەبىلىسىگە مەنسۇپ ھەرقايسى جەمەتلەردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرى شەھران بىلەن ناھىس ئىككى جەمەت ئىدى. بۇ ئىككى جەمەتنىڭ ئادەملىرى بەكمۇ پالۋان ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلار يەنىلا سان جەھەتتە ئاز بولغاچقا لەشكەر سانى كۆپ بولغان دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولىدۇ. نەۋفەل ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئەبرەھە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولغاندا ئۇ ئەبرەھەنىڭ رەھىم قىلىپ كەچۈرۈشىنى تىلەپ: «ئى، پادىشاھ، مېنى ئۆلتۈرمەڭ، مەن سىزنىڭ ئەرەبلەر زېمىنىدىكى يولباشلىغۇچىڭىز بولاي. خەسئەم قەبىلىسىگە قاراشلىق شەھران بىلەن ناھىس ئىككى ئەزىمەت جەمەتنى سىزگە ئىككى قوللاپ تەقدىم قىلاي. مەن ئۇلارنىڭ سىز سىزىپ بەرگەن سىزىقتىن چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمەن.» دەيدۇ. ئەبرەھە ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، نەۋفەل يولباشلىغۇچى بولۇپ، ھەبەشىستانلىقلارنى مەككىگە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولغا ئېلىپ چىقىدۇ.

ھەبەشىستان ئارمىيىسى ھىجاز رايونى بويىچە ئەڭ گۈزەل،

ئەڭ باي ۋە ئاۋات بولغان تائىق شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، مەسئۇد ئىبنى مۇئتەب باشچىلىقىدىكى سۇقەيىق قەبىلىسى شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولۇپ، ئەبرەھەگە سادىق بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇلار ئەبرەھەنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، خۇشامەتگۇيلۇق قىلىپ: «ئى، پادىشاھ، بىز سىزنىڭ قۇللىرىڭىز. سىز بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. بىزدىكى ئۆي (لات ① بۇتىنىڭ ئۆيىنى دېمەكچى) سىز چېقىپ تاشلىماقچى بولغان ئۆي ئەمەس، ئۇ ئۆي مەككىدە. بىز سىزگە يول باشلىغۇچى چىقىرىپ بېرەيلى، ئۇ سىزلەرنى باشلاپ بارسۇن.» دەيدۇ.

مەسئۇد بەرگەن يول باشلىغۇچىنىڭ ئىسمى ئەبۇرەغال ئىدى. ئۇ ھەبەشىستان قوشۇنىنى باشلاپ مەككە شەھرىنىڭ يېنىدىكى مەغمەس دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەرەبلەر ئەبۇرەغالغا قاتتىق ئۆچ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ھەمىشە تاش ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇز زامانىسىدا، سۇقەيىق قەبىلىسىنىڭ تائىفتىكى ئورنى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ مەككىدىكى ئورنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككى قەبىلە بىر - بىرىگە ھەسەتخورلۇق قىلىشاتتى. ئۆزئارا جاڭجاللىشاتتى. سۇقەيىق قەبىلىسى سودا - تىجارەت جەھەتتە قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن بەسلىشىشكە ئۇرۇناتتى. سۇقەيفلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى ھەمىشە ئىراق بىلەن يەمەن ئارىسىدا قاتنايتتى. قۇرەيشلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى بولسا، شام بىلەن يەمەن ئوتتۇرىسىدا قاتنايتتى. سۇقەيفلەر تائىفتا لات بۇتى ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئۆي ياسىغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئۆيى ھېسابلاپ، ئۇ ئارقىلىق قۇرەيشلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى

① لات — قەدىمكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ بىر بۇتىنىڭ ئىسمى.



www.uyghurkitap.com

بەيتۇللا بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇراتتى. شۇڭلاشقا، سۇقەيفلەرنىڭ ئەبرەھەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاپ، قۇرەيشلەر شان - شەرىپىنى دەپسەندە قىلىشنى تىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئەبرەھە شۇنداق قىلىۋېتەلىگەن تەقدىردە، سۇقەيفلەر ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا قۇرەيشلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

## § 4. پىللىق قوشۇننىڭ مەغلۇپ بولۇشى

ئەبرەھە ھەبەشىستان قوشۇنىنى باشلاپ مەككىگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ مىنگەن «مەھمۇد» ئاتلىق زور جەڭ پىلى قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىرقانچە ئۇرۇش پىلى ماڭدى. بۇ ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشتىكى ئادىتى ئىدى. ئەبرەھە ئۆز قوشۇنىنى مەغمەس دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جاي بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقى پەقەت 3 / 2 فەرسەخ كېلەتتى. ئەبرەھەنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قۇرەيشلەر مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇلانغان ماللار ئىچىدە قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقىلى ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى ھىشامنىڭ ئىككى يۈز تۆگىسىمۇ بار ئىدى. قۇرەيش، كىنانە ۋە ھۇزەيل شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتا ھەرەم رايونىدا تۇرۇشلۇق باشقا ھەرقايسى قەبىلە خەلقلىرى تاقەت قىلىپ تۇرىۋېرىشكە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەبەشىستان قوشۇنى بىلەن جاننى تىكىپ قويۇپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى.

ئەبرەھە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەناتە ھەيرى ئىسىملىك بىر ئادىمىنى ئەلچى قىلىپ مەككىگە كىرگۈزدى، ئۇ ئەلچىسىگە مۇنداق دەپ تاپىلىدى: «سەن كىرىپ ئۇلارنىڭ كاتتىبېشىنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: ‹ بىزنىڭ پادشاھىمىز

مەن سىلەر بىلەن جەڭ قىلغىلى كەلمىدىم ، پەقەت بەيتۇللانى چېقىپ تاشلىماقچىمەن ، خالاس . ناۋادا سىلەر مېنىڭ بۇ ئىشىمنى جەڭسىز توسىساڭلار ، مەنمۇ زورلاپ جەڭ قىلىپ سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى تۆكمەيمەن . ئەگەر سىلەر لەشكەر تارتىپ قوراللىق توقۇنۇش قىلىمىز دېسەڭلار ، مېنىڭمۇ باشقا ئىلاجىم يوق 〉 دەيدۇ ، دېگىن .»

ھەناتە بۇ گەپلەرنى ئابدۇلمۇتەللىبكە يەتكۈزدى . ئۇ (ئابدۇلمۇتەللىب) : «ئاللا بىلەن قەسەمكى ، بىز ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايمىز ، بىزنىڭ ئۇرۇشقۇدەك قۇدرىتىمىزمۇ يوق . بەيتۇللا ئىبراھىم خەلىلۇللا سالغان ئۆي بولۇپ ، ئاللاتائالانىڭ ئۆزىگە خاستۇر .» دەپ جاۋاب بەردى . ھەناتە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

ئابدۇلمۇتەللىب بىرنەچچە ئوغلىنى باشلاپ ، ھەناتە بىلەن بىللە ئەبرەھەنىڭ قارارگاھىغا باردى . ئەرەبچە بىلەن ھەبەشچىگە كامىل بىر ئادەم تەرجىمانلىق قىلدى . تەرجىمان ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ نېمە تەلىپى بارلىقىنى سورىدى . ئابدۇلمۇتەللىب : «مەن پادىشاھتىن تۇتۇپ كېتىلگەن ئىككى يۈز تۆگەمنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن » دېدى . ئەبرەھە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولىدۇ - دە ، تەرجىمانغا قاراپ ئېيتىدۇ : «ئۇنىڭغا دېگىن : مەن سېنى كۆرگىنىمدە ھەۋەس قىلغانىدىم . ۋەھالەنكى ، بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ سەندىن يىرگىنىۋاتىمەن . مەن بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشقا كەلگەن ئادەممەن . بەيتۇللا سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلاردىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىڭلارنىڭ نامايەندىسى . ھالبۇكى ، سەن بەيتۇللا ھەققىدە ئېغىز ئاچماستىن ، ھە دېگەندىلا ئۆزۈڭنىڭ ئىككى يۈز تۆگەڭنىڭ گېپىنى قىلغىنىڭ نېمىسى ؟» .



www.uyghurkitap.com

ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى : «ئۇ تۆگىلەرنىڭ خوجايىنى مەن . بەيتۇللانىڭ خوجايىنى باشقا ، ئۇ سېنى چەكلەيدۇ .»

ئابدۇلمۇتەللىب تىهامە رايونىدىن كېلىدىغان دارامەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئەبرەھەگە بېرىش شەرتى بىلەن ئۇنى مەككە رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە ، بەيتۇللانى چاقماسلىققا دەۋەت قىلدى . ئەبرەھە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش بۇرچىنى ئادا قىلماي كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن ، ئابدۇلمۇتەللىب ئاچچىقلانغان ھالدا قايتىپ كەتتى ۋە غەزەپ بىلەن مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

مەككىلىكلەر ، ئى ، مەككە خەلقى ، قۇلاق سېلىڭلار ،
پىلغا مىنگەن پادىشاھ بېسىپ كەلدى ، بىلىڭلار ،
قوراللانغان جەڭ پىلى چىش - تىرناققىچە مەھكەم .

نەجاشىنىڭ قوشۇنى ئارقىسىدا شىر بىلەن ،
ھەر بىر لەشكەر بېشىدا يالتىرار تۆمۈر قالپاق ،
بولۇر ئۇرۇش گوياكى كۆيۈۋاتقان ئوت شۇدەم .

پادىشاھنىڭ غەرىزى بەيتۇللانى چېقىشتۇر ،
ئۆزۈڭ قادىر ، ئىلاھە ، چەكلە ئۇنى قوغلا - سۈر ،
تۇۋبەڭ كۆرگەن ئاقىۋەت مەنسۇپ بولغاي ئاڭا ھەم !

ئابدۇلمۇتەللىب قۇرەيشلەرگە بارلىق تاغ چوققىلىرىنى ئىگىلەپ ، مەككە ۋادىسىنى قوغداش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى . ئەبرەھەدىن قايتۇرۇۋالغان تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەيتۇللاغا تەقدىم قىلدى . ئۇ بەيتۇللانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

ئۆزۈڭدىنلا تىلەيمەن ، رەببىم ، بار بىر تىلىكىم ،
بۇ تىلەككە پەقەتلا سىنىڭ يېتەر قۇدرىتىڭ .
ساقلىغىن ئۆزنى ، توسقىن ئۇ تاجاۋۇزچىلارنى ،
بەيتۇللانىڭ دۈشمىنى بەرھەق سىنىڭ دۈشمىنىڭ .
ئاگا ئامان قىلمىقىڭ ئۆز ئۆيۈڭنى دۇرۇستۇر ،
يوق بۇزغۇنچى دۈشمەنگە سەۋر - تاقەت قىلمىقىڭ !

ئەبرەھە بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب ئوتتۇرىسىدىكى سۆلھ بۇزۇلۇپ ، تىنچلىق ئارزۇسى يوققا چىقتى . ئەمدى ، پەقەت قىلىچ ئارقىلىق ھۆكۈم چىقارماقتىن باشقا يول قالمىدى . ئەبرەھە مەككىگە بېسىپ كىرىپ ، بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشقا تەييارلاندى . ھەبەشىستان قوشۇنى ھەربىي ھەرىكەتنى باشلاي .

شۇئان ئۇلار پاجىئەگە يولۇقتى . ھېلىقى زور ئۇرۇش پىلى «مەھمۇد» ئورنىدىن قوپماي يېتىۋالدى . پىل يېتىلىگۈچى قۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قوپۇشقا دەۋەت قىلسا ، ئۇ ئورنىدىن قوپتى ، بىراق ئۇنى مەككە تەرەپكە ھەيدىگەن ھامان چۆكۈۋالدى . پىل يېتىلىگۈچى قۇل ئۇنى قامچىلاپ ، ئۇرۇپ ، سۆرەپ باقسىمۇ ئۇ قوپماي يېتىۋالدى . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ بېشىنى شام ، يەمەن ياكى شەرق تەرەپكە بۇراپ قويسا ، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپلا ، يۈگۈرۈپ ماڭدى . ئۇنىڭ ئالدىنى مەككە تەرەپكە قىلىپ قويغان ھامان ، ئۇ بىر قەدەممۇ ماڭغىلى ئۇنىمىدى .

قەدىمكى تارىخشۇناسلار شۇ ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ : «ئاللاتائالا دېڭىز قارلىغىچى ۋە بەلەسان قاتارلىق دېڭىز قۇشلىرىنى ئەۋەتىدۇ . ھەر بىر قۇش ئۈچ تالدىن تاش ئەكىلىدۇ . يەنى بىرنى چىشلەپ ، ئىككىنى تىرنىقى بىلەن قارماپ ئەكىلىدۇ . تاشلار ناھايىتى ئۇششاق بولسىمۇ ، ئۇ تاش تەگكەن ھەبەش

ئەسكەرلىرىنىڭ جىنىدىن ئايرىلمىغانلىرى يوق ئىدى .»
تارىخشۇناس مەسئۇدى ھەبەشىستان ئارمىيىسىنىڭ تەقدىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن : «ئاللاتائالا ئاتا ھەربىدەك ئىشچان يامغۇر قارلىغاچلىرىنى ئەۋەتىپ ، ئۇلارنى ھەبەش لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا سىججىل تېشىنى ئاتقۇزىدۇ . سىججىل تېشى دېگىنىمىز ، تەركىبىدە تاش ئارىلاشمىسى بولغان ، بىر خىل يېپىشقاق دېڭىز ئاستى لېيىدىن ھاسىل بولغان ساپال بولۇپ ، ھەر بىر قارلىغاچ ئۇنىڭدىن ئۈچ تال ئەكىلىپ تاشلىغان . قۇدرەتتە تەڭدىشى يوق ئاللا شۇ يوسۇندا ، ھەبەش لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلغانىدى .»

قۇرئان كەرىمدە بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەقە ھەققىدە بايان بېرىپ ، ئۇنى ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەس تارىخ قىلغان . ئۇنىڭ ماۋزۇسى «سۇرەفىل» بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ : « پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى . قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانىدەك قىلىۋەتتى .» ①

بەزى تارىخشۇناسلار يامغۇر قارلىغاچلىرى ئەكىلىپ تاشلىغان سىججىل تېشى ئۆز ۋاقتىدا ھەبەش لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ كەتكەن بىر خىل ھالاكەتلىك ۋابا كېسىلىنى كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئىبنى ئىسھاق بىلەن ئەزرەقى مۇنداق دەيدۇ : «شۇ يىلى ، ئەرەب زېمىنىدا تۇنجى قېتىم قىزىل كېسەللىكى بىلەن چېچەك كېسەللىكى تارقالغانىدى .»

ئەبرەھە لەشكەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھالاك

---

① قۇرئان كەرىم ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 105 ـ سۇرە ، 608 ـ بەت .

بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسمى ئامان قالدى. ئەبرەھەنىڭ پىل يېتىلىگۈچى قۇلى بىلەن يەنە بىر خىزمەتكارى جېنىنى ئېلىپ قېچىپ، مەككىدە پاناھلاندى. قېرىلغاندا ھەر ئىككىسى قارىغۇ بولۇپ، تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مۆھتەرەم ئانىسى ئائىشە ئۇ ئىككىيلەننىڭ مەككە كوچىسىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن. ئەبرەھە بېشىغا تەگكەن بىر تاشنىڭ زەربىسى بىلەن دەسلەپتە بېشىنىڭ سىڭار تەرىپى ئاغرىيدىغان كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. كېيىن، پۈتۈن بەدىنىنى ماخاۋ كېسىلى قاپلاپ، گۆشلىرى ئېقىپ چۈشۈپ جېنىدىن جۇدا بولدى.

## § 5 . پىللىق قوشۇن بەربات بولغاندىن كېيىن

ئەبرەھە باشچىلىقىدىكى ھەبەشىستان قوشۇنىنىڭ مەككىگە قىلغان ھۇجۇمىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ قالتىس بىر ئىش بولدى. بۇ جەرياندا، ئابدۇلمۇتەللىب، قۇرەيشلەر ۋە بارلىق مەككە ئاھالىسى ئېغىر سىناقنى بېشىدىن كەچۈردى، ئەرەبلەر بالايى - ئاپەتنىڭ بەربات بولۇشىنى كۈتكەنىدى. دېگەندەكلا، ناھايىتى شەپقەتلىك ئاللاتائالا بەيتۇللانى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالدى. ئابدۇلمۇتەللىب توغرا قوماندانلىق ۋە يۈكسەك پاراسەت بىلەن ئۆز خەلقىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇردى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئابرويى پۈتكۈل ئەرەبلەر ئارىسىدا تەبىئىي يوسۇندا ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

تارىخشۇناس بۇراۋىن ھەبەشىستان قوشۇنىنىڭ بەيتۇللاغا تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسىنى بايان قىلغىنىدا مۇنداق دەيدۇ: «پىل يىلى ئەرەب مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئېچىلغان يېڭى بىر ئىرانىڭ



www.uyghurkitap.com

ئېپتىداسىدۇر .» دوكتور مۇھەممەد ھۈسەيىن ھەيكەل پىللىق قوشۇن ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق دەيدۇ : «بۇ ئىش مەككىنىڭ دىنىي ئورنىغا يېڭىدىن سىرلىق تۈس بېرىدۇ . شۇنداقلا ، مەككىنىڭ سودا - تىجارەتتىكى ئورنىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋېتىدۇ . ئۇ مەككىلىكلەرنى بىردىل - بىر نىيەتتە بولۇپ ، قانداق قىلغاندا بۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگە يۈكسەك ئورۇننى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلايدىغان ؛ بۇنداق يۈكسەك ئورۇن ۋە ئەۋزەللىكنى تارتىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلارغا قارشى تۇرىدىغان قىلىدۇ . ئۇ يەنە مەككىلىكلەرنى ئۆز شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ، ئۇنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى گۈللىنىش ۋە تەڭداشسىز ئەۋزەللىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قىلىدۇ . ھالبۇكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە گىيامۇ ئۈنمەيدىغان بۇ قۇملۇق ۋە قاقاسلىق بۇرۇن چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان مۆجىزىلەر ئىدى .»①

پىللىق قوشۇن ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، مەككىدە يېڭىباشتىن تىنچ ھايات مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى . مەككىلىكلەر ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئۈچ يۈز نەچچە بۇتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، چۆل - باياۋاندىن كەلگەن خەۋەرلەر ، ھىجاز ، ھىرە ۋە غەسسان قاتارلىق شەھەرلەردە يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىدىغان بولدى .

ئەرەبلەر قۇرەيشلەرنى ماختاپ : «ئاللاتائالا ئۇلارنى قوغداپ قالدى . ھەممە رىزقىنى ئاللا شۇلارغا بەردى » دېيىشتى . ئۇلار ھېلىقى مۇبارەك سۈرە چۈشۈشتىن قىرىق يىل بۇرۇنلا ، نەزمە

---

① مۇھەممەد ھۈسەيىن ھەيكەل : «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى» (ئەرەبچە) ، 64 - بەت .

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق بۇ ئىشنى بايان قىلغان. ئۇ سۈرىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى تارىخىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، يەنى ئاللاتائالا ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەدنى يارىتىشتىن بۇرۇنمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيى بەيتۇللانى سۆيىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش بولغاندى، دېيىش مۇمكىن. ئۆز زامانىسىدا ئاللاتائالا كېيىنچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېڭىباشتىن جارى قىلدۇرىدىغان دىنىي تەۋھىد روھىنى جانلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئەمر قىلىپ بەيتۇللانى بىنا قىلدۇرغان بولسا، بۇ نۆۋەت، ئاللاتائالا بەيتۇللانىڭ يەنە قىرىق يىلدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇللاسى ۋە قىبلىسى بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى قوغداپ قالغاندى.» ①

پىللىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر بۈيۈك مۆجىزە، ھەبەشىستانلىقلارنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، بەيتۇللانى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇشى ئاللاتائالانىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرىدى. پىل ئۇرۇشى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەبەشىستانلىقلارنىڭ يەمەندىكى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولدى. ئۇلارنىڭ پۇتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى تەسىر كۈچىمۇ پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

ئەبرەھە مەغلۇپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ھىمير دۆلىتىدە ھەبەشىستانلىقلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت پارتلىدى. بۇ ھەرىكەتكە ھىمير دۆلىتىدىكى سەيف ئىبنى زىيەزەن رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز مىللىتىنى ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى كۆزلەيتتى. سەيف ئىبنى زىيەزەن

① لۇتفى جۇمئە: «ئىسلام ئىنقىلابى» (ئەرەبچە)، 272 - بەت.

ھەمىيەرنىڭ ئەرەب پادىشاھىغا مەلۇم ۋاستە ئارقىلىق ئەنۇشىرۋان ①دىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشنى تىلەش، شۇ ئارقىلىق ھەبەشىستانلىقلارنى يەمەندىن قوغلاپ چىقىرىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا، يەمەندىكى خىرىستىئان مۇرىتلىرى رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ھىماتچى بولۇشىنى تىلەيتتى، يەھۇدىيلار، بۇتپەرەس ئەرەبلەر بولسا، پارسلارنىڭ ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. سەيف ئىبنى زىيەزەن ئەنۇشىرۋاندىن ياردەم تىلىگەن چاغدا ئۇ مىلادى 575 - يىلى ۋەھرەز قوماندانلىقىدا جازا يۈرۈشى قىلىش قوشۇنىنى ئەۋەتىپ، يەمەندە تۇرۇۋاتقان مەسرۇق ئىبنى ئەبرەھە باشچىلىقىدىكى ھەبەشىستان قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەمەن دىيارىنى لەنىتى ھەبەشىستان مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ

ئابدۇلمۇتەللىب بىر تەرەپتىن يەمەن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەبەشىستاننىڭ تەسىر كۈچى كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇشال بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سەيف ئىبنى زىيەزەندەك بىر ئەرەبنىڭ يەمەننىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى ئۈچۈن شادلىنىدۇ. ئابدۇلمۇتەللىب خۇرسەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قۇرەيشلەر ئىچىدىن چىققان مەشھۇر ئەربابلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى شەخسەن ئۆزى باشلاپ يەمەنگە بېرىپ، سەيف ئىبنى زىيەزەننىڭ

---

① ئەنۇشىرۋان ــ بىزدىكى مەنبەلەردە «نۇشىرۋان» دېيىلىدۇ. نۇشىرۋان ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 20 - پادىشاھى. ئۇ مىلادى 579 - يىلى ۋاپات بولغان.

② مۇھەممەد جالالىدىن سۇرۇر: «ئەرەب ئىسلام دۆلىتىنىڭ بەرپاقىلىنىشى» (ئەرەبچە)، 28 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ھەبەشىستانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزى ئىگىلىگەنلىكىنى مۇبارەكلەيدۇ. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئابرويلۇق زاتلاردىن ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇشەمس ۋە ھۇۋەيلەد ئىبنى ئەسەدلەر بار ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب سەيف ئىبنى زىيەزەننىڭ ھۇزۇرىدا ئۇزۇن تەبرىك نۇتقى سۆزلەيدۇ. سەيف ئىبنى زىيەزەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ.

سەيف زىيەزەن ئابدۇلمۇتەللىبنى قارشى ئېلىپ: «مەرھابا، جىيەنىمىز!» دەيدۇ. مۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئانىسى سەلما خەزرەج قەبىلىسىلىك بولۇپ، بۇ قەبىلىمۇ يەمەندىكى سەبەئىلەر① ئىدى. سەيف ئىبنى زىيەزەن بولسا، سەبەئىلەرنىڭ ئىچىدىكى ھىمیەرىلەردىن ئىدى.

پىلىلىق قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى بۈيۈك ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى بولدى. نۇرغۇنلىغان شائىرلار ئۇنى شېئىرىدا ئاساسلىق تەسۋىرلىدى. بۇنداق شائىرلاردىن ئابدۇللا ئىبنى زۇبۇئىرى، ئەبۇ قەيس ئىبنى ئەسلەت، تالىب ئىبنى ئەبى تالىب ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب، ئەبۇ سۇلەت ئىبنى رەبىئە سەقەفى، فەرزدىق ۋە ئابدۇللا ئىبنى قەيس رۇقىيات قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

بەزى مۇسۇلمان تىلشۇناسلار ۋە شەرقشۇناس ئالىملار ئەرەب تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ھەبەش تىلىدىن كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزلەر ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن كەڭرى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى جاھىلىيەت

① سەبەئ (سبا) ــ قەدىمكى يەمەن قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

دەۋرىگە مەنسۇپ شېئىرلاردا ئۇچرايدۇ. ①

ئەبرەھە قوشۇنى بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار مەككىدە جان ساقلاشنىڭ ئامالىنى قىلالمايدۇ. ئەزرەقى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەغلۇپ بولغان ھەبەشىستان قوشۇنىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى مەككىدە قېلىپ، مەككىلىكلەر ئۈچۈن زىرائەت تېرىپ بېرىدىغان دېھقان بولدى.» ②

ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ، بۇ يەردە قېپقالغان زور بىر تۈركۈم ھەبەشلەر دەرھاللا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. بىراق، ئۇلار ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ ۋە قەبىلىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيشلەرنىڭ ئاداۋەتلىشىپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى مۇشۇ ئىدى. مەغلۇپ بولغانلار ئىچىدە بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەرمۇ مەسىلەن، ئەبۇ رافىئ، بىلال، ئامىر ئىبنى فۇھىيرە، ۋەھى ئىبنى قاتىل ئىبنى ھەمزە ئىبنى مام ئىبنى ۋاھىد ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تۇغچىسى سۇئاب قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ھەققىدىكى تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇللارنى ئازاد قىلىش يولىغا قەدەم قويغان.

ئەبرەھەنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىر تارىخىي ۋەقە بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، ئۇ پۈتكۈل ئەرەبلەرنىڭ كۆللىنىشى ئۈچۈن، خۇسۇسەن قۇرەيشلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن

---

① جەۋلان ئەلى: «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ تارىخى» (ئەرەبچە)، 6 - توم، 193 - بەت.

② ئەزرەقى: «مەككە ئۈچۈرلىرى» (ئەرەبچە)، 97 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كەڭ يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشتە ياكى ئەسلەشتە هامان بۇ ۋەقەنى ئاساس قىلاتتى. بۇ ۋەقە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە مۇستەهكەملىنىشى ئۈچۈنمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەردى. يەنى مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، بىرلا ئىلاهقا ئېتىقاد قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدىغان دىنىي تەۋهىد ئىدىيىسى يېڭىباشتىن كەڭ تارقالدى. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا، هەبەشىستانلىقلارنىڭ قوشۇنى غەلىبە قىلىپ قالغان بولسا، تارىخ تۈپتىن باشقىچە بولغان، ئەرەبلەر ئارىسىدا خرىستىئان دىنى يامراپ كەتكەن، كىشىلەر مەككىنى تاشلاپ سەنئانى هەج - تاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام مىلادى 570 - يىلى، يەنى پىل يىلىدا دۇنياغا كەلگەن. پىل ئۇرۇشى دېگىنىمىز ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، مىلادى 570 - يىلى (پىل يىلى) يۈز بەرگەن ئۇرۇش — «70 - يىل ئۇرۇشى» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا، هەبەشىستانلىقلار بىلەن يەمەنلىكلەر ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. كەلگۈسى پەيغەمبەر شۇ يىلى دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى شاراپىتى بىلەن پىل يىلى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە روناقلىق ۋە گۈللىنىش يىلى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئابدۇلمۇتتەلىپ شۇ يىلى بىرقانچە بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ؛ ئوغلى ئابدۇللا ئۆلۈپ كېتىدۇ؛ هەبەشىستانلىقلار ۋەتىنىگە — مەككىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ؛ ئەبرەهەدىن مىڭبىر تەسلىكتە قايتۇرۇۋېلىنىپ ئاشلىق كارۋىنىغا قوشۇپ بەرگەن تۆگىلىرى يەنە يوقىلىپ كېتىدۇ. ۋەهالەنكى، قۇدرەتلىك، هەممىگە قادىر ئاللا بۇ زىيانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا مۇهەممەد (سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم) تىن ئىبارەت ئېسىل نەۋرىنى ئاتا قىلىدۇ. مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئەرەب يېرىم

ئارىلىدا ھىدايەت قۇياشى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

## § 6 . ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ مەيدانىغا قارىتا باھا ۋە تەھلىل

بەيتۇللانى قوغداش ئۇرۇشىدا ئابدۇلمۇتەللىب ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى مۇداپىئەدە تۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى. يەنى ئۇ ئەبرەھە بىلەن سۇلھ قىلىپ، ئۇنىڭ مەككىدىن چېكىنىپ، كەلگەن يېرىگە قايتىپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. شۇڭا ئەبرەھەگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇممۇ قوزغىمىدى، ئۇنىڭ بىلەن قىر - چاپمۇ قىلىشمىدى. ئۇنىڭ سىياسىتى مۆلچەرىدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشتىمۇ - يوق؟ شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ بۇ سىياسىتى دانا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى زامانىدىكى قىيىن شارائىتتا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىردىنبىر سىياسەت ئىدى.

ھەبەشىستان قوشۇنى لەشكەر سانى جەھەتتە كۆپ، قورال - ياراغ جەھەتتە سەرخىل ئىدى. ئەبرەھە ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، يېتەرلىك ئوق - دورا ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلىغان، يەمەن زېمىنىدىكى سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلغان، شۇنىڭدەك، نەجاشى ئەۋەتكەن ھەبەشىستان ئارمىيىسىنىڭ مەدىتىگە ئىگە بولغانىدى. دېمەك، بۇ مەخسۇس ھەربىي تەلىم ئالغان، ئۇرۇشقا ماھىر، تەشكىللىك مۇستەھكەم، شۇنداقلا ئۆز زامانىسىدە ھىمىيەر پادىشاھلىقىنىڭ ئارمىيىسىنى ئوڭۇشلۇق تارمار قىلغان، ھەبەشلەرنىڭ يەمەن زېمىنىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن ئىشغالىيەتچى قوشۇن ئىدى.

مەككىلىكلەر ئەبرەھەگە كۈچ جەھەتتە تەڭ

كېلەلمەيدىغانلىقلىرىنى، ئەگەر زورمۇ زور قارشىلىق كۆرسەتسە ئۆزلىرىنىڭ جۇملىدىن پۈتكۈل مەككىنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، قۇرەيش قەبىلىسى ھەربىي قەبىلە ئەمەس، بەلكى سودىگەر قەبىلە ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تىنچلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشىمۇ ناھايىتى زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە سودا كارۋانلىرىنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. جاھىز قۇرەيشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلغىنىدا: قۇرەيشلەر مەردانە، كەڭ قورساق، ئەقىل - پاراسەتلىك، تاكتىكىلىق، چارە - تەدبىرلىك كېلىدۇ، دېگەن. بىراق بۇ قۇرەيشلەر ئۇرۇش قوزغاشقا ياكى تاجاۋۇزچىلىق قىلىشقا مايىل، دېگەنلىك ئەمەس. تارىخشۇناس كۇرد ئەلى قۇرەيشلەرنى تىلغا ئالغاندا: قۇرەيشلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئورنى خۇددى رۇم دۆلىتىدىكى قەيسەر، ھەبەشىستاندىكى نىجاشى، مىسىردىكى مۇقەۋقىس، ئەجەم، ئىراقتىكى كەسرالارغا ئوخشايتتى، قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىنى بىر كاتتا سودا شەھىرى قىلغانىدى. قۇرەيشلەر ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق بولۇپ، سودىگەرچىلىكتىن باشقىنى بىلمەيتتى، تىجارەت ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىدىكى مىللەت ۋە خەلقلەر بىلەن تونۇشتۇرغان ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سودىگەر قىلىۋەتكەنىدى، دېگەنىدى.

دېمەك، قۇرەيشلەر سان جەھەتتە ئۆزىدىن كۆپ، قورال - ياراغلىرى سەرخىل، ئۇرۇش تەجرىبىسى مول بولغان ھەبەشىستان قوشۇنى بىلەن زورمۇ زور جەڭ قىلسا قىلچىمۇ پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتى، قەدىمكى تارىخشۇناسلار قۇرەيشلەرنىڭ دەسلەپتە بىر ئۇرۇشۇپ باقماقچى بولغانلىقىنى، بىراق ئەقىل - پاراسەت خاھىش ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئاخىردا

ئۇلارنى بۇ نىيەتتىن ياندۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. تەبەرى بايان بىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيشلەر، كىنانىلار، ھۇزەيلىلەر، شۇنىڭدەك ھەرەم رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق باشقا قەبىلىلىك خەلقلەرنىڭ ھەممىسى قانداق جەڭ قىلىشنى بىلىشنى بىلەتتى. بىراق، ماغدۇرىمىز ئاز، كۈچىمىز يەتمەيدۇ، دەپ قارايتتى. پەم - پاراسەتلىك ۋە چارە - تەدبىرلىك ئابدۇلمۇتەللىبمۇ ھەبەشلەرنىڭ سان جەھەتتە كۆپ بولغان قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ باقايلى دېسەك قۇدرىتىمىز يەتمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. ھەتتا ئۇ ئەبرەھە ئەۋەتكەن ئەلچىگىمۇ بۇ ھەقتە: «ئاللا بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ ئۇنىڭ (ئەبرەھە) بىلەن ئۇرۇشقۇدەك قۇدرىتىمىزمۇ يوق» دەپ ئوچۇق ئىقرار بولغانىدى.

ۋەھالەنكى، مەككە شەھىرى مۇقەددەس شەھەر، ئۇنىڭ قوينىدا ئاللاتائالانىڭ ئۆيى بار. شۇ سەۋەبتىن، ئەرەبلەر ئۇنىڭ ئامان بولۇشى، ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. خۇددى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياۋروپادىكى بەزى شەھەرلەر بۇ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇھىم ئورنىنى، قوينىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قوغداپ قېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوچۇق شەھەر سىياسىتىنى يولغا قويغاندەك، ئابدۇلمۇتەللىب ئەمەلىيەتتە ئەينى زاماندىكى مەككە شەھىرىنى «ئوچۇق شەھەر» قىلىۋەتكەنىدى. ئەبرەھە ئۆز ۋاقتىدا، مەن ئۇرۇش قىلغىلى ئەمەس، بەلكى بەيتۇللانى چېقىۋەتكىلى كەلدىم» دەپ ئوچۇق ئېلان قىلغان. ئۇ ئابدۇلمۇتەللىبكە: «مەن سىلەر بىلەن جەڭ قىلغىلى كەلمىدىم، بەيتۇللانى چېقىۋەتسەملا بولدى. ئەگەر سىلەر بۇ ئىشقا ئۇرۇش ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلمىساڭلارلا، مەنمۇ سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى تۆكمەيمەن» دېگەن. شۇڭا، ئابدۇلمۇتەللىب بۇ ھالدا بىز

بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچىلاق بولمايدۇ، دېگەن قاراشتا بولغان. ئەبرەھە بىرىنچى بولۇپ ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن سۆلھ قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئەبرەھەنىڭ سۆلھ قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۇ قېتىملىق سۆلھ مەككىنى بىر قېتىملىق خاراب قىلىش خاراكتېرلىك زور ئۇرۇش بالاسىدىن ساقلاپ قالدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا پاسسىپ مۇئامىلىدىمۇ بولمىدى. قورال كۈچىگە تايىنىش بىلانلا ھېچقانداق پايدىلىق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، ئەكسىچە زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئۇ مەككە شەھرىنى قوغداش ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل تەدبىر قوللاندى: بىرىنچى، ھۇجۇم قىلىشقا نىسبەتەن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان مۇداپىئەدە تۇرۇش چارىسى. «ئۇ قۇرەيشلەرگە ھەرقايسى تاغ ۋە تار جىلغىلارغا كىرىپ كېتىش، ھەرقايسى تاغ چوققىلىرىنى ئىگىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى»①؛ ئىككىنچى، پۇل ۋە ئالتۇن خەجلەپ، ئەبرەھەنى ئۆزى تەرەپكە تارتىشتىن ئىبارەت. ئابدۇلمۇتەللىب ئەبرەھەگە مەككە رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغان ۋە بەيتۇللانى چاقمايدىغانلا بولسا، بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن پۈتكۈل تىھامە رايونىدىكى كېلىدىغان دارامەت ئالتۇنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، ئەبرەھە بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

قۇرەيشلەر ئۆز ۋاقتىدا مەككىدە بىر كىچىك جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى بەرپا قىلغان. بۇ ھۆكۈمەت قۇرەيشلەرنىڭ سودىگەرچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى كۆزدە

---

① مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» (ئەرەبچە)، 2 - توم، 127 - بەت.

تۇتۇپ ، بىر خىل تىنچ ، بارلىق دۆلەت ۋە قەبىلىلەر ئارا دوستانە ـ ئىناق ئۆتۈش فاكجىنىنى يولغا قويۇپ ، ھەرقايسى ئەرەب كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا تەكپۇكلۇقنى ساقلىغان ، نىزا ـ جاكجاللارنى تىنچلىق ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىپ كەلگەن .

ھەبەشىستانلىقلار ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ، ئۇرۇش پىلىنى سەركەردە قىلاتتى . بۇ بەھەيۋەت ھايۋان ئەرەبلەرنىڭ ئىچىگە شۇنداق بىر خىل قورقۇنچ سېلىۋەتكەنكى ، ئۇلار ئۇنى كۆرسىلا تىترەپ ، ماگالماي قالاتتى . خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىسىدا ، پارسلار دۆلىتىدە ئىسلام ئىچىش جىكىدە بۇ تارىخ يەنە بىر قېتىم تەكرارلانغان . شۇ چاغدا ، پارسلارمۇ ئۇرۇش پىلى بىلەن مۇسۇلمان لەشكەرلەرنىڭ كۆكلىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ ، نۇسرەت تېپىش تەمەسىدە بولىدۇ . ئۇلار ئۇرۇش پىللىرىنى خورما دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىق شاخلىرىنىڭ پاناھىغا ئېلىپ ، قوكغۇراق ئېسىپ قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماگدۇرىدۇ . شۇكا ، مۇسۇلمان جەكچىلەرنىڭ جەڭ ئاتلىرى بۇ سىياقتىكى ئۇرۇش پىللىرىنى كۆرۈپلا ئۈركۈپ قاچىدۇ . ئىسلام لەشكەرلىرى قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيد ئىبنى مەسئۇد سەقەفى لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقىنىدا ، بىر ئاق پىل ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ . ئەبۇ ئۇبەيد ئۇنى چەنلەپ بىر قىلىچ چاپىدۇ ، بىراق ، پىل ئۇنىڭ قىلىچىنى بىرلا تېپىپ ئاسمانغا ئېتىۋېتىدۇ . ئارقىدىن ئەبۇ ئۇبەيدنى چىشلەپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ ، بىر دەسسەپلا جېنىنى ئالىدۇ . قوماندان ئابدۇللا ئىبنى مۇراد سەقەفى ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ فۇرات دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەڭ قىلغاچقا ، ئۇرۇش پىلى ئاپىتىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ .

ئابدۇلمۇتەللىب ئاللاتائالانىڭ ئۆيى بەيتۇللانىڭ ئامانلىقىغا

كاپالەتلىك قىلىشنى نىيەت قىلدى . ئۇ ھەبەشستانلىقلار بىلەن قىلىنغان بىر قېتىملىق جېڭى ئارقىلىق ھەبەشلەرنىڭ بۇ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشىنىڭ مەقسىتى بەيتۇللانى چېقىپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى پاش قىلدۇ . تارىخ ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئىككى قوماندانى خەلىپە يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە زامانىسىدىكى ھۇسەيىن ئىبنى نۇمەير بىلەن خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان زامانىسىدىكى ھۇججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفى ئېلىپ بارغان جەڭلەرنىڭ قانداق قىلىپ بەيتۇللانىڭ قىسمەن جايلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بايان قىلدۇ . ئۆز ۋاقتىدا ، ئابدۇللا ئىبنى بەير بەيتۇللانىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالغان ، ئۇ ئۇمەۋىيلەر بەيتۇللانىڭ مۇقەددەسلىكىدىن ئەيمىنىپ مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ دەپ قاراپ ، ئۆزىنى « بەيتۇللادىن پاناھ تىلىگەن ئادەم » دەپ ئاتىغان .

مەككىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى جەڭ قىلىشقا قولايسىز ئىدى . ئۇنىڭ تۆت ئەراپى ئېگىز چوققىلىق تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ ، ھۇجۇم قىلىش ۋە ستراتېگىيىلىك چېكىنىش تەسكە چۈشەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەككىنىڭ سۇ مەنبەسى ئاز ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە جەڭ لازىمەتلىكلىرى كەمچىل ئىدى . شۇڭلاشقا ، مەككە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مۇھاسىرە ياكى كەڭ - كۆلەملىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى .

ئابدۇلمۇتەللىب ئەبرەھەن يەمەننىڭ سەنئادىن لەشكەر تارتىپ مەككىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئەبرەھەنىڭ ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا زۇنەفەر ۋە ئۇنىڭ قوۋمىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ؛ يەمەن تىھامەدىكى بەنى خەشئەم قەبىلىسىنى تارمار قىلىپ ، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى نەۋفەل ئىبنى ھەبىب خەشئەمىنى ئەسىر ئالغانلىقى ؛ زۇنەفەر ۋە نەۋفەل ئىبنى

www.uyghurkitap.com

ھەبىبلەرنىڭ ئىلاجسىز ئەبرەھەدىن شەپقەت تىلىگەنلىكى، ھەتتا تائىفتىكى سوقەيف جەمەتىنىڭ ئەبرەھەنى مەككىگە تاجاۋۇز قىلىشقا كۈشكۈرتۈۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يولباشلىغۇچى تەيىنلەپ بەرگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنىمۇ ئىگىلەپ بىلدۇ. شۇڭلاشقا، ئابدۇلمۇتەللىب ئۆزگىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ساۋاق ئېلىشنى، ئەبرەھەنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا، ئۇنىڭ بىلەن زورمۇ زور تەڭ تۇرۇپ ئۇرۇشماسلىقنى تەشەببۇس قىلدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، ئابدۇلمۇتەللىب ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ھەممىسى، مۆجىزە چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، مەككە ھەبەشىستانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېلىدىغان خەتەردىن چوقۇم ئامان قالىدۇ، بەيتۇللا ئەبرەھەنىڭ ھۇجۇمىدىن جەزمەن قۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشتا ئىدى. بۇ نۇقتىنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئەبرەھەگە قىلغان مۇنۇ گەپلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ئابدۇلمۇتەللىب ئەبرەھەگە: «بەيتۇللانىڭ ئىگىسى بار، ئۇ سېنىڭ بەيتۇللاغا چېقىلىشىڭغا يول قويمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ قۇدرەتتە تەڭدىشى يوق ئاللاتائالادىن نىجاتلىق تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلىدۇ:

ئۆزۈڭدىنلا تىلەيمەن، يارەب، بار بىر تىلىكىم،
بۇ تىلەككە پەقەتلا سېنىڭ يېتەر قۇدرىتىڭ.
ساقلىغىن ئۆزنى، توسقىن ئۇ تاجاۋۇزچىلارنى،
كى بەيتۇللا دۈشمىنى بەرھەق سېنىڭ دۈشمىنىڭ.
ئاڭا ئامان قىلمىقىڭ ئۆز ئۆيۈڭنى دۇرۇستۇر،
يوق بۇزغۇنچى دۈشمەنگە سەۋر ـ تاقەت قىلمىقىڭ.

ئابدۇلمۇتەللىب قاتارلىقلارنىڭ مۆجىزە بولۇشنى كۈتۈشى بەرھەق ئىدى. سەۋەب، بۇرۇنمۇ قۇرەيشلەردە مۇشۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن. بۇ ھەقتە بىز يۇقىرىدا، يەمەننىڭ بىر تۇببەئىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بەيتۇللا بىلەن ئادا - جۇدا بولۇش قەستىدە ياكى ئۇنى چىقىپ تاشلىماقچى، ياكى ئۇنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالماقچى بولغانلىقىنى، ئۇ بەيتۇللانى چىقىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغاندا، ئاللاتائالانىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى بولغان بەيتۇللانى قانداق ساقلاپ قالغانلىقىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ تۇببەئ بەيتۇللانى چىقىپ تاشلاشقا تۇتۇنغاندا، دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ، بوران ئۇچۇرتقان قۇم - شېغىللار تۇببەئنىڭ لەشكەر گاھىنى تىرپىرەن قىلىپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن مەككىلىكلەر ئۇرۇش مۇشكۇلاتىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئەبرەھە مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىب ئاللاتائالانىڭ بەيتۇللانى ساقلاپ قالغانلىقىنى نەزمە بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ نەزمىسىدە يەمەندىكى ھىمىيەرىلەرنىڭ تۇببەئى، ھەبەشىستان قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەبرەھەلەرنىڭ مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئى دۇئاگوي، سەممگە يەتتى دۇئالىرىڭىز،
ھېچكىممۇ قولاق يوپۇرالماس سادالىرىڭىز.
باردۇر ئىگىسى ئاللا ئۆيى - بەيتۇللانىڭ،
چەكلەر ھامان ئۇ تەلۋە قولىنى مەلئۇنلارنىڭ.
كەلگەن تۇببەئ باشلاپ ھىمىيەرىلەر قوشۇنىنى،
ئاتلىنىڭلار ئالغا دەپ تىرىكلەر ئومۇمىنى.
ۋەھالەنكى، چىققاچقا ھەق يولىدىن ھالقىپ ئۇ،
كۆلكە مازاق تاپقىنى، تامغا ئۇسسۇش بولدى شۇ،
ئاڭا دېيمەن ھەر ناكەس بەيتۇللاغا چېقىلغاي،
چۈشكىنى شۇ تىك موللاق - بېشى يەرگە قىقىلغاي!

## توققۇزىنچى باب

# بەيتۇللا ئەھدىسى

### 1§ . ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئەھدىسى

ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى قايتا ئاچقان چاغدا، ئۇنىڭ ھارىس ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىدى. بۇ، تولىمۇ ئېغىر ۋە مۇشكۈل ئەمگەك بولسىمۇ، ئاتا -بالا ئىككىيلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئاجايىپ زور چىدام بىلەن ئىشلەپ، ئاخىر بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئاچقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كاتتا شۆھرەت قازانغانىدى. ۋەھالەنكى، زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن، بەزى قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بۇلاقتىن چىققان قىممەت باھا بۇيۇملارنى تالىشىپ جاڭجال قىلغانلىقى ئۇنىڭ يادىدىن پەقەت چىقمىدى. ئۇ، ئەگەر بالىلىرىم كۆپرەك بولغان بولسا، قۇرەيشلەر مېنىڭ بىلەن بۇلاق ئىچىدىن چىققان قىممەت باھا بۇيۇملارنى تالىشالمىغان بولاتتى، دەپ ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە توي قىلىپ، كۆپرەك ئوغۇل تېپىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە يانتاياق ۋە ياردەمچى قىلماقچى بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب: «ئەگەر ئاللاتائالا ماڭا ئون ئوغۇل ئاتا قىلسا، ئۇلاردىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىپ بەيتۇللادا نەزىر بېرىمەن!» دەپ ئەھدە قىلدى.

يىللار ئۆتۈپ، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ ئون ئوغۇللۇق بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئەھدەمگە ئەمەل قىلىش پەيتى كەلدى، دەپ قارىدى - دە، ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەھدىنى ئاقلاش ئىشىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى :« سىز نېمە دېسىڭىز شۇ » دەپ رازىلىق بىلدۈرىدۇ، بىراق، كىمنى قۇربانلىق قىلىش كېرەك ؟ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى : « سىزنىڭچە بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟ » دەپ سورىدى. ئابدۇلمۇتەللىب : « بۇ ئىشنى بىز چەك تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلايلى. ھەر بىرىڭلار بىردىن قىدەھ ( چەك تاشلاش، پال بېقىشتا ئىشلىتىدىغان ئوقيا ئوقى ) ئېلىڭلار -دە، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، ماڭا بېرىڭلار » دېدى. ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بىردىن قىدەھ ئالدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆز ئىسمىنى يېزىپ ئاتىسىغا بەردى . ئابدۇلمۇتەللىب ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ، بەيتۇللادىكى ھۇبەل ئاتلىق بۇتنىڭ ئالدىغا چەك تاشلاشقا باردى. ھۇبەل ئاتلىق بۇت بەيتۇللانىڭ ئىچىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، بەيتۇللاغا نەزىر قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قۇدۇققا قويۇلاتتى.

ھۇبەل ئاتلىق بۇتنىڭ ئالدىدا يەتتە دانە مۇقەددەس قىدەھ بولۇپ، قىدەھلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سۆز يېزىقلىق ئىدى. بىرىنچى قىدەھگە « قانغا قان » دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى كىمكى ئادەم ئۆلتۈرسە خۇنىنى تۆلەيدۇ، دېگەنلىك ئىدى: ئىككىنچى قىدەھكە « پەلەك مەيلىڭگە باقار » دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ئەگەر سەن بۇ قىدەھكە ئېرىشسەڭ، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلالايسەن، ئىشىڭدا جەزمەن غەلىبە قىلىسەن، دېگەنلىك ئىدى؛ ئۈچىنچى قىدەھكە « قىلغان ئىشىڭ تەتۈرىگە ماڭار » دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى مەلۇم بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارزۇسىدا بولغان ئادەم، ئەگەر بۇ قىدەھ چىقىپ قالسا، قىلماقچى بولغان ئىشىدىن دەرھال كەچمىكى لازىمدۇر، دېگەنلىك ئىدى؛ تۆتىنچى قىدەھكە « بالا - قازادىن قۇتۇلماق تەس » دەپ

يېزىلغان؛ بەشىنچى قىدەكە « مەجبۇر بولسەڭ » دەپ يېزىلغان؛ ئالتىنچى قىدەكە « بۇ ئىشنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوق » دەپ يېزىلغان؛ يەتتىنچى قىدەكە بولسا « بۇلاق توختىماي ئاقار » دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى، قۇدۇق قازماقچى بولغان ئادەم ئەگەر بۇ قىدەكە ئېرىشسە، دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. ئۆز زامانىسىدە، كىمكى ئوغلىنىڭ خەتنىسىنى قىلدۇرماقچى، ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۆلۈم ئۈزاتماقچى بولسا ياكى بىرەر كىمنىڭ نەسلى - نەسەبىدىن (قانداشلىقىدىن) گۇمانلانسا، ھۇبەل ئاتلىق بۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساھىب قىدە (قىدەلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، چەك ئالدۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى) قا يۈز دىرھەم①بېرىپ، ئۇنىڭغا پال ئاچقۇزۇپ، قىدە ئالاتتى.

ئابدۇلمۇتەللىب ساھىب قىدەنىڭ ئالدىغا كىرىپ: « سىز مېنىڭ ئوغۇللىرىم ئۈچۈن بىر ساھىب قىدەلىق قىلىپ بەرسىڭىز ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىن قىدە تەييارلىدى » دېدى. ئاندىن ساھىب قىدەقا ئۆزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھدىسىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز قىدەلىرىنى ساھىب قىدەقا بەردى.

ساھىب قىدە قىدەلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تاشلىغاندا ئابدۇللانىڭ قىدەسى چىقتى. ئابدۇلمۇتەللىب بىر قولىدا ئابدۇللانى يېتىلىگەن، بىر قولىدا پىچاقنى تۇتقان ھالدا، ئەساف ۋە نائىلە بۇتلىرىنىڭ ئالدىغا باردى - دە، ئابدۇللانى بوغۇزلىماقچى بولدى. بۇ چاغدا، قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ سورىدى:

— ئى ئابدۇلمۇتەللىب، نېمە قىلماقچىسەن؟

— مەن ئۇنى بوغۇزلىماقچىمەن.

① دىرھەم (درهم) قەدىمكى رۇم، ئەرەب پۇل بىرلىكى.

— ۋاي خۇدا ، سەن ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن ، ئۇنى كەچۈرۈم قىلغىن .
ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ ، باشقىلارمۇ ساڭا ئوخشاش بالا - چاقىلىق بولغاندا بىر ئوغلىنى ئۆلتۈرىدىغان بولۇپ قالامدۇ ؟ ئىش مۇشۇنداق داۋاملىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا ، قانداق بولىدۇ ؟! — دېيدۇ قۇرەيشلەر ۋە ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىدىكىلەر تەڭلا .

ئارقىدىن ، ئابدۇللانىڭ ئانا جەمەت تاغىسى مۇغىدە ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى مەخزۇم ئىبنى يەقزە مۇنداق دېدى : « ۋاي خۇدايىمەي ، سەن ئۇنى ئۆلتۈرمە ، ئۇ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىشنى خالىغان تەقدىردىمۇ ، سەن ئۇنى كەچۈرۈم قىلغىن .» قۇرەيشلەر ۋە ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىدىكىلەر يەنە : « سەن ئۇنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ھىجازغا ئېلىپ بارغىن . ئۇ يەردە بىر ئەررافە① ( ئايال پالچى ) ۋە ئۇنىڭ ساھىبى ( پىرى ، خوجىدارى ) بار . سەن بېرىپ شۇ ئەررافەدىن سوراپ باققىن ، ئاندىن ئۆز ئىشىڭغا قارار بەرگىن . ئەگەر ئۇ ئابدۇللانى ئۆلتۈر دېسە ، ئۆلتۈرگىن . ئەگەر ئۇ ئاتا - بالا ئىككىڭلار ئۈچۈن ئورتاق پايدىلىق بولغان بىرەر ئىشنى قىلىشنى بۇيرۇسا ، ماقۇل دەپ شۇ ئىشنى قىلغىنىڭ تۈزۈك » دېدى .

ئابدۇلمۇتەللىب كۆپچىلىك بىلەن بىللە دەرھال يولغا چىقىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ ، مەدىنە شەھىرىگە باردى ، خەيبەر دېگەن يەردىن ئەررافەنى تاپتى - دە ، مەقسەتنى ئىزھار قىلىپ ، ئەقىل سورىدى . ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن بالىسى توغرىسىدىكى بۇ ئىشنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە بايان قىلدى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئويلىغان چارە - تەدبىرلىرىنى ئېيتتى . ئەررافە ئۇلارغا : « سىلەر بۈگۈنچە قايتىپ تۇرۇڭلار .

---

① مەزكۇر ئايال پالچىنىڭ ئىسمى بەزى مەنبەلەردە « قۇتبە » دېيىلسە ، يەنە بەزى مەنبەلەردە « ساججاھ » ئىدى دېيىلىدۇ — ئاپتورنىڭ ئىزاھى .

مىنىڭ ساھىبىم كەلگەندە، ئۇنىڭدىن بىر سوراپ باقاي» دېدى.
ئۇلار ئامالسىز قايتىپ كەتمەك بولۇپ سىرتقا چىقتى.
ئابدۇلمۇتەللىب ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلدى، ئاندىن ئەررافەنىڭ يېنىغا يەنە كىردى. بۇ چاغدا، ئەررافە: «ھە، خەۋەر كەلدى. تۆلەم ئۈچۈن قانچىلىك بىر نەرسە ئېلىپ كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ئون تۆياق تۆگە» دەپ جاۋاب بەردى. شۇ زامانلاردا، ئادەتتە تۆلەم ھەققى ئۈچۈن ئون تۆياق تۆگە تاپشۇرۇلاتتى. ئەررافە: «سىلەر ئەمدى قايتىپ كېتىڭلار. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاللاتائالا ھەققىدە ئون تۆياق تۆگە نەزىر بېرىڭلار. ئاندىن، يەنە قىدەھ ئېلىپ كۆرۈڭلار. بۇ قېتىمقى قىدەھتىمۇ سىلەرنىڭ بۇ ئوغلۇڭلارنىڭ ئىسمى چىققۇدەك بولسا، يەنە ئون تۆياق تۆگە نەزىر قىلىپ ئاللاتائالانى رازى قىلىڭلار. ئەگەر قىدەھتا ئوغلۇڭلارنىڭ ئىسمى ئەمەس تۆگە چىقسا، سىلەر شۇ تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىڭلار. بۇ ھالدا ئاللاتائالامۇ خۇشال بولىدۇ، ئوغلۇڭلارمۇ نىجاتلىق تاپىدۇ.»

ئۇلار دەرھال مەككىگە قايتىپ كەلدى. كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلدى، ئاندىن ئابدۇللا بىلەن ئون تۆياق تۆگىنى نەزىرگە بېغىشلىدى. ئابدۇلمۇتەللىب ھۇبەل بۇتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قادىر ئاللاتائالاغا دۇئا قىلدى، ئاندىن ساھىب قىدەھ تاشلىدى. بۇ قېتىممۇ ئابدۇللانىڭ ئىسمى يېزىلغان قىدەھ چىقتى. شۇڭا، يەنە ئون تۆياق تۆگە كەلتۈرۈپ نەزىرگە ئاتىدى. نەزىرگە ئاتالغان تۆگە سانى يىگىرمىگە يەتتى. ئابدۇلمۇتەللىب يەنە ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىپ قىدەھ ئالدى. بۇ قېتىم يەنىلا ئابدۇللانىڭ قىدەھى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئون تۆياق تۆگە نەزىرگە ھازىرلاندى. شۇ تەرىقىدە، نەزىرگە ئاتالغان تۆگە سانى ئوندىن قوشۇلۇپ، يۈز تۆياققا

يەتكەندە ، ئابدۇلمۇتەللىب ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىپ تۇرۇپ قىدەھ ئالدى . بۇ قېتىم « تۆگە » يېزىلغان قىدەھ چىقتى .

قۇرەيشلەر ۋە شۇ سورۇندىكى باشقا كىشىلەر : « ئى ئابدۇلمۇتەللىب ، ئاللاتائالا رازى بولدى ! » دەپ توۋلاشتى . ئابدۇلمۇتەللىب : « ياق ، مەن يەنە ئۈچ قېتىم قىدەھ ئالىمەن ، ھەممىسىدە تۆگە چىقسا ، ئاندىن ھېساب » دېدى . شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك يەنىلا ئابدۇللا بىلەن تۆگىلەرنى نەزىرگە ئاتاپ تۇردى . ئابدۇلمۇتەللىب ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىپ تۇرۇپ قىدەھ ئالدى . بۇ نۆۋەت يەقەتلا تۆگىنىڭ قىدەھى چىقتى . كۆپچىلىك قىدەھ ئېلىشنى يەنە ئىككى مەرتىۋە تەكرارلىدى . ھەر ئىككى قېتىم ئوخشاشلا تۆگىنىڭ قىدەھى چىقتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆگىلەرنى شۇ يەردىلا قۇربانلىق قىلدى . بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمىدى ، توسقۇنلۇقمۇ قىلمىدى .

ئاللاتائالا شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ، ئۇلۇغ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى قىلدى . شۇنچىۋالا كۆپ تۆگىنى قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بېرىش ، پۈتكۈل ئەرەبلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ، ئەلمىساقتىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى . شۇڭا بۇ قىسسە ئەرەبلەر ئارىسىدا شۇنداق مەشھۇر ۋە شۇنداق كەڭرى تارالغانكى ، ئىشىك ئالدىلىرىدا ، كوچا ـ دوقمۇشلىرىدا ، تۆت ئادەم جەم بولغان يەردە ، پاراڭ بولسىلا ، ئۇ تىلغا ئېلىنماي قالمايدۇ .

## §2 . ئابدۇللانىڭ تويى

ئابدۇلمۇتەللىب ئوغلى ئابدۇللانىڭ بەدىلىگە يۈز تۆياق تۆگىنى قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بەرگەندىن كېيىن كۆڭلى ئارامغا

چۈشتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى بولمىسمۇ، ھەممىدىن ئامراق ئوغلى ئىدى. بىراق، ئىبنى ھىشام ئۇنى (ئابدۇللانى): «ئۇ دادىسىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى» دېگەن. ئىبنى ھىشامنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى ئابدۇلمۇتەللىب ئابدۇللانى قۇربانلىق قىلىپ ئۆز ئەھدىسىنى ئاقلىماقچى بولغان چاغدا، «ئۇ دادىسىنىڭ چوڭ ئوغلى» بولسا كېرەك. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئابدۇللادىن كىچىك. ئابباس بولسا، ھەمزىدىنمۇ كىچىك. ھالبۇكى، تارىخ كىتابلىرىدا، ئابباسنىڭ: «ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى بولسا كېرەك، ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. مەن ئۇنى كۆرگەندە، ئاياللار ماڭا: ‹ بېرىپ، قېرىنداشىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭ، قېرىنداشىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭە ! › دېيىشكەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى سۆيۈپ قويغانىدىم» دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مانا بۇ ئابدۇللانىڭ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ كەنجى ئوغلى ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ. ①

بىر كۈنى ئابدۇلمۇتەللىب ئابدۇللا بىلەن بىللە بىر قىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. بۇ قىز ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلاب جەمەتىلىك ۋەرقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئاچىسى ئىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇممۇقىتال بىنتى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىكەن. شۇ چاغدا، ئۇممۇقىتال ئابدۇللانىڭ رۇخسارىغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— نەگە بارىسىز؟

---

① بىزنىڭچە بۇ يەردە بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى، 7 - بابنىڭ ئاخىرقى پاراگرافىدا، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئون ئوغلىنىڭ ئىسمى بېرىلىپ، ئابدۇللانىڭ ئىسمى ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلغان - ت.

— دادام نەگە بارسا شۇ يەرگە بارىمەن، — جاۋاب بەردى ئابدۇللا.

— بۇرۇن سىز ئۈچۈن تۆگىلەر بەدەل بولۇپ جان پىدا قىلىنغانىدى. ئەمدىلىكتە، مەن سىزگە جان تەسەددۇق قىلىدىغان چاغ كەلدى، — دېدى قىز.

— مەن دادام قەيەرگە بارسا، شۇ يەرگە بارىمەن. دادامنىڭ رايىغا خىلاپلىق قىلالمايمەن ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، — دېدى ئابدۇللا.

ئابدۇلمۇتەللىب ئابدۇللانى زۆھرە جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى ۋەھب ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى زۆھرە ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئب ئىبنى ئۇيا ئىبنى غالىب ئىبنى فىھرىنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قىزى ئامىنە ( ئامىنە بىنتى ۋەھب ) نى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. ئۆز زامانىسىدا، ئامىنە پۈتكۈل قۇرەيش قەبىلىسى بويىچە مەيلى نەسەب جەھەتتىن بولسۇن، ياكى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىن بولسۇن ئوخشاشلا ئەڭ ئېسىل دەرىجىگە مەنسۇپ ئىدى.

تەبەرى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئابدۇللا خوتۇنى ئامىنەنى ئۆيىگە ياندۇرۇپ كېلىپ، كاتتا توي قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويىدى. شۇ قېتىمدىلا ئامىنە ھامىلىدار بولۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تۇغدى.» بۇ كېيىنكى گەپلەر، ئەلۋەتتە. كېيىن ئابدۇللا تالاغا چىقسا، بۇرۇن ئۇچراتقان قىز يولۇقتى.

— سىز ماڭا بۈگۈن نېمىشقا تۈنۈگۈنكىدەك كۆڭۈل ئىزھار قىلمايسىز؟ — دەپ سورىدى ئابدۇللا.

— بۈگۈن رۇخسارىڭىزدىن تۈنۈگۈن مەن كۆرگەن نۇر ئۆچۈپتۇ. ئەمدى سىزگە ھاجىتىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

ئەسلىدە، ئۇ ئىنسى ۋەرقە نوفەلدىن ھەممە ئىشنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئىنسى ۋەرقە ئىبنى نوفەل خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدىن بۇ مىللەت ئۈچۈن يارىتىلغان بىر مۇقەددەس روھنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسمائىل جەمەتىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىكەن.

تارىخىي مەنبەلەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: نۇرغۇن قىزلار ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبكە تېگىشنى ئارزۇ قىلاتتى. فاتىمە بىنتى مۇررە خەشئەمىييەن شۇ قىزلارنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، خۇددى تەبەرىنىڭ ئىبتىقىنىدەك «ئۇ (ئابدۇللا) قۇرەيشلەردىن چىققان ئەڭ كېلىشكەن يىگىت ئىدى.»

## § 3. ئابدۇللانىڭ ۋاپاتى

قۇرەيش قەبىلىسى تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلە. قۇرەيشلەرنىڭ ھاياتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، خۇسۇسەن قىش ۋە ياز پەسىللىرىدە يەمەن بىلەن شامغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. شۇڭلاشقا، ئاتىلار باللىرىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا كارۋانغا قوشۇلۇپ سودا سەپىرى قىلىپ چېنىقىشىغا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئابدۇلمۇتەللىب يۈز تۇيياق تۆگە بەدىلىگە ئوغلى ئابدۇللانىڭ جېنىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ناھايىتىمۇ خۇشال بولدى. ئابدۇللا ئامىنە بىنتى ۋەھەب بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ خۇشاللىقى يەنىمۇ ئاشتى.

ئابدۇللا بىر ئۆيىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالغانىكەن، ھەقىقىي مۇستەقىل ھاياتنى باشلىشى، كارۋان بىلەن سىرتقا بېرىپ قۇرەيشلەرچە سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك ئىدى.

شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئامىنەنى دادىسىغا تاپشۇرۇپ قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇرەيش كارۋانلىرىنى باشلاپ تىجارەت سەپىرىگە ماڭدى.

ئابدۇللا تويى قىلىنغاندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن تۇردى، خوتۇنى بىلەن بىللە بولۇپ يىگىتلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. ئاندىن، خوتۇنىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھامىلىدار ئايىلىنى تاشلاپ شامغا تىجارەتكە كەتتى. بۇ قېتىم تىجارەت ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئاساسلىق نەرسە خورما ئىدى.

تويىدىن بۇرۇن، ئامىنە تاغىسى ۋۇھەيبىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. تويىدىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، تاكى ئېرى سەپەرگە چىقىپ كەتكۈچە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتتى. ئېرى سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، غەمكىن بولۇپ قالدى. قېيىن ئاتىسى ئابدۇلمۇتەللىب ھەمىشە ئۇنى يوقلاپ تۇردى ھەمدە خوتۇنى ھالەگە ئېيتىپ ئامىنەنى يوقلاتتى، شۇ ئارقىلىق كېلىنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ھىجران ئازابىنى يەڭگىللىتىپ تۇردى.

كارۋانلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ، قۇرەيشلەر كارۋانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. كارۋانلار نۇرغۇنلىغان ماللارنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئامىنە ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار ئىدى. كارۋانلار كېلىشىگە قۇرەيش ياشلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى. ئابدۇللانىڭ قېرىنداشلىرى كۆپچىلىك بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن قايغۇ چىقىپ تۇراتتى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇلار ئابدۇللانىڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ، يەسرىب (مەدىنە) تىكى نەججار جەمەتىدىن بولغان (بەنى نەججار)

تاغىسىنىڭ قېشىدا داۋالىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇلمۇتەللىپ تولىمۇ بىئارام بولدى ۋە ئامىنەنىڭ بۇ خەۋەر تۇپەيلى تېخىمۇ ئازابلىنىپ، قورساقتىكى بالىغا تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال چوڭ ئوغلى ھارىسنى ئابدۇللانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يەسرىبكە ئەۋەتتى. كۆپچىلىك سۆيۈملۈك بىمارنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى خەۋەر كېلىشىنى زارىقىپ كۈتتى. ئەپسۇسكى، ھارىس ئۇلارغا ئابدۇللانىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت شۇم خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ھارىس يەسرىبكە بېرىپلا، ئابدۇللانىڭ كارۋانلار مەككىگە يۈرۈپ كېتىپ بىر ئايدىن كېيىنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

ئابدۇللا شۇ چاغدا ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن بولۇپ، ① ياپىياشلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ توي كېچىسى ۋە ئەر-خوتۇن بىللە ئۆتكەن ئىككى ئاي ۋاقتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېخى ھاياتىنىڭ لەززىتىنى كۆرمىگەنىدى. دېمەك، ئابدۇللا ئوغلى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) تۇغۇلماستىنلا، يەسرىبتىكى بەنى ئەدى رايونىدىكى «تابىئە» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ يۈرىكىنى بەختسىزلىك ئوتىدا قاتتىق پۇچىلىدى. ئامىنەمۇ ئابدۇللادىن جۇدا بولغىنىغا ئىنتايىن قايغۇردى. ئۇلار ھەممە ئارزۇ — ئۈمىدىنى ئابدۇللا ئامىنەنىڭ قورسىقىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ھامىلىگە باغلىدى.

---

① «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا، «ئابدۇللا ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنىڭغا ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنەنى ئېلىپ بەردى» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# خۇش خەۋەر ــ ھىدايەتكە باشلىغۇچىنىڭ بەيتۇللادا تۇغۇلۇشى

ئامىنەنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلى كۈن بويى يىغلاش، ئازابلىنىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىنى كۈتۈشتىن باشقا، كۆڭلى تەسەللىي تاپقۇدەك ئىش يوق ئىدى. گەرچە قېيىن ئاتىسى ئابدۇلمۇتەللىب بار ئامال - چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئېرىدىن ۋە ئۇنىڭ تەگدىشى يوق ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان تۇل خوتۇن ئىدى! ئەمەلىيەتتە، قېيىن ئاتىسىمۇ بىر بەختسىز ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ يېشى چوڭىيىپ، تېنى زەئىپلىشىپ، كۆزى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇقەيىل ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ قورۇسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە تۇغۇلدى. بۇ ئۆي ئۇقەيلنىڭ باللىرىغا مىراس تەگكەن بولۇپ، كېيىنچە، ئۇنى ھەججاجنىڭ قېرىندىشى بولغان مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇفكە سېتىپ بەرگەن. ئۇ بۇ ئۆينى ئۆز قورۇسى دائىرىسىگە ئېلىپ، «بەيدائ» (ئاق، ئاق رەڭلىك) دەپ ئات قويغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇغۇت ئانىسى بولغۇچىنىڭ ئىسمى شەففا ئىدى. ئۇ: «ئامىنەنىڭ كۆزى يورۇغان چاغدا، ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئالقىنىمغىلا چۈشكەنىدى» دېگەن. ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئىنىكئانىسى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئامىنە بىرقانچە كۈن ئېمىتتى. ئاندىن ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئاللاتائالاغا ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ كېتىدىغان تاغىسى ئەبۇلەھەبنىڭ كېچىك خوتۇنى سۇۋەيبە ئېمىتىپ باقتى.

ئامىنە ئوغلى مۇھەممەدنى تۇغقاندىن كېيىن، دەرھال بىرىدىن ئابدۇلمۇتەللىبكە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى نەۋرىسى بىلەن مۇبارەكلىدى. ئابدۇلمۇتەللىب بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپلا، بەيتۇللانى چۆرگىلەپ تاۋاپ قىلدى. ئاندىن دەرھال بېرىپ ئامىنەنى يوقلىدى. ئامىنە ئۇنىڭغا: «قاراڭا، مەن سىزگە بىر نەۋرە تۇغۇپ بەردىم» دېدى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بوۋىسىنىڭ قۇچىقىغا سېلىپ بەردى. ئارقىدىن، ئامىنە ئۆزىنىڭ مۇھەممەدكە قورساق كۆتۈرگەن چاغلىرىدا كۆرگەن ئەھۋاللارنى، يەنى مالائىكىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكى، بالىغا نېمە دەپ ئىسىم قويۇشنى بۇيرۇغانلىقى قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار: «ئابدۇلمۇتەللىب نەۋرىسى مۇھەممەدنى ئېلىپ بەيتۇللاغا كىرىپ، ئاللاتائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتتى، قايتىپ كېلىپ، ئۇنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىرقانچە ئىنىكئانا تېپىپ بەردى.» ①

بوۋاق ئۈچ كۈن ئاغرىپ ساقايدى. ئەبۇ لەھەب كىچىك خوتۇنى سۇۋەيبەنىڭ مۇھەممەدنى ئېمىتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى. مۇھەممەد سۇۋەيبەنى بىرنەچچە كۈنلا ئەمدى. سۇۋەيبەنىڭ مەسرۇھ ئىسىملىك ئەمچەكتىكى بالىسى

---

① ئىبنى ھىشام: «پەيغەمبەرلەر تەرجىمىھالى» (ئەرەبچە)، 2. توم، 160 - بەت.

بولۇپ، سۇۋەيبە بالىغا ئامراق، بالا ئېمىتىشكە ئۇستا ئايال ئىدى. ئۇ نۇرغۇن بالىلارنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ سوفيان ئىبنى هارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ۋە ئەبۇ سالىمە ئىبنى ئابدۇلئەسەد قاتارلىق بىر نەۋرە قېرىنداشلىرىمۇ بار ئىدى. بىراق، سۇۋەيبەنىڭ ئوغلى مەسرۇھ بىلەن ئىسلامغا ئىمان ئېيتقان ـ ئېيتمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېيىن ئۇنى مەدىنىدىن مەككىگە ئاپىرىپ قويىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلىپ بولۇپ، بۇ ئانا ـ بالىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇققۇ.

تارىخشۇناسلار ۋە شەجەرىشۇناسلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا باغلايدۇ. بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز نەسەبىنى مەئەددىن نېرىغا ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلمايتتى. ①

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە تارىخشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئوخشىماسلىقلار بار. بىراق، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پىل يىلى، يەنى مىلادى 570 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ. ئالايلۇق، ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىل يىلى تۇغۇلغان دېگەن. يەنە بەزىلەر ئۇنى پىل يىلىدىن ئون بەش يىل بۇرۇن تۇغۇلغان دەيدۇ.

---

① يەنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى هاشىم ئىبنى ماناف ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئىب ئىبنى لۇئەي ئىبنى غالىب ئىبنى فىھر ئىبنى مالىك ئىبنى (ياكى نەزىر) ئىبنى كىنانە ئىبنى خۇزەيمە ئىبنى مۇدرىكە ئىبنى ئىلياس ئىبنى مۇدەر (ياكى مۇزەر) ئىبنى نىزار ئىبنى مەئەد ـ ئاپتورنىڭ ئىزاھى.

ئۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پىل يىلىدىن مانچە يىل، مانچە ئاي، مانچە كۈن كېيىن تۇغۇلغان دېيدىغانلارمۇ بار. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەخمىنەن پىل يىلىدىن ئوتتۇز يىل كېيىن تۇغۇلغان دېسە، يەنە بىر قىسىملار ياق، ئۇ پىل يىلىدىن يەتمىش يىل كېيىن تۇغۇلغان دېيىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى ئايدا تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىمۇ ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بىراق كۆپ سانلىقلار ئۇنى ھىجرىيە رەبىئۇلئەۋۋەل ( 3 - ئاي ) دە تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنى ھىجرىيە مۇھەررەم ( 1 - ئاي ) دە تۇغۇلغان دېيدىغانلارمۇ، سەفەر ( 2 - ئاي )دە تۇغۇلغان دېيدىغانلارمۇ، رەجەب ( 7 - ئاي ) دە تۇغۇلغان دېيدىغانلارمۇ بار، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى رامازان ( 9 - ئاي ) دا تۇغۇلغان دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتىكى قاراشلار تېخىمۇ خىلمۇ خىل. بەزىلەر: ئۇ ھىجرىيە 3 - ئاي چىقىپ كېتىپ، يەنە ئىككى كېچە ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان دېسە، يەنە بەزىلەر سەككىز كېچە ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا، يەتتە كېچە ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان دەيدۇ. بىراق، كۆپ سانلىقلارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيە 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈندۈزدە تۇغۇلغانمۇ ياكى كېچىدە تۇغۇلغانمۇ، مەككىنىڭ قەيىرىدە تۇغۇلغان دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردىمۇ ئورتاق قاراش يوق.

تارىخشۇناس ئىبنى ھىشام « پەيغەمبەرلەر تەرجىمھالى » ناملىق ئەسىرىدە: « ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

( ئاللا ئۇنى بەختىيار ۋە ئامان ـ ئىسەن قىلغاي ) پىل يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ( دۈشەنبە ) كېچىسى تۇغۇلغان . » ①

زۇبەير : « ئۇ رامازان (9 ـ ئاي ) دا تۇغۇلغان » دەيدۇ . بۇ خىل قاراش بەزىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا خورما سارغايغان كۈنلەردە هامىلىدار بولغانىدى دىگەن چۈشەنچىسى بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ . يەنە بەزى كىشىلەر ئۇرۇش پىلى مەككىگە كىرگەن چاغ بىرىنچى ئاي ئىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ، ئۇرۇش پىلى مەككىگە كىرىپ ئەللىك كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن ، دەپ قارايدۇ .

تارىخشۇناس مەسئۇدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : « ئۇ ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ) پىللىق قوشۇن مەككىگە هۇجۇم قىلىپ ئەللىك كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان دىگەن گەپ توغرا . ئۇلار ( پىللىق قوشۇن ) مەككىگە يېتىپ كەلگەن چاغ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىسىنىڭ 882 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيى ( 1 ـ ئاي ) نىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئون ئۈچ كۈن قالغان بىر دۈشەنبە كۈنى ئىدى . ئەبرەهە مەككىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا ، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئون يەتتە كۈنى ئۆتۈپ بولغان بولۇپ ، بۇ هەرگىزمۇ ئەرەب تارىخىنىڭ ئىككى يۈز ئونىنچى يىلى ، يەنى تۇنجى قېتىم ھەج قىلىشقا ئاسىيلىق قىلىنغان يىلغا ئەمەس ، بەلكى ئىران پادىشاھى كەسرا ئەنۇشىرۋاننىڭ قىرىقىنچى يىلىغا توغرا كېلىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يىلى 3 ـ ئاي ( رەبىئۇلئەۋۋەل ) نىڭ 9 ـ كۈنى مەككىدە تۇغۇلغانىدى . » ②

① ئىبنى ھىشام : « پەيغەمبەرلەر تەرجىمھالى ( ئەرەبچە ) ، 1 ـ توم ، 108 ـ بەت .

② مەسئۇدى : « ئالتۇن يايلاق » ( ئەرەبچە ) ، 2 ـ توم ، 280 ـ بەت .

كوساندى بارسفال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توشقان كالپۇك ئەبرەھەنىڭ پىللىق قوشۇنى مەغلۇپ قىلىنىپ ئەللىك بەشىنچى كۈنى تۇغۇلغان دەيدۇ . مىسىر ئاسترونومى مەھمۇد پاشا ئىلمىي تەتقىقات ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : « ئۇ مىلادى 571 - يىلى ، ئەرەب كالىندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە تۇغۇلغان . ئىسلام كالىندارى شۇ كۈندىن باشلانمىغان ( شۇ چاغدىن خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن باشلانغان ) بولغاچقا ، مىلادىيە يىلنامىسى بىلەن ئەرەب كالىندارىنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس . ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب كالىندارى ، خۇسۇسەن پەسىل ، ئايلار ھەممە ئادەمگە ئېنىق ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا باھار پەسلىدە ھامىلدار بولۇپ ، كۈزدە تۇغقانىدى . بۇ شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان ئەمەلىيەت . ھازىرقى زامان تەتقىقاتىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى ، كۈز پەسلى ئۇلۇغ زاتلار دۇنياغا كېلىدىغان پەسىلدۇر.»①

قەيس ئىبنى مەخزۇمە جانابىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتى ھەققىدە توختىلىپ : « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككىمىز بىر يىلدا ، يەنى پىل يىلى تۇغۇلغان ، بىز سالداشمىز » دېگەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئەسلىگىنىدە : « ئاھ ، ئۇ ۋاقىتتا ، مەن تېخى يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى ئەمدىلا تىل ئەقلىمگە كەلگەن سەبىي بالا ئىدىم . تېخىچە ئېسىمدە ، شۇ چاغدا ، بىر يەھۇدىي ئادەم يەسرىب قەلئەسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ : ‹ ھەي ، يەھۇدىيلار ، ھەي ، يەھۇدىيلار ! › دەپ ۋارقىراۋەردى ، جامائەت ئۇنىڭ چۆرىسىگە

① « ئىسلام ئىنقىلابىي » ( ئەرەبچە ) ، 281 - بەت .

www.uyghurkitap.com

تـوپـلـىـشـىـپ : ‹ ھەي ، نـېـمـىگە مۇنچىۋالا ۋارقىراپسەن ؟ › دەپ سـورىـدى . ئۇ بـولـسـا : ‹ ئاخـشـام ئەڭ ئېسىل زات مۇھەممەدنىڭ يۇلتۇزى كۆرۈندى › دەپ جاۋاب بەردى دېگەن .» ①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ، پۈتكۈل ئەرەبـلـەر ئىچىدە مۇھەممەد ئىسىملىك ئادەمدىن ئۈچىلا بار ئىدى . بـۇ ئۈچ نـەپـەر مـۇھەمـمـەدنـىـڭ ئاتىلىرى كىشىلەردىن بۇ دۇنياغا مـۇھەمـمەد ئىسىملىك بىر زاتنىڭ كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھىجازدا ئاللاتـائالانـىـڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، بۇ دۇنـيـاغا كـۆز ئاچـقـۇسـى مـۇھەمـمـەدنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلى بولۇپ قـېـلـىـشـىـنـى ئارزۇ قـىـلـىشىدۇ . بۇ ئۈچ ئاتا بىرنەچچە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىـغا بـارىدۇ . ئۇ پادىشاھلاردا بىر مۇقەددەس كىتاب بولۇپ ، ئۇنـىـڭـدا پـەيـغـەمـبـەر ئەلـەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسمى ، ئۇنىڭ ئاللاتـائالادىـن كەلگەن ۋەھيي بىلەن پەيغەمبەر بولىدىغانلىقى بايان قـىـلـىـنـغـانـىـدى . پـادىـشاھلار بۇ خەۋەرنى بۇ ئۈچ ئاتىغا ئېيتىپ بـېـرىـدۇ . شـۇنـىـڭ بـىـلـەن ، بـۇ ئۈچەيلەن ئاياللىرى ئېغىر بوي بـولـغـانـدا ، ئەگـەر بـالا ئوغـۇل تـۇغۇلسا ، ئىسمىنى « مۇھەممەد » قـويايلى دەپ ۋەدىلىشىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۈچ ئوغۇلغا مۇھەممەد دەپ ئـىـسـىـم قـويۇلىدۇ . ئۆز زامانىسىدىكى بۇ ئۈچ مۇھەممەد شائىر فـەرەزدەقـنـىـڭ بوۋىسى مۇھەممەد ئىبنى سوفيان ئىبنى مەجاشئ ؛ مـۇھەمـمـەد ئىبنى ئۇھەيھە ئىبنى جىلاھ ئىبنى ھۆرەيش ؛ مۇھەممەد ئىبنى ھەمران ئىبنى رۇبەيئەلەر ئىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ 7 - كۈنى ئابدۇلمۇتەللىب پـەرمان چۈشۈرۈپ ، قۇربانلىققا يارايدىغان تۆگىدىن ئەكەلدۈرۈپ ئۆلـتـۈرۈپ قـۇرەيـشلەرگە نەزىر بەردى . نەزىرگە كەلگەن جامائەت

① ئىبنى ھىشام : « پەيغەمبەرلەر تەرجىمىھالى » ( ئەرەبچە ) 2 - توم ، 159 - بەت .

ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ نەۋرىسىگە « مۇھەممەد » دەپ ئىسىم قويىماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، نېمىشقا بىزنىڭ ئاتىلىرىمىزنىڭ ئىسمىنى نەۋرىڭىزگە قويۇۋالىسىز ؟ دەپ سورىدى . ئابدۇلمۇتەللىب بۇ سوئالغا جاۋابەن مۇنداق دېدى : « مەن ئۇنىڭ ئاللاتائالانىڭ ئاسمىنىدىمۇ ھەمدۇساناغا سازاۋەر بولغان ، بۇ زېمىندىمۇ ماختاشقا لايىق بولغان بىر زات بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.» ①

بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ . مېنىڭچە ، ئۇلاردىن ئىككىسىنى ئىزاھلاپ ئۆتسەك يامان بولمايدۇ . رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ : ئامىنە قورساق كۆتۈرگەن ۋە كۆزەيگەن چاغلىرىدا ھېچقانداق مۇشەققەت تارتمىغان ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كېچىسى غايەت زور بىر نۇر پارلاپ پۈتكۈل جاھاننى يورۇتۇۋەتكەن؛ ئاسمانمۇ ، زېمىنمۇ ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا تەقەززا بولغان ؛ ساۋا كۆلى قۇرۇپ ، زېمىن يېرىلىپ كەتكەن ؛ دىجلە دەرياسى ②تېشىپ ، ئەتراپتىكى زېمىن تاشقىن سۈيىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ؛ كەسرانىڭ تەختىگاھى تەۋرىگەن ، نۇرغۇن ئادەملەر مۇنار ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن ؛ شۇ كېچىسى ئىرانىنىڭ قازىسى ( باشقا بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ) ئەرەب ئېتى بىلەن ۋەھشىيلەشكەن تۆگە بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ چۈش كۆرگەن . تاڭ ئاتقاندا ، ئۇ كۆرگەن چۈشىنى كاھىن ( چۈشكە تەبىر ئېيتقۇچى ) غا دەپ بەرگەن . كاھىن ئۇنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ ، پارسلار ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كەلگۈسى ناھايىتى زور خەتەرلىك تەھدىتكە ئۇچرايدىكەن ، دېگەن .

---

① مۇھەممەد ــ بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى مەنىسى « ماختاشقا مۇناسىپ ؛ ماختالغان » دېگەن بولىدۇ ــ ت .

② ئىراقتىكى ئىككى چوڭ دەريانىڭ بىرى ــ ت .

www.uyghurkitap.com

شۇ ئەبەدىيلىك مۇبارەك كېچىسى، نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۆچمەي كەلگەن مۇقەددەس زەرا دەشت ①ئوتى ئۆچكەن. پۈتكۈل جاھاندىكى بارلىق بۇتلار بىراقلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. مالائىكىلەر ھەرقايسى سەييارىلەردە تۇرۇشلۇق جىن - شاياتۇنلارنى ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئىبلىس بىلەن قوشۇپ دېڭىزنىڭ قەھرىگە (ئەڭ ئاستىغا) ھەيدىۋەتكەن.

يەنە بىر خىل ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سامادا مۇشتەرى (يوپىتىر) يۇلتۇزى پەيدا بولغاندا تۇغۇلغان، مۇشتەرى يۇلتۇزى سائادەت ۋە شان - شەرەپنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۇ تۇغۇلغان يىلى فەتھى - غالىبىيەت يىلى، شۇنداقلا خەير -ئېھسان، ياخشىلىق يىلى بولغان. مۇنداق دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، قۇرەيشلەرنىڭ كۈنى مۇشەققەت ۋە تەڭقىسچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇ تۇغۇلغان يىلى ئۇلار ياشاۋاتقان پۈتكۈل زېمىن چىمەنزارلىققا پۈركىنىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر مېۋىلىرىنىڭ جىقلىقىدىن شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. مەككە سائادەت ۋە بەختىيارلىقنىڭ قاينىمىغا چۆمۈلىدۇ.

① زەرادەشت — قەدىمكى پارس ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئىجادچىسى، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 660 — 583 - يىللار ئارىسىدا ياشىغان.

## ئون بىرىنچى باب

# ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى بەيتۇللا تاۋىپى

### §1 . ھەرەم ئايلىرىدىكى تاۋاپ

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، ئەرەبلەر ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن بەيتۇللاغا كېلىپ ئۇنى تاۋاپ قىلاتتى. ئۇندىن باشقا ھىندىلار، پارسلار، سابىئە دىنى مۇرىتلىرى ۋە قىسمەن يەھۇدىيلارمۇ ئەرەبلەر بىلەن بىللە ھەج ـ تاۋاپقا قاتنىشاتتى. ئەينى زاماندا بەيتۇللاغا ھەج ـ تاۋاپ قىلىنىدىغان ئايلار ھەرەم ئايلىرى دەپ ئاتىلاتتى. يەنى 11 ـ ئاي، 12 ـ ئاي ۋە 1 ـ ئايلاردا ھەج ـ تاۋاپ پائالىيىتىدىن باشقا ھەرقانداق ئىش ـ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھارام (مەنئى قىلىنغان) ئىدى. ئۇلار 7 ـ ئاينىمۇ ھەرەم ئېيى قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئاينى ئاللاتائالانىڭ قۇلقىنى تىنچ قىلىش ئېيى، يەنى ئاللاتائالاغا قورال ـ ياراغ ساداسىنى ئاڭلاتمايدىغان ئاي، دەپ ئاتىشاتتى. مۇشۇ تۆت ئاي ئىچىدە، ئۇلار قورال ـ ياراغلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشمايتتى.

ھەج ـ تاۋاپ ئەركانلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن تاۋاپ بازىرى سودىسى قىلىش بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىتقا مەزكەزلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي ھەج ـ تاۋاپ پائالىيىتى مەزگىلى ئۈچ ئاي ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدىغان ئۈچ ئاينى بەلگىلەش تولىمۇ ئاقىلانىلىك بولغانىدى. سەۋەب، بىرىنچىدىن، تاۋاپچىلار يىراق جايلاردىن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىدىغان بولغاچقا، يېتەرلىك ۋاقىت

بولمىسا، ئۇلارنىڭ كېلىپ - كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، مۇشۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىشتا، تاۋاپچىلارنىڭ يالغۇز ھىجاز رايونىدىكى ئەرەبلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن، پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەرەبلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى تاۋاپقا كېلەتتى ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كاتتا بازاردا تاماشا ۋە سودا قىلاتتى.

تاۋاپ مەۋسۇمىدا كېلىپ، ھەج - تاۋاپ مۇراسىملىرىغا قاتنىشىدىغان ۋە بازار قىلىدىغانلار مەككە رايونى ياكى ھىجاز رايونىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرلا بولۇپ قالماستىن، يەنە نۇرغۇنلىغان چەت - ياقا رايونلۇقلار مەسىلەن، يەمەن، نەجد، شام قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىي تەۋھىدچىلەرمۇ، سابىئە دىنى مۇرىتلىرىمۇ، يەھۇدىي دىنى مۇرىتلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېلىپ پەقەتلا ھەج - تاۋاپ مۇراسىمىغا قاتناشسا، يەنە بەزىلىرى تاۋاپ - ئىبادەت ھەم سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ يەنە بەزىلەر ئۆز دىنىي - ئېتىقادلىرىنى تارقىتىش بىلەن بولاتتى؛ بەزىلەر بولسا شان - شەرەپتە بەسلىشىپ نۇتۇقلار سۆزلىشەتتى، نەزمە - قوشاقلار ئوقۇشاتتى؛ يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەقەت ھەج - تاۋاپنىڭ شاراپىتىدىن بولغان ئەۋزەل شارائىت، پەقەت ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمى تەمىن ئېتەلەيدىغان تىنچلىقتا بىجىرگىلى بولىدىغان ئىشلىرىنى بىجىرىۋالاتتى.

جاھىلىيەت دەۋرىدە، «ھەمس» نىزامى ئەۋج ئالغانىدى. «ھەمس» سۆزىنىڭ مەنىسى «يۇرت بالىسى، يەرلىك ئادەم» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا، ئۇ مەخسۇس كىندىك قېنى بەيتۇللانىڭ

ئەتراپىغا تۆكۈلگەن ئادەم، ماقامى ئىبراھىم تېشى (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك پۇتى تەگكەن تاش) تۇرىدىغان جايدا ياشايدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتەتتى. ھەمس نىزامى ئەمەلىيەتتە، مەككىنىڭ خەلقى، ھەرەم ئەھلى، بەيتۇللانىڭ مۆتىۋەرلىرىگە بېرىلگەن ئىمتىياز ھېسابلىناتتى. بۇ خىل ئىمتىياز ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئىسلزادىلەرنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ بېرىلىدىغان «شەھەر ھۇرىيەت ھوقۇقى» غا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ھوقۇق بولۇپ، بۇنداق ھوقۇق - ئىمتىياز ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە شۇنداق شەرەپلىك نام ئاتا قىلغان دۆلىتىنىڭ ئىززىتى ۋە ئابروينى گەۋدىلەندۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا مەككىلىكلەر: «ھەرقانداق ئەرەب بىزدەك ھوقۇق ۋە مەرتىۋىگە ئىگە ئەمەس» دېيىشەتتى.

ھەمسلەر (ھەمس نىزامىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار) بەيتۇللاغىلا چوقۇناتتى ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايتتى، بەيتۇللانىڭ كەينى تەرىپىدىكى جايلارنى بولسا ئۇلۇغلىمايتتى، چوقۇنۇپمۇ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىچە، ئەگەر ئۇلار بەيتۇللانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەرنىمۇ ئۇلۇغلىسا، باشقا جايلاردىن كەلگەن ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ ھەرىمىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالاتتى. ئەرەفات (غرفه) تېخى بەيتۇللانىڭ سىرتىغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇلار ھەج - تاۋاپ مۇراسىمى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا چىقمايتتى. بىراق ئەرەفات تېغىغا چىقىشنى ھەج - تاۋاپ مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايتتى، باشقا ئەرەبلەرنىڭ ئەرەفات تېغىغا بېرىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلار: «بىز دېگەن بەيتۇللانىڭ ئەھلى، شۇڭا بۇ مۇقەددەس ھەرەمدىن ئايرىلىشاق بولمايدۇ، باشقا ئادەملەرنى، جايلارنى ئۇلۇغلىساق تېخىمۇ بولمايدۇ» دەيتتى.

ياقۇت ھەمەۋى ھەمسلەر ۋە ئۇلارنىڭ نىزامى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمىدا ھەمسلەر

مۇزدەلىفەدىلا توختايتتى، ئەرەفاتقا بارمايتتى. پۇتكۇل ھەرەم ئايلىرىدا ئۇلار قىيىنچىلىقتىن ۋايسىمايتتى، شىكايەت قىلمايتتى؛ چىشى ئۆچكىلەرنى قايچىلىمايتتى؛ سېغىن كالىلارنى باغلىمايتتى؛ يۇڭ ئەشمەيتتى، يىپمۇ ئىگىرمەيتتى؛ يۇڭ - كىگىزدىن ياسالغان ياكى لايدىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەرگىمۇ كىرمەيتتى. ئۇلارغا بىر قىزىل قۇببە بولسىلا، شۇنىڭ ئاستىدا كۈن ئۆتكۈزۈۋېرەتتى.»

مانا بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ شۇ بىر پارچە زېمىننى قانچىلىق ئەزىزلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ھەتتا ھەج - تاۋاپ مۇراسىملىرىغا تولۇق قاتنىشالماي قالىدىغان ئىش بولسىمۇ، شۇ زېمىندىن ئايرىلغىلى ئۇنىمايتتى. ھازىرقى زامان خەلقئارا قانۇنىدا، كىشىلەر مۇئەييەن بىر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگە بىرەر قانلىق بەدەل ئارقىلىق ئۆتەلەيدۇ؛ شۇ دۆلەتتە تۇغۇلغانلىقى بىلەنمۇ ئۆتەلەيدۇ؛ شۇ دۆلەتتە ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلىشىپ ياشىغانلىقى ھېسابىغىمۇ ئۆتەلەيدۇ، دەيدىغان بەلگىلىمىلەر بار. ۋەھالەنكى، ھەمسىلەرنىڭ ئىدىيىسى شۇكى، كىمكى شۇ زېمىن بىلەن ئالاقىدار بولسا، ئۇ شۇ دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئادەم بولۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ؛ كىمنىڭ مۇشۇنداق ھوقۇقى بولسا، ئۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىمتىيازدىن بەھرىلىنەلەيدۇ.

ھەمسىلەرنىڭ بۇ ئىدىيىسى توغرا ئىدى. چۈنكى، ئۇ ھەم ھەرەم رايونى ئەھلىنى ھۆرمەت قىلاتتى ھەم چەتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرەتتى؛ ھەم دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرەتتى، ھەم قىساسچىلار، تەمەخورلار ۋە پۈرسەتپەرەسلەرنى ئىمكانسىز قالدۇراتتى. پاناھلىنىش ھوقۇقى مانا شۇ ھەمسىلەر ھوقۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن.①

---

① لۇتفى جۇمئە: «ئىسلام ئىنقىلابى» (ئەرەبچە)، 82 - بەت.



www.uyghurkitap.com

يالغۇز قۇرەيشلەرلا ئەمەس، بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى بەيتۇللانى ھەرەم ياكى مۇقەددەس جاي دەپ بىلەتتى. بەيتۇللانىڭ مۇقەددەسلىكى ھەر يىلى بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدىغان بايراملاردا، شۇنداقلا مەككە جىلغىسى ۋە ئېگىزلىكىنىڭ ئەتراپىدا بولىدىغان كاتتا بازارلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تۆرلۈك دىنىي مۇراسىملار ۋە يوسۇن - قائىدىلەر بىلەن سودا تىجارەتتىكى ئەركىن باھا قويۇپ سودىلىشىش، ئىمپورت - ئېكسپورت قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بىرخىل پەۋقۇلئاددە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەندى. ئەينى زاماندا، ئەرەبلەر ئەدەبىياتقا ئەھمىيەت بېرەتتى. بازارلاردا خىلۋەترەك جايلار ياكى بىرنەچچە سورۇن، خۇددى ھازىرقى زاماندىكى پەن ۋە ئەدەبىي جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلاتتى. بۇ جايلاردا، ھەمىشە ناتىقلار نۇتۇق سۆزلەيتتى، شائىرلار نەزمە - قوشاق ئوقۇيتتى، پەيلاسوپلارمۇ بەزى مۇھاكىملەرنى، مۇلاھىزىلەرنى ئېلان قىلىپ تۇراتتى.

مەككىلىكلەر ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمىدا، بايراملارنى ۋە بازار ۋاقىتلىرىنى قىش، باش باھار ۋە كۈز پەسلىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى خالايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىپ، يىلنى قەمەرىيە كالىندارى ۋە ھىلال كالىندارى بويىچە ھېسابلاشتىن شەمسىيە (كۈن) كالىندارى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىپ، ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمىنى تاۋاپچىلار مەمنۇن بولىدىغان ۋاقىتقا توغرىلىغانىدى. مەككىلىكلەرنىڭ ھەج - تاۋاپ ۋاقتىنى مۇنداق تاللىشى ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا، چەت - ياقا جايلاردىن ھەج - تاۋاپقا كېلىدىغانلار ئۈچۈن ساپ ۋە سۆرۈن ھاۋا شارائىتى يارىتىپ بېرىشى ئۈچۈنلا

ئەمەس ئىدى. ئۇلار تاللىغان بۇ مەۋسۇمدا تېرە، يەل - يېمىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا تاۋارلار تەييار بولۇپ بازارغا كىرەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بىر ۋاقىتنى ھەج - تاۋاپ ئەركانلىرىنى ئادا قىلىدىغان مەۋسۇم قىلىپ تاللىشى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە سودا - تىجارەتكىلا تايىنىدىغان بارلىق بەدەۋى ئەرەبلەرنى مۇئەييەن ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى.

## § 2. قۇرەيشلەرنىڭ ھەج - تاۋاپقا ئەھمىيەت بېرىشى

مەككە تەرەققىي قىلغان، خۇسۇسەن يەمەندىكى ھىميەرىلەر دۆلىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ تەرەققىي قىلىپ بىر كاتتا شەھەرگە ئايلانغان؛ ئۆز قوينىدا بەيتۇللانىڭ بولغانلىقى، سودا - تىجارەتنىڭ گۈللىنىشى، شۇنىڭدەك جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن يۈكسەك ئورۇن ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولغانىدى. گېرمانىيە تارىخشۇناسى فەلھاۋزېن مەككە تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر ئامىل، يەنى مەككە ئاھالىسىنىڭ سان جەھەتتە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئومۇمىي ساندىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ، مەككىلىكلەر مەدەنىيىتىنىڭ روناق تېپىشى ئۇلارنىڭ سامىلار، شىمالدىكى باشقا قەبىلە خەلقلىرى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۈرىيە (شام)، ھىدە (ئىراقتىكى فۇرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بىر قەدىمىي شەھەر) دىن تارتىپ تاكى ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا سوزۇلغان سودا بەلبېغى ئۇلارغا يېڭى - يېڭى تەسىرات ۋە يېڭىدىن يېڭى ئىستەكلەرنى ئاتا قىلغان. ھەج - تاۋاپچىلارنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ

ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قۇرەيشلەر مەككىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ھىجاز رايونى تېررىتورىيىسىدە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. قۇرەيشلەر قەبىلىلەر ئۇرۇشىنى مەنئى قىلىپ، بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كونترول قىلدى. ئەينى زاماندىكى قۇرەيشلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىتىگە ئالاقىدار نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەر ھازىرقى زامان دۆلەتلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، كېيىنكىلەر ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيىتى ۋە بىلىمىنى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سىياسەت ۋە جەمئىيەت تۈزۈملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

ھەج - تاۋاپچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن قۇرەيشلەر سۇ مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، مەككىدىكى يوللارنى راۋانلاشتۇردى. مەككە شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھەمىشە سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇلار يەنە مەككىدىكى ھەرقايسى يول - كوچىلارنىڭ يورۇتۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى. مەككە ئەتراپىدىكى تاغ چوققىلىرىغا مەشئەل ئورنىتىپ، ھەج - تاۋاپچىلارنىڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ يولدىن ئېزىپ قالماسلىقىنى كاپالەتلەندۈردى.

ھەرەم ئايلىرىدا ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىندى. ئەرەبلەر ھەرقايسى جايلاردىن كېلىدىغان تاۋاپچى، سودىگەر ۋە ساياھەتچى مېھمانلارنى ئېگىز جايلارغا ۋە قۇدۇق كۆپ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ سېتىش ئىشلىرىنى قىلىۋېلىشىغا، ئۆزئارا تونۇشۇپ ھال مۇڭدىشىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. مېھمانلار ئوكاز بازىرىغا باراتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئوكاز بازىرى نۇتۇق سۆزلەش، نەزمە - قوشاق ئوقۇش بويىچە بەسلىشىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇسابىقە مەيدانى،

www.uyghurkitap.com

داغلىق ئەربابلارنىڭ خالىس ھۆكمى ئارقىلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ - ئاداۋەتنى يوقىتىپ، ئادالەت چىرىغىنى ياقىدىغان ئەدلىيە مەھكىمىسى، قەدىمكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن ماللىرى كۆرگەزمە قىلىنىدىغان دۇنياۋى يەرمەنكە سورۇنى ئىدى. كىشىلەر ئوكاز بازىرىدىن يېنىپ ئەرەفاتقا چىقاتتى، ئاندىن مەككىگە كىرىپ ھەج - تاۋاپ ئەركانلىرىنى ئادا قىلاتتى، شۇندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتەتتى.

ھەج - تاۋاپ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتقا تەسىر كۆرسەتتى. ھەج - تاۋاپ مەزگىلىدە ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىناقلىشىپ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشنى، ئۆچ - ئاداۋەتنى ئۇنتۇپلا كېتەتتى. ئۇلار، بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزئارا تونۇشۇپ، ئىلىم - سېتىم قىلىشىپ، ئۆزئارا تويلىشىپ، ئۆزئارا مەدھىيە نەزمىلىرىنى ئوقۇشۇپ ئوتتۇرىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېتەتتى. مانا بۇلار قەبىلىلەر، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدىغان يۈكسەك ئىجتىمائىي ھايات بارلىققا كېلەتتى.

### § 3. سۇدانە، سەقايە، رەفادە

مەككىلىكلەر خوسۇسەن قۇرەيشلەرنىڭ ئەربابلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەج - تاۋاپچىلار ئۈچۈن قانداق بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىشى لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىشتىن ئىبارەت ھېچكىمدە يوق يۈكسەك ئىززەتكە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزدە ئەرەبلەرنى چەكلەش ھوقۇقىمۇ، ئىختىيارلىق ھوقۇقىمۇ بولىدۇ؛ بىز بەيتۇللالىقلار، بەيتۇللانىڭ تۇنجى ئاھالىسى بولىمىز، دەپ

قارايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى، ئاللاتائالانىڭ بۇ جايغا قانداق ئەزىزلىك ۋە مۇقەددەسلىك ئاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ھەج قىلغۇچىلارنى بەيتۇللانىڭ ئەزىز مېھمانلىرى، دەپ قاراپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، ھەج ئۆمەكلىرىنى قارشى ئالاتتى، ئۇلارنى قەدىرلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ئۆزلىرىنى بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى مۇتىۋەللىلەر، دەپ ھېسابلايتتى.

ئۆز ۋاقتىدا قۇرەيش قەبىلىسىدە ئون بەش تۈرلۈك ۋەزىپە بار بولۇپ، بۇ ۋەزىپىلەر قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ھەرقايسى جەمەتلەر ئارا تەڭ تەقسىم قىلىنغانىدى، مۇنداق قىلىش، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ ۋە دەتالاش يۈز بېرىشىنى چەكلەش؛ ئاندىن قالسا، قۇرەيشلەرنىڭ ئومۇمىي ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ساقلاشنى؛ شۇنىڭدەك مەككە شەھرىنى زۆرۈر بولغان جىملىق ۋە تىنچلىقتا ئېرىشتۈرۈپ، ھەج قىلغۇچىلار ۋە سودىگەرلەرنى يىلمۇيىل مەككىگە كېلىپ ھەج ۋە سودا قىلىشقا خەلپ قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكلىرى سۇدانە (باشقۇرۇش)، سەقايە (سۇ بىلەن تەمىنلەش) ۋە رەفادە (كۈتۈش) ئىدى.

بىرىنچى، سۇدانە ۋەزىپىسىنىڭ يەنە بىر ئىسمى ھىجابە بولۇپ، بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئادەم بەيتۇللاغا يوپۇق يېپىش، بەيتۇللانىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش - ئېتىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. سۇدانە ۋەزىپىسى بارلىق ۋەزىپىلەرنىڭ سەرخىلى ــ ئەڭ كاتتا ۋەزىپە ھېسابلىناتتى.

ئىككىنچى، سەقايە ۋەزىپىسىنى ئۆتىگۈچى مەخسۇس ھەج قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولاتتى. ئۆز

زامانىسىدە، مەككىدە سۇ ناھايىتىمۇ كەمچىل بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگۈچى ئادەم بەيتۇللا قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇلۇمدىن كۆلچەك ياساپ تۆگە بىلەن يىراقتىن سۇ توشۇتۇپ ئۇنى تولدۇرۇپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا، سەقايىلىك ۋەزىپىسىنى بەنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى.

ئۈچىنچى، رەفادىلىك ۋەزىپىسى. قۇرەيشلەر ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمىدا كاتتا ئەرەبلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر ئاز پۇل يىغىش قىلىپ، ئۇنى رەفادىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگۈچى ئادەمگە بېرەتتى. ئۇ ئادەم بۇ پۇلغا بەيتۇللانىڭ مېھمانلىرى بولغان ھەج - قىلغۇچىلار ئىچىدىكى يوقسۇللارغا ئاتاپ يېمەكلىك تەييارلايتتى. رەفادىلىك ۋەزىپىسىنى تۈنجى بولۇپ ئۆز زىممىسىگە ئالغان ئادەم قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ۋەزىپىنى نەۋفەل جەمەتى (بەنى نەۋفەل) ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بەنى ھاشىم ئۆز زىممىسىگە ئالغان.

بەيتۇللا ۋە ھەج - تاۋاپ ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ يەنە بىرى «ئەمارە» بولۇپ، بۇ ۋەزىپە مەسچىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە كىشلەرنىڭ ھاقارەت خاراكتېرلىك ئىپلاس سۆزلەرنى قىلىشنى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشنى چەكلەش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغانىدى.

قۇرەيشلەر ھەج قىلغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. بارلىق ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ، ئىبزىلگۈچىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىپ ھەققانىيەتنى تارقىتاتتى. مۇشۇ مەقسەتتە، جاھائەت ئەرەبلىرى يىغىن ئېچىپ «ئۆزئارا ئەھدىلىشىپ مەككە شەھرىدە ئىبزىلگۈچىلەرنىڭ بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ مەككىلىكلەر

بولسۇن، ياكى مەككىگە سىرتتىن كەلگەن ئادەملەر بولسۇن، ئۆزئارا جەزمەن دوستانە ئۆتۈش، ھەرقانداق ئادەمنىڭ باشقىلارنى ئېزىشىگە يول قويماسلىق؛ ئەگەر بىرەر كىمنىڭ باشقىلارنى بوزەك ئەتكەنلىكى سېزىلسە، ئۇنىڭ ئادالەتسىز قىلمىشىغا قارشى تۇرۇپ رەددىيە بېرىش»①قارار قىلىنغانىدى.

قۇرەيشلەرنىڭ بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلاب رەفادىلىكنىڭ نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ بالىلىرى بۇنى ئەجدادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن رەفادىلىك ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تەۋەررۇك قالدىغان ئەنئەنىۋى يوسۇن بولۇپ قالغانىدى. ئىبنى ھىشام رەفادىلىك ۋەزىپىسىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەفادە ئەمەلىيەتتە خىراجەت پۇل ئىدى. قۇرەيشلەر ھەر نۆۋەتلىك ھەج مەۋسۇمىدا قۇسەي ئىبنى كىلابقا پۇل يىغىپ بېرەتتى. قۇسەي بولسا بۇ پۇلغا ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن يېمەكلىك تەييارلايتتى. بەلگىلىمە بويىچە، يېمەكلىك ئېلىپ كەلمىگەن ياكى يېمەكلىك تەييارلاشقا قۇدرىتى يەتمىگە ھەج قىلغۇچىلار رەفادىلىك خىراجىتىدىن تەييارلانغان يېمەكلىككە ئېرىشەتتى. بۇ قۇسەي تۈزۈپ چىققان بەلگىلىمە بولۇپ، ئۇ قۇرەيشلەرنى مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلدۇراتتى. ئۇ قۇرەيشلەرگە مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگىنىدە: ‹ئى قۇرەيشلەر! سىلەر ئاللاتائالانىڭ قوشنىسى، بەيتۇللانىڭ ئاھالىسى، ھەرەم زېمىنىنىڭ خەلقىسىلەر، ھەج - تاۋاپچىلار بولسا، ئاللاتائالانىڭ مېھمانلىرى، بەيتۇللانىڭ زىيارەتچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياخشى كۈتۈۋېلىشقا ئەرزىيدىغان ئەزىز كىشىلەردۇر. شۇڭا، ھەج - تاۋاپ مەزگىلىدە

① ئىبنى ھىشام: «پەيغەمبەرلەر تەرجىمىھالى» (ئەرەبچە)، 1 - توم، 141 - بەت.

www.uyghurkitap.com

تاكى ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىققانغا قەدەر سىلەر ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەك تەييارلاپ بېرىشىڭلار لازىم » دېگەن . قۇرەيشلەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلاتتى . ئۇلار ھەر يىلى قۇسەيگە مۇئەييەن مىقداردا خىراجەت پۇلى يىغىپ بېرەتتى . قۇسەي بۇ پۇل بىلەن مىنا بايرىمىدا كىشىلەرگە خەير - ساخاۋەت قىلاتتى. » ①

قۇسەي ئىبنى كىلاب ھىجابە ياكى سۇدانە ، سەقايە ، رەفادە ، نەدۋە (كېڭەشخانىنى باشقۇرۇش) ، لىۋائ (بايراقچىلىق) قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل بولغان . ئۇ قۇرەيشلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، بەيتۇللانىڭ ئەتراپىغا بىرنەچچە زال ياساتقان . بەيتۇللانىڭ چۆرىسىنى مەيدان قىلغۇزۇپ ، كىشىلەرنىڭ چۆرگىلەپ تاۋاپ قىلىشىغا ئوڭايلىق ياراتقان ، ئىككى زالنىڭ ئوتتۇرىسىنى كارىدور قىلىپ ، كىشىلەرنى ئاشۇ كارىدور ئارقىلىق تاۋاپ مەيدانىغا كىرىدىغان قىلغان .

قۇسەينىڭ ئابدۇددار ، ئابدۇماناف ۋە ئابدۇلئۇززا دەپ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى . ئابدۇددار ئوغۇللارنىڭ ئەڭ چوڭى بولسىمۇ ، ئابدۇمانافنىڭ ئابرويى ، مەرتىۋىسى ھەممىسىدىن يۇقىرى ئىدى . ئابدۇددار ئۆز جەمەتىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى . قۇسەي ئابدۇددارنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى تولۇقلاش نىيىتىدە ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ۋەزىپىلەرنى يۈكلەش ئارقىلىق ئۇنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان . قۇسەي ئابدۇددارغا مۇنداق دېگەن : «خۇدا ھەققى ، سەن جامائەت بىلەن بىللە بولغىن . ئۇلار سېنى شۇ دەرىجىدە مۆھتەرەم بىلىدىغان بولسۇنكى ، سەن بەيتۇللانىڭ ئىشىكىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئېچىپ بەرمىگۈچە

---

① ئىبنى ھىشام : «پەيغەمبەرلەر تەرجىمىھالى» (ئەرەبچە) ، 1 - توم ، 130 - بەت .

ئۇلاردىن ھېچكىم بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قەدەم قويالمايدىغان بولسۇن؛ سەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرگەندە، قۇرەيشلەر ئاندىن سەپكە تىزىلىپ، يۇرۇشكە ئاتلىنىدىغان؛ سەن سەقايىلىك قىلغاندا، كىشىلەر ئاندىن سۇ ئىچەلەيدىغان بولسۇن. ئەڭ مۇھىمى، ھەرقانداق ئادەم پەقەت سېنىڭ شەرىپىڭدىنلا تائام - يېمەكلىككە ئېرىشەلەيدىغان، قۇرەيشلەر پەقەت سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا بولغاندا، ئاندىن ئۆز ئىشلىرىغا قارار چىقىرالايدىغان بولسۇن.»

قۇسەي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇددار بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. كېيىن ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. بىراق، ئابدۇماناف ئىبنى قۇسەينىڭ ئابدۇشەمس، ھاشىم، مۇتەللىب، نەۋفەل قاتارلىق ئوغۇللىرى ئۆزلىرىنى ئابدۇددارنىڭ بالىلىرىغا قارىغاندا قابىلىيەتلىك؛ يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە ئەڭ سالاھىيەتلىك دەپ ھېسابلىشاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار تېزلا ئابدۇددارنىڭ بالىلىرىدىن شۇ ۋەزىپىلەرنى تالىشىشقا باشلىدى. بۇ تالىشىش ئاخىر بېرىپ ئۇرۇش ئاپىتىگە ئايلىنىپ، قۇرەيش جەمەتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تالاش - تارتىش پەسەيگەندە، كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، ئابدۇماناف ئىبنى قۇسەينىڭ بالىلىرى ساقايە ۋە رەفادىلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدىغان؛ ئابدۇددار ئىبنى قۇسەينىڭ بالىلىرى بولسا، سۇدانە، رايە، نەدۋە قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف سەقايە ۋە رەفادە ۋەزىپىلىرىگە مەسئۇل بولغان زاماندا، مەككىدە بىر قېتىم قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، قۇرەيشلەر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا ھاشىم پەلەستىنگە بېرىپ، نۇرغۇن ئۇن سېتىۋېلىپ مەككىگە يۆتكەپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا نان يېپىپ كۆپچىلىككە تارقىتىپ بېرىدۇ، مال

www.uyghurkitap.com

سويۇپ ئۆز جەمەتىدىكىلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلەر «نان تەقسىم قىلىپ بەرگۈچى» مەنىدىكى «هاشىم» دېگەن سۆزنى ئۇنىڭغا لەقەم قىلىپ قويىدۇ. بۇ لەقەم بارا - بارا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى «ئەمرۇ» دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ سىڭىپ قالىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن، هاشىم پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلى بويىچە مەشهۇر زات بولۇپ قالىدۇ.

هاشىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىنىسى مۇتەللىب ئۈستىگە ئېلىپ، سەقايە ۋە رەفادىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى. بىراق، هاشىمنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۇتەللىب چوڭ بولغاندىن كېيىن، تاغىسى مۇتەللىبتىن بۇ ئىككى ۋەزىپىنى تالاشتى ۋە يەسرىبتىكى نەججار جەمەتىگە مەنسۇپ تاغىلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مۇتەللىبتىن دادىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئىبنى هىشام ئابدۇلمۇتەللىب ئېرىشكەن شان - شەرەپلەر ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق دېگەن: «ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى هاشىم تاغىسى-مۇتەللىبنىڭ قولىدىن سەقايە ۋە رەفادىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كىشىلەر ئۈچۈن، ئۆز جەمەتىدىكىلەر ئۈچۈن بەرپا قىلغان ئىشلارنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇڭا، ئۇ ئۆز جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە، بۇرۇن هېچكىم بەهرىمەن بولمىغان شان - شەرەپ، هۆرمەت ۋە ئۇلۇغلاشتىن بەهرىمەن بولدى.» ①

ئابدۇلمۇتەللىب سەقايە ۋە رەفادىلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغاندىن كېيىن، مەككىگە هەجگە كەلگەنلەر ۋە باشقىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ناهايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. خۇسۇسەن، مەككىدە يامغۇر - يېغىن

① ئىبنى هىشام: «پەيغەمبەرلەر تەرجىمھالى» (ئەرەبچە)، 1 - توم، 142 - بەت.

ئازىيىپ، بۇلاق - قۇدۇقلار قۇرۇپ كېتەي، دەپ قالغان چاغلارغا توغرا كېلىپ قالغان ھەج مەۋسۇمىدا، سۇ تەمىناتى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى. كېيىن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ چۈشىدە زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئورنى نامايان بولدى. ئۇ ئوغلى ھارىسنى ئېلىپ بۇلاقنىڭ ئورنىنى ئىزدەپ تېپىپ، كولاپ بۇلاقنىڭ كۆزىنى قايتىدىن ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن مۇقەددەس بۇلاقنىڭ بەرىكەتلىك سۈيى قايتىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن زىرائەتلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر سۇغىرىلدى، شۇنىڭدەك ھەج قىلغۇچىلار ۋە مەككىلىكلەرنىڭ سۇ مەسىلىسى كاپالەتكە ئېرىشتى.

ئابدۇلمۇتەللىب زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى قايتىدىن ئاچقاندا بۇلاقتىن بىرمۇنچە بىباھا بۇيۇملارنى تېپىۋالدى. بۇلار ئەسلىدە مەداد جۇرھۇمى مەككىدىن چېكىنىپ چىقىدىغان چاغدا، دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن كۆمۈپ تاشلىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا، مەدادنىڭ يۈك - تاقلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتەلمەي، زەمزەم بۇلىقىغا تاشلاپ، ئۈستىدىن توپا تاشلاپ كۆمۈۋەتكەنىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلاق ئۈستىگە توپا - تۇمان، قۇم - شېغىللار دۆۋىلىشىپ كېتىپ بۇ بىباھا بۇيۇملار ھېچكىم بىلمەيدىغان ۋە ئېلىپ كېتەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئابدۇلمۇتەللىب بۇ بىباھا بۇيۇملارنى تېپىۋالغان چاغدا، قۇرەيشلەر ئۇنى تەڭ ئۈلۈشمەكچى بولدى. كېيىن ئۇ چەك تاشلاش چارىسى بىلەن ئوتتۇرىدىكى دەتالاشنى ئايرىدى.

بۇ بىباھا بۇيۇملار ئىككى دانە ئالتۇن بۆكەن ۋە بىرقانچە شەمشەر، قالقان ئىدى. چەك تاشلاش نەتىجىسىدە، ئىككى دانە ئالتۇن بۆكەن بەيتۇللاغا، شەمشەر ۋە قالقانلار ئابدۇلمۇتەللىبكە

www.uyghurkitap.com

تېگىشلىك بولدى. ئابدۇلمۇتەللىب شەمشەرلەردىن بىرنى ئىشىك قويدۇرۇپ بەيتۇللاغا ئورناتتى. ئىككى بۆكەن بىلەن ئىشىكنى قاپلاتتى. ئالتۇننىڭ يالتىراپ تۇرۇشى ئوغرىلارنىڭ كۆزىنى قىزارتتى. نەتىجىدە، ئۇلار بەيتۇللانىڭ ئىچىگە خۇپىيانە كىرىپ، ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئىشىكنى ئوغرىلاپ قاچتى.

زەمزەم بۇلىقى تېپىلغاندىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭ سۈيىنى مەككە ئەتراپىدىكى كۆلچەكلەرگە توشۇتتى ۋە ئۇنىڭغا خورما، كىشمىش سېلىپ بېرىپ كىشىلەرنى ھۇزۇرلاندۇردى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاببىاس مەككىنىڭ يېنىدىكى تائىفتا ئۈزۈمزارلىق بىنا قىلدى ۋە ئاتىسىنى كىشمىش بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

## § 4. بەيتۇللاغا قىلىنىدىغان قۇربانلىق

قۇربانلىق دېگىنىمىز ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ھەج مۇراسىمىدىن كېيىن ئاللاتائالاغا رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر قۇربانلىق قىلىنىغان مال كالا ياكى تۆگە بولسا، بۇ قۇربانلىق «بەدەنەن» دەپ ئاتىلىدۇ. «قۇربانلىق» (ھەدي) سۆزى «سوۋغا قىلىش، ھەدىيە قىلىش» مەنىسىدىكى «ئىھداء» سۆزى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئۇ تۇپ مەنە جەھەتتە، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاتائالاغا ۋە بەيتۇللاغا قىلغان ھەدىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە، ئەرەبلەردە بەيتۇللا قورۇسىدىكى بۇتلار ۋە مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىپ، قۇربانلىق قىلىنغان، ماللارنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى. مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىش بىر خىل قەدىمكى ئەنئەنە، شۇنداقلا ئوخشىمىغان ئەھۋال ۋە شارائىتتا،

ئىنسانلار شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئادەت خاراكتېرلىك پائالىيەت. بىراق، بەزى رىۋايەتلەر جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاتائالا يولىدا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلىقىغا تەقلىد قىلىنغان يۈكسەك پائالىيەت، دەپ مەدھىيىلەيدۇ. بەزىلەر، ئەرەبلەر ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاتائالا يولىدا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى ئىشنى بىلەتتى ۋە ئۇنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ھېكايە قىلىشىپ كەلگەن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىش ئادىتىمۇ شۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ھەج پائالىيىتىنىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز زامانىسىدا، كىشىلەرنى ھەجگە چاقىرغانلىقى بىلەن باغلايدۇ. شۇڭا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەينى زاماندا دەسسەپ تۇرغان تاشنى ماقامى ئىبراھىم دەپ، يالداما ئورنىدا ئۇنى بەيتۇللاغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، ئەرەبلەر مەككىگە بېرىپ ئۆمرە (كىچىك ھەج) قىلىشنى مۇقەددەس بۇرچ ھېسابلايتتى. ئەينى زاماندا، ئۇلار مەككىنىڭ شەرقىي شىمالىغا بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى ئەرەفات ئويمانلىقىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بۇتلارغا نەزىر بېرەتتى ياكى ئەرەفاتتا ئىككى سائەتلىك يىراقتىكى مىناغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بۇتلارغا چوقۇنۇپ، نەزىر بېرەتتى. كېيىنچە، بۇتقا چوقۇنۇش، بۇتلارنى تاۋاپ قىلىش بىر مەھەل ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى ۋە راسا ئەۋجىگە چىقتى، ھەرەم ئايلىرىدا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر ھەج ياكى ئۆمرە ھەج قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھىجاز جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى.

قۇربانلىق قىلىش رەفادە ۋەزىپىسىنى بېجىرگۈچى ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش جەريانىدا قىلمىسا بولمايدىغان ئەنئەنىۋى خىزمەت ئىدى. ئۆز زامانىسىدا ھەج قىلغۇچى يوقسۇللار قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گۆشىنى يەيتتى. شۇڭلاشقا، ئەرەبلەر بەيتۇللاغا ئاتالغان قۇربانلىق مالنى ناھايىتى ئۇلۇغلايتتى. ئەرەب ھەج قىلغۇچىلاردا قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ بوينىغا تاسما باغلاپ قويۇش ياكى دەرەخنىڭ شاخچىلىرىدىن چەمبىرەك ياساپ ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق بۇ مالنىڭ بەيتۇللاغا ئاتالغان قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئادىتى بار ئىدى. بۇ ھايۋانلار مۇقەددەس ھەرەم مىلى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇ ھايۋانلار ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن خالىغان يەردە ئوتلايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ بەيتۇللاغا ئاتاپ قىلىنغان قۇربانلىق ماللارنىڭ قېنىنى ئېلىپ بەيتۇللانىڭ تاملىرىغا سۈۋاپ قويىدىغان ئادىتىمۇ بار ئىدى. ئۇلار بۇنى ئاللاتائالاغا ۋە ئۇنىڭ ئۆيى ـ بەيتۇللاغا بولغان ئىخلاس ۋە يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەش دەپ قارايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى قۇربانلىق قىلغان مالنىڭ گۆشىنى يېمەي ھەممىسىنى يوقسۇل ھەج قىلغۇچىلارغا بېرىۋېتەتتى.

### ئون ئىككىنچى باب

# ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدىكى بەيتۇللا

## § 1 . ئەرەبلەردە بۇتپەرەسلىكنىڭ كۈچىيىش قىلىشى

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدا، ئەرەبلەردىكى بۇتپەرەسلىك ئۆز زامانىسىدىكى مەنىسىنى ۋە كۈچىنى يوقىتىپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ ۋە چىرىپ، خۇراپاتلىققا چوقۇنىدىغان، خىيالپەرەس، تەرتىپسىز ئالامانلارنىڭ دىنىغا ئايلىنىپ قالدى. مەككىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى بەيتۇللانىڭ ئىچىدىكى بۇتلارنى ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە كېلىدىغان بەزى ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلەپلا ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇتلار مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ھەج قىلغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ھەج قىلىش ئۈچۈن تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ مەككىگە كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمى ناھايىتى كاتتا سودا - سېتىق بازىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەۋسۇم بولۇپ قالغانىدى. ئەينى زامانىدىكى مەككە غايەت زور كۆلەمدىكى بىر سودا مەركىزى ئىدى. ھەج قىلغۇچىلار بەس - بەس بىلەن مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىشاتتى. قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللار قۇرەيشلەردىن سېتىۋېلىناتتى. ماللار قۇربانلىق قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە مەككىدىكى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە بېرىلەتتى. روشەنكى، بۇتپەرەسلىك ئۇلار ئۈچۈن تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ئىقتىسادىي مەسىلە؛ ماددىي مەنپەئەت مەسىلىسى ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇسۇلمان ھىندى تارىخشۇناسى خۇدا بەخش ئۆزىنىڭ «ئىسلام مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇتپەرەسلىكنىڭ كۈچىيىش قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان (مەن بۇ كىتابنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغانىدىم). خۇدا بەخش ئۇ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى زاماندا ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا چوقۇناتتى، مۇقەددەس ماكانغا بېرىپ ھەج قىلاتتى، ئىبادەتخانىلىرىدا مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر بېرەتتى ھەمدە قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ قېنىنى تاشتىن ياكى ياغاچتىن ياسالغان بۇتلىرىغا سۈۋايتتى. بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلار ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىپ، نەزىر - چىراغ مۇتىۋەللىسىدىن كەلگۈسىدە ئۇلارنى قانداق تەقدىرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سورايتتى. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە تولىمۇ ياسما ۋە سۈنئىي ئىشلار بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ھەقىقىي ئېتىقاد تۇيغۇسى يوق ئىدى. بەزى چاغلاردا ئەرەبلەر ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا كايىپ كۆڭلىدىكى گاڭگىراش ۋە تىت - تىتچىلىقنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار بۇتلارغا قاراپ تۇرۇپ، گويا ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ تېگى - پىيىنى پۈتۈنلەي بىلىپ يەتكەن ئادەملەردەك سۆزلەپ كېتەتتى ۋە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئۇ بۇتلارنى مازاق ۋە مەسخىرە قىلاتتى.»①

ھەقىقىي ئەھۋال خۇددى خۇدا بەخش ئېيتقاندەكلا بولۇپ، بۇ، ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ئالدىدا ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئەقىدە جەھەتتە گاڭگىراش ۋەزىيىتى ئىچىدە ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەينى زاماندا ئۇلار بىر تەرەپتىن رېئال دىنىي تۈزۈملەردىن قانائەتلەنمەيدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ تىلەك -

---

① خۇدا بەخش: «ئىسلام مەدەنىيىتى» (ئەرەبچە)، 29 - بەت.

ئىستەكلىرىنى قاندۇرغۇدەك ئەۋزەل دىننى تاپالماي قىينىلىدۇ. گەرچە ئۇلار تۇرلۇك دىنلار مەۋجۇت ئالەمدە بۇتقا چوقۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ھەقىقىي ئېتىقاد دېگەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ.

ئەينى زاماندا، ئەرەبلەر كۆرۈنۈشتە بۇتلارنى ناھايىتى ئۇلۇغلايتتى. بۇت تەكچىسىنى سىلاپ ھەج قىلاتتى. يىلمۇ يىل مۇراسىملار ئۆتكۈزۈپ، مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر بېرەتتى. قۇربانلىق مالنىڭ قېنىنى تاش ياكى ياغاچ بۇتلىرىغا سۇۋايتتى. بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن قەبىھ ئىشلاردىن پاناھلىق، مۇشكۈلاتلاردىن نىجاتلىق تىلەيتتى. بۇتنىڭ ۋاستىسى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ شۇبھىلىك كەلگۈسى ھەققىدە پال ئاچاتتى ۋەھاكازالار. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بۇتلارغا بولغان ئېتىقادى پەقەت ۋە پەقەتلا يۈزەكى بىر ھادىسە ئىدى، خالاس. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئىش بار ئىدى دېيىلسە، ئۇ پەقەت بۇتلار بەرگەن ئاتالمىش بىشارەتلەر ئەمەلگە ئاشمىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن بۇتلارنى چېقىپ كۇكۇم تالقان قىلىۋېتىشلىرى ئىدى.

### § 2. بەيتۇللانى بۇتلاردىن تازىلاش تەشەببۇسى

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدا، بىر قىسىم ئەرەب ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىككە بولغان ناقايىللىقىنى ئىپادىلەپ، ئۆز دۆلىتىدىكى مەۋجۇت دىندىن تېخىمۇ ئەلا بولغان بىر دىننىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتى. بۇ ھەقتە ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيشلەر بىر بايرام كۈنى بىر بۇتنىڭ ئالدىغا جەم بولۇشتى، بۇ ئىلاھقا چوقۇندى، مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر بەردى، چىن ئىخلاسى ۋە ئېھتىرامىنى بىلدۈردى، ئۇنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بىر كۈنلۈك

www.uyghurkitap.com

بايرىمى ئىدى. شۇ كۈنى، ھەممە ئادەم بايرام قىلىۋاتقاندا، ئارىدىن تۆت ئادەم ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرى ئۇچەيلەنگە: ‹ سىلەر ئۆز ئارا ئىناق بولۇڭلار، مەخپىيەتلىكنى ساقلاڭلار › دېدى. ئۇلار: ‹ خوپ، چوقۇم شۇنداق قىلىمىز › دېدى. ھېلىقى ئادەم يەنە مۇنداق دېدى: ‹ ئاللا بىلەن قەسەمكى، سىلەر ھەرگىز قورقماڭلار، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى خاتا ھالدا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. يا كۆرۈش سەزگۈسى، يا ئاڭلاش تۇيغۇسى بولمىغان، يا پايدىسى، يا زىيىنى بولمىغان تاشلاردىن نېمە چىقىدۇ؟ ئى قوۋملار، سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بىر دىن تېپىڭلار. خۇدا ھەققى، سىلەر ھەرگىز قورقماڭلار. ھەر قايسىڭلار بۆلۈنۈپ تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ، دىنىي تەۋھىدنى، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تېپىڭلار ›.»

بىز بۇلاردىن ۋاز كېچىش مەسىلىسىنى ئەبۇئەنەس قەيس ئىبنى سىرماھ ئۆزىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە؛ جاھىلىيەت دەۋرىدە ھاراق ئىچىشنى مەنئى قىلىنغان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بىلەن ئوسمان ئىبنى مەدھۇنلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسئۇدى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « جاھىلىيەت دەۋرىدە، ئەرەبلەر بىرقانچە دىنىي مەزھەپكە بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا ئاللاتائالاغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغانلارمۇ، ئاللاتائالانىڭ ئىتائەتمەنلەرگە ھاياتلىق، ئاسىيلارغا ماماتلىق بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بۇ كىتابىمىزدا، شۇنىڭدەك باشقا كىتابلىرىمىزدا ئەزىز ۋە ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا دۇئا ۋە ئىبادەت قىلغان،

شۇنداقلا مۇئەييەن بىر مەزگىل ئىچىدە ئاللاتائالانىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى خەلقى ئالەمگە تارقاتقان قەسس ئىبنى سائىدە ئەيادى ۋە رىساب شەنى ھەمدە بۇھەير راھىب قاتارلىق ئابدۇلقەيس مەزھىپىدىكى كىشلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق . »

« ئەرەبلەر ئىچىدە بىرلا ئاللاتائالاغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ؛ يېگىدىن ئىرا باشلىنىدىغانلىقى ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلارمۇ؛ چىن ئىخلاس بىلەن بۇتقا چوقۇنىدىغانلارمۇ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى، ۋەھاكازا. ئەزىز ۋە ئۇلۇغ ئاللاتائالا ئۆزىنى ئەمەس، بۇتنى ئۆزىگە ھىماتچى قىلىدىغانلارنىڭ ‹ بىز بۇتلارغا ئۇلار بىزنى ئاللاتائالا بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپلا چوقۇنىمىز › دېگەن گېپىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بۇتلارنى تاۋاپ قىلاتتى، كالا ۋە تۆگە قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بېرەتتى، دەرۋىش بولۇپ ئىبتىكاپتا ئولتۇراتتى، زاھىد بولۇپ پەرھىز تۇتاتتى، ۋەھاكازالار. »

«ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاتائالاغىلا ئىشىنەتتى، بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلاتتى، ئۇلار دەھرىلەر ( ئاتېئىزمچىلار ) گە مايىل ئىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە، ئاللاتائالا ئېيتقان ئاسىيلار ۋە كاپىرلار ئىدى. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: ‹ ئۇلار: بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقىسى ھەممىسى بىر تىيىن. بىز تۇغۇلىمىز، ئۆلىمىز، زامان ( دەۋر ) دىن باشقا ھېچنېمە بىزنىڭ بار - يوقىمىزغا (ھايات - ماماتىمىزغا ) ئىگە بولالمايدۇ دەيدۇ ›. ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارىشىغا جاۋابەن: ‹ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق خىياللا قىلىدىغانلىقىنى بىلىشمەيدۇ › دېگەنىدى. »

« ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېخى يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئان

دىنىغا مايىللارمۇ، تەكەببۇر ئەخمەقلەرمۇ بار ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ بىر قىسمى پەرىشتىلەرگە چوقۇنۇش بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، ئۇلار پەرىشتىلەرنى ئاللاتائالانىڭ قىزلىرى دېيىشەتتى، بىز پەرىشتىلەرگە چوقۇنساق، پەرىشتىلەر ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولىدۇ، دەپ پەرىشتىلەرگە ئىخلاس قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئەزىز ۋە ئۇلۇغ ئاللا: ‹ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشىش مۇددىئاسىدا، پەرىشتىلەرنى ئاللانىڭ قىزلىرى دەپ ئاتىۋالغان › دېگەن. ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ‹ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (ئاللاتائالادەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)، (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!)، (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا ئاللاغا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر ›.» ①

ئىبنى قۇتەيبە ئۆزىنىڭ «بىلىم» ناملىق ئەسرىدە بۇنىڭغا جاۋاب بەرگەن. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنقى دىنغا ئىشەنگۈچىلەر ھەققىدە قىسسە» دېگەن مەخسۇس بىر بابتا ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى زەيد ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى نەۋفەلمۇ بار. زەيد بۇتقا چوقۇنۇشتىن سەسكىنىپ، باشقا دىن ئىستىكىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شامدا خرىستىئان مۇرتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئۇ پۈتۈن بىر مىللەتنى ئويغاتتى» دېگەن. ئىبنى قۇتەيبە ئىسمىنى ئاتىغانلار ئىچىدە يەنە ئۇمەييە ئىبنى سۇلت بولۇپ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا نەزمە كىتابلارنى ئوقۇيتتى، بۇتقا چوقۇنۇشتىن نەپرەتلىنەتتى.

---

① قۇرئان كەرىم، (ئۇيغۇرچە)، 527 - بەت، سۈرە نەجم، 19 -، 20 -، 21 -، 22 - ئايەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

پات ئارىدا ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى دۇنياغا كېلىدۇ، دېگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسئەد ئەبۇكۇرەب ھىميەرى بار ئىدى. ئىبنى قۇتەيبەنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن يەتتە يۈز يىل بۇرۇنلا ئۇنىڭغا (مۇھەممەد پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقان ۋە مۇنداق دېگەن:

مەن شاھادەت ئېيتىمەن ئول ئەھمەد① كە،
ئۇ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى - ئەلچىسى.
ھايات بولۇپ قالسام ئەگەر شۇل چاغدا،
بولغۇم ئۇنىڭ ۋەزىرى يا ئىنىسى.
ئالەم خەلقى ئاگا بويۇن سۇنىدۇ،
ئەرەب ياكى ئەمەس دېمەي ھەممىسى.

ئىبنى قۇتەيبە ئىسمىنى ئاتىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەرەب دانىشمەنى قەسس ئىبنى ساردە ئەيادىمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ زاتنى ئەسلەپ، ئۇنى ئوكاز بازىرىدا بىر قىزىل تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان چېغىدا كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان. ئىسمى ئاتالغانلاردىن يەنە ئەبۇ قەيس سۇرمە ئىبنى ئەبى ئەنەس نەجار جەمەتىلىك كىشى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدە، ئۇ بۇتقا چوقۇنۇشنى تەرك قىلىپ، بەقەسەم تون كىيىپ، خاس بىر ئۆينى مەسچىت قىلىپ ئۇنىڭدا ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىبراھىمنىڭ خوجىسىغا ئىشىنىمەن. ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى مەدىنە شەھىرىگە كەلگەن ھامان مەن خۇشاللىق ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىمەن.»

① ئەھمەد — ماختاشقا لايىق دېگەن سۆز. بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا ئەھمەد دېيىلگەن. (ق. م. نىڭ تەرجىمھالى، 35 - بەت).

ئىبنى قۇتەيبە يەنە خالىد ئىبنى سەنان ئىبنى غەيسنىمۇ تىلغا ئالغان. بۇ كىشى ئەبس ئىبنى بۇغەيز جەمەتىگە مەنسۇپ ئادەم ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇ ئۆز جەمەتىدىكىلەر يوقىتىپ قويغان بىر ئەۋلىيادۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ بەرگەنىكەن. ئىبنى قۇتەيبە بۇ زات ھەققىدە بايان بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇنىڭ (قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد 〉(〈ئى مۇھەممەد〉 ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللا بىردۇر) دەپ ئايەت ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، (مېنىڭ داداممۇ شۇنداق دەيدۇ〉 دېگەن.»

نېمىس تارىخشۇناسى جوزىف ھەل مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، خۇسۇسەن مەككىدە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىدىن بىزار بولغان. ئۇلار ياكى خرىستىئان دىنى بىلەن يەھۇدىي دىنىدىن ھىدايەت ئىزلىمەكچى ياكى بولمىسا يېپيېڭى ھەمدە ئىلغار بولغان بىر خىل ئىبادەت ئۇسلۇبىنى تاپماقچى بولغان.» تارىخشۇناس ۋىتلىق نىلسىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ دىيانىتى» ناملىق ماقالىسىدە، ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدىكى بۇتلارنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇت ئىسلام دىنىدىن بۇرۇن تەدرىجىي ھالدا چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن دەۋرنىڭ ئىلاھى ئىدى.»

### § 3. بەيتۇللا دىنى ھەنىفىي ئىدىيىسىنىڭ تەشۋىقات مەركىزى

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدا، ئىبراھىم دىنىنى يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان دىنىي تەۋھىد (بىر ئىلاھلىق دىن) ئەقىدىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بەيتۇللانى بۇتلاردىن تازىلاش، ئەرەبلەرنىڭ رېئال ئەھۋالىنى ياخشىلاش

مەقسەت قىلىنغان بىر خىل ئىسلاھات ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىپ، بىر خىل يېپيېڭى ئەقىدىگە ئىگە بولغان دىنىي ئىلمىي ئېقىم ـ دىنى ھەنىفىي ئىدىيە ئېقىمى بارلىققا كەلگەنىدى. ئەينى زاماندا، ئەرەبلەردىن چىققان دانىشمەنلەر ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇتپەرەسلىكنىڭ ئىللەتلىرىنى ھېس قىلىپ، بۇتپەرەسلىكتىنمۇ يۈكسەك بولغان بىر خىل ئالىي ئېتىقادقا كۆچۈش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىنى تەۋھىدنى تەرغىپ قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بۇتلارنى چېقىپ تاشلاشنى، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۇسال ئادەتلىرىدىن ئادا - جۇدا بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار قىيامەتكە ئەقىدە باغلاپ، قىيامەت كۈنى بىرۇبار ئىلاھ ( ئاللا ) كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى خۇلاسىلەپ، ياخشىلارغا ساۋاب ( مۇكاپات )، يامانلارغا ئىقاب ( جازا ) قىلىدۇ دەپ قارىدى. بۇ تەشەببۇس ھەنىفىي ئىدىيىسى دەپ، بۇ خىل تەشەببۇستا چىڭ تۇرغۇچىلار ھەنىفىيچىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى ئال ئىمران سۈرىسىدە مۇنداق بايان بار: « ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاغا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. » ① ئاللاتائالا مۇشۇ بابتا يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئېيتقىنكى، ئاللا راست ئېيتتى، ( ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ) ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار، ئۇ ( ئىبراھىم ) مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى. »

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئەجدادى بولغان كەئىب ئىبنى لۇئەي ئىبنى غالىب ھەنىفىيچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۆز

① قۇرئان كەرىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 ـ ۋە 63 ـ بەتلەر، سۈرە ئال ئىمران 67 ـ ۋە 95 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

زامانىسىدا، قۇرەيشلەرنى بىر يەرگە يىغىپ مەجلىس قىلىپ، ئۇلاردىن ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ پەيدا بولۇشى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى، ئاسمانغا ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلارنىڭ چىقىشى قاتارلىق ئاجايىپ مۆجىزاتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى سىر - ئەسرارلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا ئۇلارغا ئۆلۈمنىڭ دەھشىتى ۋە قىيامەتنىڭ بارلىقى ئەھۋالاتى ھەققىدە سۆزلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بىشارەت بەرگەن.

ھەنىفىيچىلەر جاھىلىيەت دەۋرىدىن تارتىپلا تارقىلىپ كەلگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىنىدا قەتئىي چىڭ تۇرغان بولۇپ، ئەزەلدىن ئاللاغا شەك كەلتۈرمەيدۇ، يەھۇدىي دىنىغىمۇ، خرىستىئان دىنىغىمۇ ئەقىدە باغلىمايدۇ. ئۇلار بۇتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىدۇ. بارلىق ئەرەبلەر ئەمرۇ ئىبنى لۇھىي زامانىسىدا، يەنى بۇتپەرەسلىك مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تارقاتقان دىنى تەۋھىدگە ئېتىقاد قىلغانىدى.

بەزى شەرقشۇناس ئالىملار ھەنىفىيچىلەرنى خرىستىئانلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مەزھەپ ئىدى، دەپ قارايدۇ، ئۇلار ھەتتا قەدىمكى كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بۇتپەرەسلىكتىن قول ئۈزگەندىن كېيىن خرىستىئان دىنىغا كىرگەنلىكىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، قۇرئان كەرىم ھەنىفىيچىلەرنىڭ يەھۇدىي دىنى مۇرىتلىرىمۇ ئەمەس، خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرىمۇ ئەمەسلىكى ھەققىدە ئېنىق بايان بېرىدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي (يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇخلىسى) مۇ ئەمەس، خرىستىئانىي (يەنى ناسارا) مۇ ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەرلىك ھەققىدە ۋەھيى

كېلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دىنى تەۋھىدكە ئېتىقاد قىلىدىغان، بىرلا ئىلاھ ــ ئۇلۇغ ئاللاغىلا ئىمان كەلتۈرگەن بىر ھەنىفىيچى ئىدى.

ھەنىفىيچىلەر بىر دىنىي مەزھەپ بولۇپ ئۇيۇشقان ئەمەس، مۇئەييەن بىر ۋاستە ئارقىلىق ئۆز ئارا باغلىنىپ تۇرىدىغان بىر گۇرۇھمۇ ئەمەس. ئۇلار ھەتتا جەم بولۇپ، بىرلىكتە ئىبادەت قىلغانمۇ ئەمەس ئىدى. بىراق، ئىشىنىمىزكى، ھەنىفىيچىلەر يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار سان جەھەتتە ھەرگىزمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولمىغاندا بولسا، قۇرئان كەرىمدە ئۇلار ئۇنداق بىر خىل ئالاھىدە قاتلام سۈپىتىدە تەرىپلەنمىگەن ۋە ئۇنچىۋالا ھۆرمەتكە مۇشەررەپ بولمىغان، شۇنداقلا مۇستەقىل نام، ئورتاق پائالىيەت ۋە مۇستەقىل دىنى بولغان ئەھلى كىتابلار ①ۋە مۆمىنلەر بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنمىغان بولاتتى. كلاسسىك ئەسەرلەردە ۋە تارىخىي مەنبەلەردە ئاز بولمىغان ھەنىفىيچىلەرنىڭ ئىسىملىرى خاتىرىلەنگەن.

داڭلىشمەن ھەنىفىيچىلەرنىڭ ئاز بولمىغان مەنبەلەردە بىرمۇنچە تارىخىي دەۋرلەر بويىچە قايتا ـ قايتا قەيت قىلىنىشى ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش ھارپىسىدا، ئەرەب مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كاللىسىدا كىشىلەرنى ئويغاتقۇچى بىر خىل ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇ خىل ئىدىيە بۇتلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالاق ئادەتلىرىدىن قول ئۈزۈشنى، ئېتىقادنى يۈكسەكلەشتۈرۈشنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. مانا بۇ ئەرەبلەر تارىخىدىكى دىن بىلەن ئىدىيە تەرەققىياتىغا مەنسۇپ

---

① ئەھلى كىتاب ــ يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار، قۇرئان كەرىم (ئۇيغۇرچە)، 59 ـ بەت.

مۇھىم بىر ھالقىدۇر.

ھەنىفىيچىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى تولىمۇ يۇكسەك ئىدى. بىراق، ئۇلاردا كونا قالاق ئادەتلەر، دىنىي رەسىم - قائىدىلەر، شۇنداقلا ئەرەبلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇقەددەس مۇراسىملار بىلەن تەڭ تۇرالىغۇدەك نە ماددىي كۈچ، نە سىياسىي ھوقۇق يوق بولۇپ، ئۇلارغا بۇ خىل كونا، چىرىك ھادىسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئەرەبلەر جەمئىيىتىنى تۈپ - نېگىزى بىلەن پاچاقلاپ تاشلىماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇ، كېيىنچە بارلىققا كېلىدىغان ئىسلام دىنى غەلىبىلىك ھالدا ئورۇنلايدىغان ئىش ئىدى. دېمەك، ئىسلام دىنى بىر خىل پاك، مۇستەھكەم ئۇيۇشقان ئىسلام جەمئىيىتىنى ئىجاد قىلدى.

ھەنىفىيچىلەر بۇتپەرەسلىك ۋە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۇسال ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈرەشلەرنى قىلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ھامان تارىخنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالمىغاچقا، ئەجدادتىن - ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەرنى يوقىتالمىدى. روشەنكى، ھەنىفىيچىلەر ھەرىكىتى ماكانىنىڭ ۋە زامانىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىر خىل دەۋر تۈۋرۈكىگە موھتاج ئىدى.

دۇنيا مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى ئېنىق بولمىغان بۇتپەرەسلىكنىڭ گىردابىغا چۈشۈپ قالغان، كىشىلەر ھىدايەت يولىدىن چەتنەپ كەتكەن شۇ زاماندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە تېخى ۋەھيى چۈشمىگەن بولسىمۇ، چوڭ بىر ئۆزگىرىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ بەيتۇللانىڭ بۈيۈك ئەجدادى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى قىياپەتكە كەلتۈرۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ھەقتىكى ئوي - پىكىر

ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى ۋە سۆز - ھەرىكىتىگە تەسىر قىلاتتى. ئۇ پات - پات جامائەتتىن ئايرىلىپ، يىگانە ھالدا مەككە شەھىرىدىن ئۈچ فەرسەخ نېرىدىكى ھىراڭ تېغىغا چىقىپ كېتەتتى - دە، ئۇ يەردە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىرنەچچە كۈنلەر تۇراتتى. ئۇ بىر رامىزان ئېيىنى پۈتۈنلەي ھىراڭ غارىدا ئۆتكۈزگەن. شۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ كاللىسىدا روھىتىن ئىبارەت بىرلا پىكىر پەرۋاز قىلاتتى.

بەزى ھەنىفىيچىلەرنىڭ يىلدا بىر نۆۋەت كىشىلەردىن ئايرىلىپ، خىلۋەت بىر جايدا زاھىتلاردەك تەركىدۇنيا ياشايدىغان بىر ئادىتى بار ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە ئۇلار دۇئا - تىلاۋەت ۋە ئىبادەت بىلەن ئاللاتائالاغا يېقىنلىشىشنى ئىزدەيتتى، ئاللادىن خەيرلىك ۋە ھىكمەت تىلەيتتى. ئۆز ۋاقتىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل زاھىتلىق پائالىيىتىنى ھەنىفىيچىلىك دەپ ئاتىشاتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن بىر ھەنىفىيچى ئىدى. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەندە، ئاللاتائالادىن ۋەھيى چۈشۈپ پەيغەمبەر بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىراڭ تېغىدىكى غاردا تەنھا ئولتۇرۇپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئىگىمىز ئاللانىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ سادىق ۋە ئىشەنچلىك ئەلچىسى ( پەيغەمبىرى ) قىلىپ تاللىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەگەر ھەنىفىيچىلەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى تىرىشچانلىقلىرى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمىگەنىدى، دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقنىڭ ئەينى زاماندا تەپەككۇرنىڭ يېڭى دۇنياسىغا ئىشىك ئېچىپ بەرگەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار ئاللاتائالاغىلا ئېتىقاد قىلىنىدىغان دىنى تەۋھىدنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، شۇنىڭدەك مەسئۇلىيەتچانلىق

تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشىغا روشەن تەسىر كۆرسەتكەن. دىنى
تەۋھىدنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ۋىجداننىڭ ئويغىنىشىغا ئەگىشىپ،
6 ـ ئەسىر شېئىرىيىتىدە، ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىمۇ ئەكس
ئەتكەندى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بەيتۇللا

### § 1 . بەيتۇللا تېمىنىڭ چاك كېتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەن يىلى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەبلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان بۈيۈك بىر ئىش - بەيتۇللانى قايتا ياساش ئىشىغا قاتناشتى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، قۇرەيشلەر بەيتۇللانىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئەينى زاماندا، بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسى يوق، چۆرە تېمىمۇ ئېگىز ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇرەيشلەر مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە نەزىر قىلىنغان نەرسىلەرنى قويىدىغان خەزىنە ئوغرىلارنىڭ سوغۇق قول سالىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

شۇ زاماندا، بەيتۇللانىڭ ئېگىزلىكى توققۇز زىراغ، يەنى تەخمىنەن يەتتە مېتر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆگزىسى يوق، بوسۇغىسى يەر بىلەن تەڭ بولۇپ، خالىغان ئادەم كىرەۋېرەتتى. نەزىر قىلىنغۇچىلار ئۈزۈك، هالقا، بىلەزۈك، مارجان قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، تىللا قاتارلىق نەرسىلەرنى بەيتۇللا خەزىنىسىگە قويۇپ قويۇۋېرەتتى. بەيتۇللانىڭ خەزىنىسى دېگىنىمىز نەزىر ساندۇقىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان، بەيتۇللا ئىشىكىدىن كىرىپ ئوڭ تەرەپتىكى بىر قۇدۇق ئىدى.

ئۇزاق زامانلار جەريانىدا، مەككىدە بىرقانچە قېتىم سۇ

www.uyghurkitap.com

ئاپىتى بولدى . بىر نۆۋەت ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تاغلاردىن چۈشكەن كەلكۈن سۇ بەيتۇللانىڭ تاملىرىغا ئۇرۇلۇپ ، ئۇنى چاك كەتكۈزۈۋېتىدۇ ۋە بەزى يەرلىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ . قۇرەيشلەر بەيتۇللارنىڭ كەلكۈن سۈيى بۇزۇۋەتكەن يەرلىرىنى رېمونت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ . بەيتۇللانى قايتىدىن ياساش ياكى ئۇنى رېمونت قىلىش ئەينى شارائىتتا ناھايىتىمۇ قىيىن بىر ئىش ئىدى . دەل شۇ چاغدا ، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ رۇم سودىگىرىنىڭ بىر كېمىسىنى جىددە ( شەھىرىنىڭ ) قىرغىقىغا كەلتۈرۈپ قويۇشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قۇرەيشلەرنىڭ بەيتۇللانى رېمونت قىلىشىغا شەرت - شارائىت هازىرلاپ بېرىدۇ . ئەسلى بۇ كېمىنى رۇم پادىشاھى مىسىردىن ھەبەشىستانغا چېركاۋ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى . كېمە دېڭىزدىكى شامال ، دولقۇن تەسىرىدىن جىددەگە كېلىپ قالغاندىن كېيىن ، قۇرەيشلەر دەرھال ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە باشچىلىقىدىكى بىر ئۆمەكنى ئەۋەتىپ ، ئۇنى سېتىۋالىدۇ .

مەككىدە بىر ناسارا ياغاچچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى ياقۇم ( بەزى رىۋايەتلەردە باقوم دەپمۇ قەيت قىلىنىدۇ ) ئىدى . قۇرەيشلەر ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئىبنى ھىشام مۇنداق بايان قىلىدۇ : « كىشىلەر ھەر يىلى نەزىرلىك تاشلاپ قويىدىغان بەيتۇللانىڭ ئىچىدىكى قۇدۇقتىن غايەت زور بىر يىلان چىقاتتى . ئۇ بەيتۇللانىڭ تېمى ئۈستىگە چىقىپ ئاپتاپ سۇناتتى . بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ ، ئادەم يېقىن كەلسىلا ، ئۇ قان پۈركۈيتتى . شۇڭا ، كىشىلەر ئۇ يىلاندىن ناھايىتى قورقاتتى . بىر كۈنى ئۇ يىلان يەنە بەيتۇللانىڭ تېمى ئۈستىگە چىقىپ ئاپتاپ سۇنۇۋاتقاندا ، ئاللاتائالا غايەت زور بىر قۇشنى ئەۋەتتى . ئۇ قۇش شىددەت بىلەن چۈشۈپ زور يىلاننى چىشلەپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كەتتى . بۇنى كۆرگەن قۇرەيشلەر : «

ئاللاتائالا بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىزدىن رازى بولغاي. بىزدە ئۇستا ھۈنەرۋەنمۇ، ياغاچ تاشلارمۇ بار. ئاللاتائالا بىزنى زور يىلاننىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلاپ قالدى. دېيىشتى.»

قۇرەيشلەر بەيتۇللانى چېقىپ قايتا ياساش ئىشىنى باشلىۋەتتى. بەيتۇللانى چېقىشنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغان ئادەم ئائىز ئىبنى مەرۋان ئىبنى مەخزۇم بولۇپ، ئۇ بەيتۇللانىڭ بىر تېشىنى قومۇرۇپ ئېلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ھېلىقى تاش قولىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ- دە، ئۇچۇپ بېرىپ ئەسلىدىكى جايىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئىبنى ھىشام بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىدۇ: « ئائىز مۇنداق دېگەن: ‹ قۇرەيشلەر، ئاقكۆڭۈل، ساپ نىيەت ئادەملەرلا بەيتۇللاغا كىرەلەيدۇ. شەھۋانىي ئاياللارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلماسلىق، جازانىخورلۇق قىلماسلىق، باشقىلارنى ئەزمەسلىك لازىم ›.»

قۇرەيشلەر تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ھەر گۇرۇپپا بىردىن تامنى چېقىپ قايتىدىن ياسىماقچى بولدى. بىراق، ئۇلار بالا- قازا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۇزۇنغىچە كۆڭۈل توختىتالماي، تامنى چېقىشقا پېتىنالمايدۇ. بۇ چاغدا، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە: « تامنى مەن باشلاپ چېقىپ بېرەي، قاراڭلار!» دەيدۇ- دە، تامنى چېقىشقا باشلىدى. ئۇ تامنى چېقىپ تۇرۇپ: « ئى ئاللاتائالا، مېنىڭ باشقا غەرىزىم يوق، پەقەت خەيرلىك ئىش قىلماقچىمەن، خالاس.» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇ بىر تەرەپ تامنىڭ بىر قىسمىنى چاقتى. كىشىلەر بىر كېچە ساقلاپ: « قاراپ باقايلى، ناۋادا ئۇ ( يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە) بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، چېقىلىپ بولغان تامنى قايتىدىن ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويايلى- دە، ھەرگىزمۇ چاقمايلى. ئەگەر ئۇ ھېچنېمە بولمىسا، بۇ ئاللاتائالانىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزدىن رازى بولغانلىقىنىڭ

ئىپادىسى بولىدۇ - دە، خاتىرجەم ھالدا چىقىۋېرەيلى» دېيىشتى.

ئەتىسى قۇرەيشلەر تاڭ ھەربىكەتكە كىلىپ بەيتۇللانى ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان ئۇل تېشى كۆرۈنگىچە چاقتى. ئۆز ۋاقتىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاغا يېشىل تاشتىن ئۇل باسقانىدى. قۇرەيشلەر تامنى چىقىپ كىلىپ، شۇ يېشىل تاشقا مىتىن ئۇرغاندا، مىتىن ئۆتمەي قاڭقىپ كەتتى. شۇڭا ئۇلار ئەسلىدىكى ئۇلنى ئىشلىتىۋەرسەك بولىدىكەن، دېگەن يەرگە كەلدى.

ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيشلەر بەيتۇللانىڭ تېمىنى چېقىۋاتقاندا، ئىككى تام تۇتاشقان بولۇڭدىن قەدىمكى سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە قولىيازما تېپىۋالدى. ئۇلار قولىيازمىنى ئوقۇيالماي، بۇنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بىر ئادەم تېپىپ ئوقۇتتى، قولىيازمىدا مۇنۇلار يېزىلغانىكەن: «مەندۇرمەنكى ئاللاھ بەككە (مەككە) نىڭ ساھىبىدۇرمەن. مەن ئۇنى ئاسمانلار ۋە زېمىن بىلەن بىر ۋاقىتتا ياراتقانمەن. يەنە شۇ ئەينى ۋاقىتتا، قۇياش ۋە ئاينى ياراتتىم. مەن ئۇنىڭ (مەككىنىڭ) يۈزىنى يەتتە قېتىم قىرىپ، ئۇنىڭ قويىندىكى ئەخشبان ① نى يوقىتىۋەتكەن بولسامۇ، (مەككىنىڭ) ئۆزىنى ساقلاپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ ئەھلىگە سۇ بىلەن سۈتنى بەرىكەت قىلدىم».»

## § 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بەيتۇللانىڭ قايتىدىن ياسىلىشى

بەيتۇللانى قايتىدىن ياساش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى. ئۇلار بەيتۇللانىڭ بوسۇغىسىنى ئېگىزلىتىپ، ئىشىكنى ئېگىزرەك ئورۇنتىشنى توغرا تاپتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زامانىدىن

① ئەخشبان (1 خشبان) - قەدىمكى مەككىدىكى تاغ - ئاپتورنىڭ ئىزاھى.

تارتىپ، بەيتۇللا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسى يەر بىلەن تەڭ ئىدى. ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى مۇغىرە مۇنداق دەيدۇ: «ئى قەۋم! بەيتۇللا ئىشىكىنىڭ ئورنىنى ئېگىزلىتەيلى، كىشىلەر شوتىسىز ئۇنىڭغا باش تىقالمايدىغان بولسۇن. سىلەر بەيتۇللاغا كىرىش لاياقىتى بار، دەپ قارىغان ئادەملەرلا ئۇنىڭدىن كىرسۇن. ناۋادا سىلەر يىرگىنىدىغان ئادەم شوتىغا ياماشقۇدەك بولسا، ئۇنى پەسكە ئىتتىرىۋېتىڭلار، ئۇنداق ئادەم جازاسىنى شۇنداق تارتسۇن.»

قۇرەيشلەر مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىن يېشىل گرانىت تاش توشۇپ كېلىپ، تام قوپۇردى. تام ئېگىزلەپ ئادەم بويى بولغاندا، يەنى ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئورنىتىشقا تېگىشلىك ئېگىزلىككە يەتكەندە، شەرقىي تامغا ئۇنى ئورناتماقچى بولدى. ھەجەررۇلئەسۋەدنى تامغا كىم قويۇپ ئورنىتىش مەسىلىسىدە قۇرەيشلەر ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپى چىقتى. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، ئۇرۇشقا ئايلانغىلى تاسلا قالدى. ئابدۇددار جەمەتى بىلەن ئەدى ئىبنى كەئب جەمەتى بىر قاچىدا لىپمۇ لىق قان تەييارلايدۇ. قوللىرىنى تەڭلا قانغا چىلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جان پىدالىقىنى ئىزھار قىلىشتى ۋە بۇنى «بىر قوشۇق قان» دەپ ئاتاشتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە تۆت-بەش كۈن تالاش-تارتىش قىلىشتى. ئاخىرىدا، مەسىلىنى كېڭەش ئارقىلىق ھەل قىلدى.

كېڭەشتە قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ ياشانغان مۇيسىپىتى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى قۇرەيشلەر! ئاراڭلاردىكى بۇ ئىختىلاپنى ھەرەم مەسچىتىگە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان ئادەم ئايرىپ قويسۇن. قانداق دەيسىلەر؟!» دېدى. كۆپچىلىك بۇ پىكىرگە بىردەك قوشۇلدى.

مەسچىتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ قۇرەيشلەر بىلەن بىرگە بەيتۇللا

قۇرۇلۇشىغا تاش توشۇۋاتاتتى. تارىخشۇناس مەسئۇدى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «كۆپچىلىك بىلەتتىكى، ئۇ سەممىي سادىق، ئىشەنچلىك، مەسلىگە جىددىي ۋە ئەستايىدىل قارايدىغان، قەيسەر ئىرادىلىك، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك، ئالىيجاناب، پاك ئادەم ئىدى. شۇڭلاشقا كۆپچىلىك ئۇنى دەتالاشنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمگە بويسۇنىدىغانلىقى بىلدۈردۇ.»

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: «قىنى، ماڭا بىر پارچە رەخت ئەكىلىپ بېرىڭلار» دېدى. ئۇلار رەخت ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ھەجەرۇلئەسۋەدنى كۆتۈرۈپ رەختنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن: «ھەر بىر قەبىلە رەختنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇڭلار - دە، ھەممىڭلار تەڭلا كۆتۈرۈڭلار. ئاندىن ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جايغا ئېلىپ بارايلى» دېدى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنى بويىچە، ھەجەرۇلئەسۋەدنى كۆتۈرۈپ، ئورنىتىدىغان جايغا ئېلىپ باردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنى ئۆزى رەختنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ، مۇناسىپ جايغا ئورنىتىپ قويدى.

قۇرەيشلەر ئاخىر بەيتۇللانى قايتىدىن ياساپ پۈتتۈردى. بۇ قېتىم بەيتۇللانىڭ ئېگىزلىكى ئون سەككىز زىراڭ بولدى. بوسۇغىنىڭ ئېگىزلىكمۇ ئىجازەت قىلىپ شوتا قويۇپ بەرمىگىچە ھەرقانداق ئادەم ئىختىيارىچە ئۇنىڭغا قەدەم قويالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى. بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ئىككى رەت قىلىپ ئالتە تۈۋرۈك ئورنىتىلدى. كۈنگەي تامغا يۆلەپ بەيتۇللانىڭ ئۈگزىسىگە ئېلىپ چىقىدىغان پەلەمپەي چىقىرىلدى. بەيتۇللانىڭ ئىچىگە بۇت ھۇبەل ۋە ئىلگىرى ئوغرىلاپ كېتىلگەن بىباھا نەرسىلەر قويۇلدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دەتالاشنى مانا مۇشۇنداق

تۇگىتىپ ، قۇرەيشلەرنى ئۆزئارا ئۇرۇش - جېدەل قىلىشتىن ساقلاپ قالدى . بۇ ھەقتە بىر قۇرەيش مۇنداق دېگەن : «ئاقسۆڭەكلەر ، ئاقساقاللار ، كاتتىلار ۋە بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەكلا ياشتا ئەڭ كىچىك ، پۈلى ئەڭ ئاز بولغان ئادەمنى داھىي ، ھاكىم (ھۆكۈم قىلغۇچى) قىلدى . بۇ نېمە دېگەن كىشىنى قايىل قىلارلىق بۈيۈك ئىش - ھە!؟ لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەمكى ، مۇھەممەد ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشتى . ئەمدى ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەختىيارلىق ۋە شادلىقتىن ھەقلىق يوسۇندا بەھرىمەن بولغاي . بۈگۈندىن ئېتىبارەن ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ بۈيۈك بولغاي !» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەپ نەزمە تۈزگەن :

ئىنكار قىلغىلى بولماس ئادالەتلىك ھۆكۈمدە ،
باشتىن تارتىپ تا ئاخىرغىچە .
بولغاندى ئۇ بىزگە قوماندان ،
ئاۋۋالدىن تا ئاخىرىغىچە .
بىز ئۇنى چۈشىنىمىز ئوبدان ،
ئەگەر -
ئۇ ھەقىقەت ئىكەن ،
شەكسىزكى —
بىزنىڭ ئېرىشكىنىمىز ھەممىدىن كۆپ بولغان!

قۇرەيشلەر رەسىم - سۈرەتلەرنى ، بۇتلارنى ئەسلىدىكى جايىغا قويىدۇ . بۇ ھەقتە مەسئۇدى مۇنداق دەيدۇ : «ئەسلى بەيتۇللانىڭ تاملىرىدا تۆرلۈك بوياقلار بىلەن سىزىلغان غەلىتە رەسىملەر بار ئىدى . شۇلارنىڭ ئىچىدە بىر رەسىم بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىبراھىم خەلىلۇللا قولىدا ئەزلام (پال سېلىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ تال پەرسىز ئوقيا ئوقى) توتقان هالدا تۇرغان، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئىسمائىل ئارغىماققا مىنگەن هالدا كىشىلەر تويىنى يېرىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئەلفاروق ① بولسا، كىشىلەرگە نەرسە - كېرەك تارقىتىپ بېرىۋاتقان مەنزىرە تەسۋىرلەنگەنىدى. ئۇنىدىن باشقا، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرىنىڭ رەسىمى، قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ رەسىمى قاتارلىق ئاتمىش پارچىدەك رەسىم بار ئىدى. ھەر بىر رەسىمدە بىردىن بۇت ۋە ئۇنىڭ ساھابىسى سىزىلغاندىن باشقا، بۇ بۇتقا قانداق چوقۇنۇش كېرەكلىكى ۋە بۇ بۇتنى مەشھۇر قىلغان ئىش - پائالىيەت قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەنىدى.»

قۇرەيشلەرنىڭ ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئورنىتىش مەسىلىسىدىكى جېدەللى ھۆكۈم بىلەن ھەل قىلىنغان ۋە بەيتۇللا قايتا ياسالغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زادى قانچە ياشتا ئىكەنلىكىمۇ پىكىر ئىختىلاپ بار بىر مەسىلە. بەزىلەر ئۇ چاغدا ئۇ يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى دەيدۇ. ئىبنى ئىسھاق بولسا، ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەنىدى دەيدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ۋاقتىدا، قۇرەيشلەر ئۇ چىقارغان ھۆكۈمنى شۇ ھامان ھىمايە قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەفا ئىشىكىدىن كىرىپ قىلغان بىرىنچى ئىشى ھەجەرۇلئەسۋەدنى رەخت ئۈستىگە قويۇش، كېيىن يەنە ئۇنى رەخت ئۈستىدىن ئېلىپ بەيتۇللانىڭ تېمىغا ئورنىتىش بولدى. ھالبۇكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ مەككىلىكلەرنىڭ قەلبىدە قانچىلىك يۇكسەك ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئالىيجاناب كۆڭۈل، پاك مۇددىئا، خالىس نەزەرلىكى بىلەن ئاجايىپ بۈيۈك شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىنى

① ئەلفاروق (الفاروق) - ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ لەقىمى ۋە ھۆرمەت نامى. (ئەرەبچە - خەنزۇچە لۇغەت 964 - بەت.)

دەلىللەيدۇ.

## 3 §. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن چاغدىكى بەيتۇللا

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدىدا، بەزى كىشىلەرمۇ خۇددى مۇھەممەدكە ئوخشاشلا بۇتلاردىن ۋاز كەچكەنىدى. ئۇلار بەيتۇللانى ئاللاتائالانىڭ ئۆيى دەپ قارايتتى. شۇڭا بۇتپەرەسلىك، شۇنداقلا ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكلىقنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان قارىشى ناھايىتىمۇ يۇكسەك دەرىجىگە يەتكەنىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلاردا ئەرەبلەر تۇرمۇشىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى كونا قاراشلار ۋە قالاق ئادەتلەرگە قارشىلىق كۆرسىتەلىگۈدەك ماددىي كۈچ يوق ئىدى. پەقەت ئەرەب جەمئىيىتىنى تۈپ نېگىزدىن بۇزۇپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن كونا يوسۇن ۋە قالاق ئادەتلەرنى تۈگەتكىلى بولاتتى.

بەزەن ئەرەبلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، بۇتپەرەسلىكنىڭ كىر - داغلىرىدىن بەيتۇللانى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشتى. بىراق، بۇ دىنىنىڭ تۈنجى ھۇل تېشىنى ئېلىپ تاشلاش مەسىلىسىگە كەلگەندە كۆڭۈل توختىتالمىدى، قەتئىي نىيەتكە كېلەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندا كۆرسىتەلەيدىغان ئەمەلىي تىرىشچانلىقى ناھايىتى چەكلىك بولغاچقا، ئۇلار ئۆتمۈشتىن ئادا - جۇدا بولالمايتتى، كونا دەۋرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ جەمئىيىتىگە تاڭغان ۋە ئۇلارنىڭ شەنىنى بۇلغايدىغان كونا يوسۇن، قالاق ئادەتلىرىنىمۇ بىكار قىلالمايتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ۋە دىنىي قىزغىنلىقى تولۇپ تاشقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھى ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا

www.uyghurkitap.com

بۇتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويالمايتتى، بەيتۇللانىڭ ئەتراپى، شۇنداقلا بەيتۇللانىڭ ئىچىنىڭ بۇتلارغا تولۇپ كېتىشىگە تېخىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەبلەر تۇرمۇشىدىكى ئەيشى ئىشرەت، چىرىكلىك ۋە چۇشكۈنلىشىشنىمۇ مۇتلەق مەقبۇل كۆرمەيتتى. شۇڭا ئۇ ھازىرقى تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلاش مەسىلىسىنى ئويلىشىشقا باشلىغان. كېيىنچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دېگەندەكلا پاك، بۈيۈك، قۇدرەتلىك ۋە مۇكەممەل بولغان بىر جەمئىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بەرپا قىلدى.

كارامەتلىك پەيغەمبەر ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) پۈتكۈل ئەرەبىستاننى قىسقىغىنا يىگىرمە يىل ئىچىدە (ئۆز ۋاقتىدا ھەممىنىڭ تەقدىرىنى كونترول قىلىۋالغان بۇتپەرەسلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. (شۇنداق قىلىپ،) بۇتپەرەسلىكنىڭ يىلتىزى (ئاخىرقى ھېسابتا) ئەرەبلەرنىڭ دىلىنى قاماب نابۇت قىلالمىدى، ئەكسىچە بىردىنبىر ئىلاھ بولغان ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىش ئوتى ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەشئەل بولۇپ ياندى. بۇ خىل قىزغىنلىق ئوتى ئۇلارنى ھەممە موھتاج بولىدىغان بىردىنبىر ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن دۇنيانىڭ ئەينى زاماندا مەلۇم بولغان ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە (ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن) يۈرۈش قىلدۇردى.

يولنىڭ يىراقلىقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشۋىقات ۋە تەرغىباتىغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى. بىر مىليون ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان كەڭ زېمىن بۇتپەرەسلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نىجاتلىق تاپتى. ئەمدى ھېچكىممۇ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب ۋە قاراشلار بىلەن بۇ (يېڭى) دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە توسالغۇ بولالمايتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «بۇتلارنى ئۇرۇپ چاققۇچى» (يەنى مۇھەتتىمۇلئەسنام) ۋە « بۇتپەرەسلىكنى

يوقاتقۇچى »( يەنى مۇزىيلۇلۋەسەنىيە ) دېگەن لەقەمگە مۇناسىپتۇر ①

ئىبنى ھەزم ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئالغا بېسىشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالاق ئادەتلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەر ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، جاسارەتلىك ھەمدە قۇدرەتلىك مىللەت بولۇپ، ھېچكىممۇ خۇددى رۇبەيئە، مۇدەر، ئىياد، قۇزائەلەرنى قول قىلغاندەك ئۇلارنى ئاسارەت ئاستىغا ئالالمايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەرەبلەر ئەزەلدىن ئەبەتكە ئۆزى خان ئۆزى بەگ خەلق ئىدى. ھەقىقەتكە باش ئېگەتتى، ئاللاتائالانىڭ ئەلچىسى (مۇھەممەد) گە ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىڭلىغان ئون مىڭلىغان كىشىلەر يا ئاتا جەمەتىدىن، يا ئانا تەرەپتىن تۇغقان كېلىدىغان قېرىنداشلار ئىدى. ئۇلار بېرىشكە بولىدىغانلىكى مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەقدىم قىلاتتى. ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا تىترىمەيتتى، پۇل - پۇچەكنىڭ كۆزىگە قارىمايتتى، شۆھرەت - ئابروي دېگەنلەرنىمۇ تاما قىلمايتتى ...»

فون كەرىمەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەبلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر داھىينىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئورتاق دىنىي ئىدىيە بىر قانچىلىغان قەبىلىلەرنى بىر خىل سىياسىي تۈزۈم ئاستىغا جەم قىلىغانىدى. تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلانغان بۇ تۈزۈم كىشىلەرنى ھەيران - ھەس ۋە قايىل قىلىغانىدى. بۇنداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن نەرسە بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ئۆز

① مەۋلاي مۇھەممەد ئەلى: «مۇھەممەد رەسۇلۇللا» (ئەرەبچە) 15 - بەت.

ۋاقتىدا بۇتپەرەسلىك تازا ئەۋج ئالغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مىللەتنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ قالغانىدى .»

## § 4 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بەيتۇللا

ئۈچ يىل جەريانىدا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىشەنگەنلەرگە پاكى ئۆزى يېڭى دىننى قوبۇل قىلالايدۇ ، دەپ قارىغان كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى تارقاتتى . ئۇ زاماندا ، ئۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە مەككىنىڭ كىچىك كوچىلىرىدا مەخپىي ھالدا ناماز ئۆتەيتتى . كېيىن ، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا دىننى ئاشكارىلاش ھەققىدە ئەمىر قىلىپ : «ساڭا بۇيرۇلغاننى (پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن ، مۇشرىكلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن . سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز » ① دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى . شۇنىڭ بىلەن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئاشكارا ھالدا تەشۋىق قىلدى . ئاللانىڭ بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىپ كىشىلەرنى بۇتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلدى . ئۇ تەشۋىقاتتا ئەينى زاماندا كەڭ تارقالغان ئەرەبچە ئۇسلۇب ـ نىدا قىلىش (ۋارقىراپ سۆزلەش) ئۇسلۇبىنى قوللاندى . ئۇ مەككە شەھىرىنىڭ يېنىدىكى سەفا تېغىغا چىقىپ قۇرەيشلەرگە مەنسۇپ ھەرقايسى جەمەتتىكىلەرنى چاقىرتىپ ، ئۇلارغا : «ئاللاتائالا ماڭا ئۆز قەبىلەم ۋە جەمەتىمدىكىلەرگە ، قېرىنداشلارغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇمنى بۇيرۇدى : سىلەر ( لائىلاھە ئىللەللاھۇ (ئاللادىن بۆلەك ئىلاھ يوق) دېمىگىچە ، مەندىن سىلەرگە بۇ دۇنيادا مەنپەئەت يەتمەيدۇ ، ئۇ دۇنيادىمۇ نېسىۋە تەگمەيدۇ .» دېدى . بۇ گەپنى

---

① «قۇرئان كەرىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە ھىجر ، 94 ـ 95 ـ ئايەتلەر . 268 ـ بەت .

ئاڭـلىغان ئەبۇلەھەب : «ھۇ ، شورى قۇرۇغۇر ، بىزنى بىر كۈن يول ماڭدۇرۇپ بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ ، دېمەكچى بولغىنىڭ شۇمىدى ؟! » دېـدى . قـۇدرىتى چەكسىز ئاللاتائالا ئەبۇلەھەب ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ھەققىـدە مۇنـداق سۈرە چۈشۈردى : «ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قـۇرۇپ كـەتسۇن ! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېـرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى . ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (دوزاخقا) كـىرىـدۇ . ئۇنـىڭ ئوتـۇن تـوشۇغۇچى (سۇخەنچى) خـوتـۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ . ئۇنىڭ بويىندا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ »①

كـېـيـىن ، قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوچۇقتىن ـ ئوچـۇق دۈشـمـەنلـىـك قـىلـىـشـقـا كـىـرىشتى . لېكىن پەيغەمبەر ئەلـەيـھـىـسسالام ئاللانـىـڭ بـىـرلـىـكـىـنى تـەشۋىق قىلىۋەردى ، بـۇتـپـەرەسـلـىكنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمىدى . بۇ ھال قۇرەيشلەرگە يـېـڭـى دىـنـنـىـڭ غالىبىيىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ ، ئەرەبلەرگە ئاتا ـ بـوۋىـسىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان دىنىنىڭ ۋە «مىللىي ئەقىدە» نـىـڭ گـۇمـران بـولـىـۋاتقانلىقىدىن ، مۇقەددەس بەيتۇللادا سۇدانە ۋەزىـپـىـسىنىڭ ىىچا كەلتۈرۈلۈشى بىلەن يارىتىپ بېرىدىغان مال ـ مۈلۈك ۋە تەسىر كۈچىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

قـۇرەيشلەر شۇ چاغدا مۇنداق قاراشتا ئىدى : ئەگەر ئىسلام دىـنـىـغـا ئېـتـىـقـاد قـىلىدىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ بۇتلىرى ئۆزىنىڭ قـىـمـمـتىنى ۋە مۇقەددەسلىكىنى يوقىتىپ قوياتتى ـ دە ، قۇرەيشلەر ھەرقـايـسـى ئەرەب قـەبـىـلـىلىرىنىڭ مەككىگە كېلىپ ھەج ـ تاۋاپ قـىـلـىـشى ۋە بەيتۇللا ئەتراپىدىكى بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىپ نـەزىـر بـېـرىـشـىـدىن كېلىدىغان دارامەتتىن قۇرۇق قالاتتى ؛ بۇتقا

---

① « قۇرئان كەرىم »، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە مەسەد . 610 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچكەندە ، قۇرەيشلەرنىڭ پۈتكۈل ئەرەبلەر دۇنياسىدىكى يۈكسەك ئابرويى يەرگە تۆكۈلەتتى ؛ ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئەگەر تەسىر يەتكۈزۈپ قويساق بۇت ئىلاھىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىمىز ، دەپ قورقىدىغان سودا - تىجارىتى باشقا قەبىلىلەرنىڭ سودا - تىجارىتىگە ئوخشاشلا تەھدىتكە ئۇچرايتتى .

ئىسلام دىنى ئىنسانىي باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلاتتى . ئۆز ۋاقتىدىكى قۇرەيشلەر بولسا ، تەبىقە ۋە قاتلام تۈزۈمىگە ئاشىق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئوخشىمىغان تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ سودا - تىجارەت قىلىشىنى چەكلەيتتى ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ سودا قىلىشىغىمۇ يول قويمايتتى . ئىسلام دىنى زوراۋانلىق ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان چۈشكۈنلۈك ، قالاق ئادەت ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى چەكلەيتتى . ۋاھالەنكى ، بۇلار قۇرەيش ئاقساقاللىرىنىڭ دىتىغا ياقىدىغان ئىشلار ئىدى .

قۇرەيشلەر مۇسۇلمان بولغانلارغا قىلىدىغان ئازاب ۋە زىيانكەشلىكنى كۈنسايىن كۈچەيتتى . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشىغا ئىجازەت بەردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى داۋاملىق تۈردە كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى ، نەتىجىدە ، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنى مۇسۇلمان قىلدى . ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئىنتايىن مۇھىم ئەرباب ئىدى . شۇڭا ، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشى بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى . ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بولسا ، ئىسلامىيەت يېپيېڭى بىر دەۋردە كىرىدۇ . ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن ، مۇسۇلمانلار بەيتۇللادا ناماز ئوقۇپ

ئىبادەت قىلالمايتتى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، قۇرەيشلەر بىلەن راسا بىر ئېلىشقاندىن كېيىن، بەيتۇللادا ئىبادەت قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. شۇندىن ئېتىبارەن، مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بەيتۇللادا ناماز ئوقۇيدىغان ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۈنلۈك تىلاۋەت قىلىدىغان بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەمزە ۋە ئۆمەرگە بولغان ئەقىدىسى تۈپەيلى ئارقا-ئارقىدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشى قۇرەيشلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. ھەمزە بىلەن ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى قۇرەيشلەرگە خۇددى كۆكرىكىگە كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇلغان ئەجەللىك ئىككى مۇشتتەك ئېغىر زەربە بولدى. شۇڭا، قۇرەيشلەر ھەل قىلغۇچ بىر تەدبىر قوللىنىشنى زۆرۈر ھېسابلاپ، ھاشىم جەمەتى ۋە ئابدۇلمۇتەللىب ئەۋلادلىرىغا نىسبەتەن چەكلەش سىياسىتى قوللىنىشنى بىردەك قارار قىلدۇ. ئۇلار كېڭەش قىلىپ، بۇ ئىككى جەمەتتىكىلەر بىلەن سودا-تىجارەت قىلماسلىق، تويلاشماسلىق، بىللە ئولتۇرۇپ-قوپۇش قىلماسلىق، گەپلەشمەسلىك ۋە بۇ ئىككى جەمەتتىكىلەر مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قۇرەيشلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمىگىچە بۇ چەكلىمىنى بىكار قىلماسلىق دېگەندەك بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىپ چىقتى ھەمدە بۇ قارار يېزىلغان ئېلاننى بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويدى.

ھاشىم جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىدىكىلەر مەككىنىڭ سىرتىدىكى بىر چەت جىلغىدا ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى تامامەن ئوغرىلىقچە يۆتكەپ كېلىنەتتى. ئۇلار ئەرەبىستاننىڭ ھەرقانداق يېرىدە جەڭ قىلىش مەنئى قىلىنغان ھەرەم ئايلىرىدىن باشقا چاغلاردا جىلغىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب ئۇرۇقلىقى

سىرتقا چىقمايتتى. شۇ چاغدا، ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ھاسىل قىلغان بىر كېلىشىم بولۇپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە، بۇ ئىككى جەمەتنىڭ ھەج قىلغۇچىلىرى ھەرەم ئايلىرىدا مەككىگە كىرىپ بەيتۇللادا ئىبادەت قىلسا بولىۋېرەتتى. چۈنكى، ئۆز زامانىسىدا، بەيتۇللا يەنىلا پۈتكۈل ئەرەبلەرنىڭ دىيانەت مەركىزى ھېسابلىناتتى.

بىراق، بەزى قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەرەب قېرىنداشلىرى بولغان ھاشىم جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھالىغا ھېسداشلىق قىلدى. زۇھەير ئىبنى ئۇمەييە مانا شۇنداق قۇرەيشلەرنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «ئى مەككىلىكلەر، بىزلا ئىچىپ، بىزلا كىيىپ، بىزلا ياشاپ، ھاشىم جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىدىكىلەر ھالاك بولۇپ كەتسە دۇرۇس بولارمۇ، زادى؟ ئۇلار ئېلىشقىمۇ، سېتىشقىمۇ بىھاجەتمىدۇ؟ ئاللا بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادالەتسىز ئېلان يىرتىپ تاشلانمىغۇچە مەن زادى ئارام تاپالمايمەن.»

ئەرەبچە كىلاسسىك كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە، ئاللاتائالا ئاق چۈمۈلىلەرنى ھېلىقى ئادالەتسىز ئېلاننىڭ ئۈستىگە توپلاپ، ئۇنىڭدىكى مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سالىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرگۈزۈۋېتىدۇ. ئېلاندا پەقەت ئاللاتائالانىڭ بۈيۈك ئىسمىلا قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چۈشىنى تاغىسى ئەبۇ تالىبقا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەبۇ تالىب بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال بۇتپەرەسلەرنى چاقىرتىپ كېلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا: «قېنى، يۇرۇگلار! بېرىپ سىلەرنىڭ ئېلانىڭلارنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇ ھازىر ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ جىيەنىم ئېيتقاندەكمۇ ـ قانداق؟»

دەيدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. ئۇلار بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئېلانىنىڭ ئۈستىدە: «بىسمىكە ئاللاھۇممە» (يەنى ئۇلۇغ ئاللا ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن) دېگەن خەتنىڭ باشقا جېمى خەتلەرنى قۇرت يەپ ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەبۇ جەھىل لەۋزىدىن يېنىۋالماقچى بولىدۇ. بىراق، چەكلەش تەدبىرلىرىدىن نارازى بولغان قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئېلاننى يىرتىپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار يەنە بەيتۇللاغا كېلىپ ناماز ئۆتەيدىغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېلىپ دىن تارقىتىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ دىنىغا دەۋەت قىلىش پائالىيىتىنى ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمىدە قىلدى. ئۇ بەيتۇللادا ھەرقايسى قەبىلە كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ تاغىسى ئەبلەھەب ھەرقايسى قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىنى توسۇپ: «ئۇنىڭ غەرىزى سىلەرنى لات ۋە ئۇززا بۇتلىرىدىن ئايرىپ، بىدئەتچىلىك ۋە ئازغۇنلۇق يولىغا باشلاش، خالاس. سىلەر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭلار» دېدى. بىراق، نۇرغۇن قەبىلىلەر ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بۇتپەرەسلىكتىن ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان قالاق ئادەتلەردىن خالاس تاپقۇزۇدىغان ئەڭ ياخشى دىن ئىكەن، دېگەن قاراشقا كەلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتى ھەرەمدىن مەسچىدى ئەقساغا ئىسرا (تۈن سەپىرى) قىلدى ۋە ئۇ يەردىن يەتتە قەۋەت ئاسمانغا چىقتى. شۇ كېچىسى ئاللاتائالا مۇسۇلمانلارغا بەش ۋاق ناماز ئوقۇش ئەمرىنى چۈشۈردى.

## § 5 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئۆمرە قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە يەسرىبكە ھىجرەت قىلدى . شۇ چاغلاردا ، مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيشلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش تېخىچە داۋاملاشماقتا ئىدى . بۇ ئېلىشىش بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدىغان «غازات» ئۇرۇشى شەكلىدە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرى «بەدرى غازىتى» ، «ئوھۇد غازىتى» ۋە «خەندەك غازىتى» قاتارلىقلار ئىدى .

ھىجرىيىنىڭ 6 - يىلى 11 - ئايدا (زۇلقئىدە ئېيىدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە غازاتسىز بېرىپ ئۆمرە قىلىشنى ، شۇ ئارقىلىق ئەرەبلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ بەيتۇللانى ئۇلۇغ بىلىشى خۇددى پۇتكۈل ئەرەبلەرنىڭ بەيتۇللانى مۇقەددەس بىلىشى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ۋە شۇ يول بىلەن ئۇلار (مەككىلىكلەر) بىلەن ئۆزى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىقنى تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مىڭ تۆت يۈز نەپەر مۇھاجىر (ھىجرەت قىلغۇچى) ۋە ئەنسار ① نى باشلاپ ، ئۆمرە قىلىشقا ماڭدۇ . ئۇلاردا قىنىغا سېلىنغلىق قىلىچلاردىن بۆلەك ھېچقانداق قورال يوق ئىدى . ئۇلار ئۆمرە ھەج جەريانىدا مەككىدىكى يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن مال ھەيدەپ ماڭدى .

مەككىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنى

---

① ئەنسار - ئەلئەنسار ، «مەدەتكارلار» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان چاغدىكى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ .

باشلاپ ئۆمرە قىلىشقا كېلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى. قۇرەيشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى يىغىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسچىتى ھەرەمگە يېقىن يولاتماسلىق قارارىغا كەلدى ھەمدە خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئىككى يۈز نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرىشىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرەيشلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇرۇش ئۇلارنى غايەت زور چىقىمغا ئۇچراتتى. ئۇلار مەن بىلەن باشقا ئەرەبلەر ئارىسىدا يارىشىش ۋەزىيىتى يارىتىپ بەرسە ئۇلارغا پايدىسى بولماسمىدى؟!» دېدى. ئارقىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا خالىد بىلەن توقۇنۇشماي ھۇدەيبىيە ① گە چۈشۈپ ئورۇنلىشىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

قۇرەيشلەر بىرقانچە ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەككىگە كىرىش نىيىتىدىن يېنىشنى تەلەپ قىلدى. ئورۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفى ئىسىملىك بىر ئەلچى قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا قايتقاندا مۇنداق دوكلات قىلدى: «مەن كەسرا (ئىران پادىشاھى)، قەيسەر (رۇم پادىشاھى) ۋە نىجاشى (ھەبەشىستان پادىشاھى) لارنىڭ ھۇزۇرىدا بولغانمەن. بىراق، ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن كۆرگەن ھېچقايسى پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇھەممەد بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتەك يېقىن ئەمەس.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە كىرىپ ئۆمرە قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە قۇرەيشلەر بىلەن سۈلھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، قۇرەيشلەر بۇ تەكلىپنى رەت قىلىش

---

① ھۇدەيبىيە - مەككىگە يېقىن يەردىكى قۇدۇق بولۇپ، شۇ يەرنىڭ ئىسمى شۇنداق ئاتالغان. «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» 276 - بەت.

بىلەنلا قالماي ئەسكەر ئەۋەتىپ مۇسۇلمانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. قۇرەيشلەر ئامالسىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىپ ياراشتى. ئاندىن ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكىچە سۇلھنامە تۈزۈپ چىقتى:

1. ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە ئۇرۇش قىلماسلىق.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ ئىجازىتىسىز بېرىپ مۇسۇلمان بولۇۋالغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىش. قۇرەيشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قۇرەيشلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك.

3. قۇرەيشلەر قاتارىغا قوشۇلغۇچىلارنىڭمۇ، قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولمىغانلاردىن مۇھەممەدنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈشنى خالىغۇچىلارنىڭمۇ ئىختىيارى ئۆزىدە بولۇش.

4. بۇ يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلماي قايتىپ كېتىپ، كېلەر يىلى قۇرەيشلەر مەككىدىن چېكىنىپ چىقىپ تۇرغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى قورالسىز يەنى قىنىغا سېلىنغان قىلىچ-ئوقيالاردىن باشقا ھېچقانداق قورال-ياراق كۆتۈرمەستىن مەككىگە كىرىش.

بۇ سۇلھىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىياسىي جەھەتتە غايەت زور ئۇتۇققا ئېرىشتى. چۈنكى، بۇ سۇلھە ئەمەلىيەتتە قۇرەيشلەر بىلەن ئۇلارنىڭ سەردارلىقىدا جەڭگە قاتنىشىدىغان باشقا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى (بويسۇنۇش، بېقىندىلىق) مۇناسىۋەتنى بىكار قىلىپ تاشلىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈمىدىمۇ مۇشۇنداق بىر چارە ئارقىلىق ئۆزى بىلەن غەيرىي قۇرەيش قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا پارىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدى. دېگەندەكلا ئۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. بۇ سۇلھە ئىسلام دىنىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە

تارقىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى . مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇللاغا بېرىپ ئۆمرە ھەج قىلىش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى .

ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن كېيىن ، قۇرەيشلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش بولدى . قۇرەيشلەرنىڭ قارىشىچە ، ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بولسىمۇ ، ئۇلار يەنىلا بىر ئەجدادنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي ئورنى ۋە سىياسىي ئورنىنىڭ يۇكسىلىشىگە قايىل بولۇشقا باشلىدى . بۇ خىل قايىللىق ئۇلارنىڭ بەزى ئادەملىرىنى ، خۇسۇسەن ئەمرۇ ئىبنى ئاس ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد قاتارلىقلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشقا يېتەكلىدى .

شەكسىزكى ، بۇ سۇلھ قۇرەيشلەرنىڭ ئىسلام دىنى قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئېتىراپ قىلىشى بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بۇتپەرەسلىك دەۋرىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىدى . شۇنداق قىلىپ ، بەيتۇللا بۇتلاردىن خالاس بولدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ مۇسۇلمان بىلەن مەدىنىدىن مەككىگە يۈرۈش قىلدى ۋە غالىبانە قىياپەت بىلەن مەككىگە كىرىپ كەلدى . بەيتۇللادىكى بۇتلار ئۆرۈپ - چېقىلىپ ، بەيتۇللانىڭ ئازادلىقى ھەققىي يوسۇندا ئەمەلگە ئاشتى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن پايدىلىنىپ سىياسىي جەھەتتىمۇ ، ھەربىي جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا غايەت زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى ئەرەبىستاندىكى بارلىق چېگرالارنى بۆسۈپ تاشلىدى . ئۇ رۇم پادىشاھىنى ، ئىران پادىشاھىنى ۋە ھەبەشىستان پادىشاھىنى ، شۇنىڭدەك ئەرەبىستاندىكى ھەرقايسى ئەمىرلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى . ئەرەبىستاندىكى قەبىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئىسلام

دىنى سىپىگە قوشۇلدى . ئەڭ ئاخىرىدا ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەڭ جاھىل دۈشمىنى بولغان خەيبەر يەھۇدىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى .

ئەرەبىستاندىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆز ئالدىغىلا يارىشىۋالغانلىقىدىن ناھايىتى غەزەپلىنىپ ، قۇرەيش قەبىلىسىنى داۋاملىق قوللاشتىن باش تارتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ، ھەرقايسى قەبىلىلەرگە ئايرىم - ئايرىم خىزمەت ئىشلەپ ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئىسلام دىنى قوشۇنىغا يىغدى . قۇرەيشلەر دەسلەپ ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە سىياسەتلىرىدىن ۋاز كەچمەي تۇرۇۋالدى . سۈلھىدىن كېيىن ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسەت جەھەتتە ئىنتايىن زەئىپ ئىكەنلىكى تونۇپ يەتتى - دە ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ماسلاشتى .

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بەلگىلىمىسىدە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىگە كېلىپ ، بەيتۇللادا ئۈچ كۈن تۇرۇپ ، ئۆمرە قىلىش ۋاقتى بار ئىدى . شۇڭا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى مىڭ مۇسۇلماننى باشلاپ مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى . ئۇلار بەيتۇللادا قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بېرىشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاتمىش تۆگە ئېلىۋالدى . ئەگەر ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ چەكلىمىسى بولمىسا ئىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ مەككە سەپىرىنى توسۇشقا نەقەدەر تەقەززا ئىدى - ھە ؟! ھازىر ، ئۇلارنىڭ مەككە ئەتراپىدىكى ئېدىرلىقلارغا كېتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاجى يوق ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە يېقىنلاشقاندا ، مۇسۇلمانلار قوراللىرىنى قويۇپ ئىككى يۈز مۇسۇلمان ئەسكەرنى قاراۋۇللۇققا قالدۇردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «بىز ھەرەمگە قورال ئېلىپ

كىرمەيمىز . بىراق ، قورال بىزگە شۇنداق يېقىن يەردە تۇرۇشى كېرەككى ، ئەگەر مۇشرىكلار لەۋزىدە تۇرماي نامەردلىك قىلغۇدەك بولسا ، بىز دەرھال ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك . » دېدى .

قۇرەيشلەر مەككىدىن چىقىپ ، ئەتراپتىكى ئېدىرلىقلارغا چىقىپ كەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇسۋائ ئىسىملىك ھىنگان تۆگىگە مىنگەن ھالدا مەككىگە كىردى . شۇ چاغدا ، ساھابىلار ئۇنى چۆرىدىگەن ، باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغان بولۇپ ، ئۇلار تەڭلا ئاۋازدا : «لەببەيكە ! (بىز سېنىڭ ئىتائىتىڭدىمىز) لەببەيكە ! » دەپ نىدا قىلاتتى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەرەمگە كىرگەندە ، رىدا (پىلاش) سىنى چىلك ئېتىپ ، ئوڭ قولىنى سوزۇپ تۇرۇپ : «ئى ئاللا ، قۇرەيشكە رەھىم – شەپقەت قىلغىن ! ئۇ بۈگۈن ئۆزلىرىدىكى قۇدرەتنى كۆردى .» دېدى . ئارقىدىن ، ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ بۇرجىكىگە سۆيدى . ئاندىن ، ھەرۋەلە (يورغىلاپ تېز مېڭىش) قىلدى . ساھابىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەرۋەلە قىلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەن بۇرجىكىگە كەلگەندە ، ھەجەرۇلئەسۋەدنى يەنە سۆيدى . يەنە بىر بۇرجىكىگە بېرىپ يەنە سۆيدى . ئاندىن بەيتۇللانى ئۈچ قېتىم ھەرۋەلە قىلىپ تاۋاپ قىلدى . ساھابىلار ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە قىلسا شۇنى قىلدى . مۇسۇلمانلار بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا ، سەفا بىلەن مەرۋە (تاغلىرى) ئارىلىقىدا ، خۇددى بۇرۇنقى ئەرەبلەرگە ئوخشاشلا ئۇ ياندىن بۇيانغا يەتتە قېتىم سەئيى (يۈگۈرۈش ، تېز يۈرۈش) قىلدى . مەرۋىدە قۇربانلىق ماللارنى ئۆلتۈردى . ئاندىن مۇسۇلمانلار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنى چۈشۈرتتى . شۇنىڭ ئۆمرىنىڭ پەرزلىرى ئادا بولدى .

ئەتىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانىڭ ئىچىگە كىرىپ، تاكى پېشىن نامىزىغىچە شۇ يەردە بولدى. ئۇ چاغدا، بەيتۇللانىڭ ئىچىدىكى بۇتلار تېخى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى بىلال بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەزان ئېيتىپ، مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاغا كېلىپ پېشىن نامىزى ئوقۇشقا چاقىردى. ئىككى مىڭ نەپەر مۇسۇلمان ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مەككىدە ئۈچ كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، ئەل - ئاغىنە، دوست - يارەنلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا تەسەللى بەردى ۋە خاتىرجەم قىلدى.

## § 6. مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىنكى بەيتۇللا

ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تارقالدى. بۇ چاغدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك مېڭىسىدە نۇرغۇن پىكىرلەر مەۋج ئۇرۇپ، ئۇنى غايەت زور بىر يۈكسەك پىلان ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئۈندىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى، ئائىلىسىنى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولغان بۇتپەرەسلەر شۇ كەمگىچە ئىگىلەپ تۇرغان مەككە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بەختىيار يىللىرىنى ئەسلىدى. ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ھەج - تاۋاپ قىلىدىغان بەيتۇللانىڭ ھېلىھەم بۇتپەرەسلەرنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاللانىڭ ئۆيى (بەيتۇللاھى ھەرەم) نى مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنى پەقەت ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان جاي، مۇسۇلمانلارنىڭ

پاناھى قىلىپ چىقىشقا بەل باغلىدى.

قۇرەيشلەر ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، خۇزائە قەبىلىسىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىپ يىگىرمە مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇئان مۇسۇلمانلار جەڭگە ھازىرلاندى. بىراق، قۇرەيشلەر كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، جەڭ مەيدانىغا قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوماندانى ئەبۇ سوفياننى تىنچلىق ئەلچىسى قىلىپ مەدىنىگە ئەۋەتتى. چۈنكى، قۇرەيشلەر ئەبۇ سوفياننىڭ قىزى ئۇمموھەبىبەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئەبۇ سوفياننىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتىمۇ مۇشەققەتلىك ئىدى. سەۋەب، ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا دۈشمەن كۆرۈپ قارشى مەيداندا تۇرغان ئادىمىدىن تىنچلىق تىلىشى لازىم ئىدى. ئەبۇ سوفيان ئەبۇ بەكرى، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ۋە قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنى ۋاستە قىلىپ كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا مەككىگە قايتتى. قۇرەيشلەر ئۇنى تاپا - تەنە ۋە مەسخىرىلەر بىلەن كۈتۈۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلىپ، بەيتۇللانى بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلاندى. كېيىن ئۇ ئون مىڭ مۇسۇلماننى باشلاپ مەككىگە يۈرۈش قىلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن ماڭدى، بۇتپەرەسلەرنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوشۇن ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۈن - تىنسىز يۈردى. مەككە نىشانلانغان ھەربىي يۈرۈش داۋاملىشىۋاتقان چاغدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن

مۇسۇلمان بولدى، ئابباس ئەسلى مەككىنىڭ سەقايە (سۇ بىلەن تەمىنلەش) ۋەزىپىسىگە مەسئۇل زات ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەرنى دەرھاللا مەدىنىگە ئەۋەتىپ، ئۆزى ئىسلام قوشۇنىنىڭ سېپىگە كىرىپ، قوماندانىنىڭ ئەمرى ئىنائىتىدە بولدى. قوشۇن مەررۇزەھران (يەنى زەھران كارىدورى، زەھران ئۆتكىلى) دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. مۇشرىكلار شۇنىڭغىچە ئۇلارنى بايقىيالمىدى. قوشۇن بۇ جايغا ئاسمانغا كۈن پەردىسى تارتىلىش بىلەن تەڭ يېتىپ كېلىپ، چېدىر بارگاھلىرىنى تىكتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يۈرۈش باشلانغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئەسكەرلەرنىڭ ئوت يېقىپ، مەشئەل يورۇتۇشىغا ئىجازەت بەردى.

مۇشرىكلارنىڭ ئاقساقىلى ئەبۇ سوفيان مۇسۇلمان بولدى ۋە مەككىلەرنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەنمۇ رەھىمدىل ۋە كەڭ قورساق ئىدى. ئۇ: «كىم ئەبۇ سوفياننىڭ قورۇسىغا كىرىۋالسا، شۇ ئامان قالىدۇ؛ كىم مەسچىتكە كىرىۋالسا، شۇ ئامان قالىدۇ؛ كىم ئىشىك تۈكلۈكىنى تاقاپ ئۆيىدە ئولتۇرسا، شۇ ئامان قالىدۇ» دېدى. ئەبۇ سوفيان توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباسقا: «سەن ئۇنى جىلغا ئاغزىغا ئېلىپ بارغىن، ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ، ئاللاتائالا قوشۇنىنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى بىر كۆرسۇن» دېدى. ئەبۇ سوفيان ئابباس بىلەن بىللە جىلغىنىڭ تار ئېغىزىدا تۇرۇپ، تۇرلۇك قوراللارنى كۆتۈرگەن ھالدا ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان ھەيۋەتلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى كۆردى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلۈكى، تەشكىلچانلىقى ۋە روھىنىڭ كۆتۈرەڭگۈلۈكى ئەبۇ سوفياننى بەكمۇ قايىل قىلدى. ئەينى زاماندا، مۇسۇلمانلار ئۇرۇش تاكتىكىسى جەھەتتە كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى.

ئارقىدىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يېشىل ئەلەملىك قوشۇنىنى باشلاپ ئۆتتى . بۇ قوشۇن پۈتۈنلەي ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلاردىن تەركىب تاپقانىدى . ئەبۇ سوفيان : «سۇبھانالللا ، ئى ئابباس ، بۇلار كىملەر بولىدۇ ؟» دەپ سورىدى . ئاببىاس : «بۇلار ئەنسارلار ، قارا ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار » دەپ جاۋاب بەردى . ئەبۇ سوفيان : «بۇرۇن ھېچكىمنىڭمۇ بۇنداق ئادەملىرى بولغان ئەمەس ۋە مۇنداق ئىختىيارىمۇ بولغان ئەمەس . ئالللا بىلەن قەسەمكى ، ئى ئەبۇلفەزىل (ئاببىاس) ، جىيەنىڭ بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك پادىشاھ بوپتۇ» دېدى . ئاببىاس : «ئى ئەبۇ سوفيان بۇ بىر ھۆكۈمدۇر» دېدى ۋە ئەبۇسوفيانغا نەسىھەت قىلىپ : «ساق سالامەت ھالدا ئۆز جەمەتىڭدىكىلەرنىڭ قېشىغا بارغىن» دېدى .

ئەبۇ سوفيان دەرھال مەككىگە قايتىپ كىردى . ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئامانلىقى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى مەككىلىكلەرگە بايان قىلىپ ، قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ قىلچىمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى ئېيتتى . ئاندىن ۋارقىراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى : «ئى قۇرەيشلەر ! مۇھەممەد سىلەرگە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى . كىم ئەبۇ سوفيانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالسا ، شۇ ئامان قالىدۇ .» ئەبۇ سوفيان بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ جاھىل دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا ، ئۇنىڭ گېپى مەككىلىكلەرنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىش ئويىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە كىرىشىنى كۈتتى .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قايمال تۆگىگە مىنگەن ھالدا

مەككىگە يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەبۇ بەكرى . ئارقىسىدا ئۇسامە ئىبنى زەيد بار ئىدى . تاڭ قۇياشى ئۇپۇقنى يىرىپ كۆتۈرۈلگەن چاغدا ، مۇھەممەد ئەلەيھسسالام غالىپلارچە قىياپەتتە ئەمەس ، ھەج قىلغۇچى سۈپىتىدە مەككە شەھىرىگە كىردى . ئۇ ئۈستىگە ئىھرام كىيگەن بولۇپ ، قۇرئان كەرىم سۈرىسىنى زىكىر قىلاتتى : «ئاللانىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن ، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن ، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن ، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن ، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق ①

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بەيتۇللانىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسكە ئالدى : ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ زامانىسىدىلا ، بەيتۇللا مۇقەددەس ماكان ، بەيتۇللاھى ھەرەم (ئاللانىڭ ئۆيى) ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بەيتۇللانى يەتتە رەت ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى . ھەر ئايلانغاندا ، ھەجەرۇلئەسۋەدنى بىر قېتىم سىلاپ قوياتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بەيتۇللانىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇۋىدى ، ئوسمان ئىبنى تەلھە بەيتۇللانىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋالدى . ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ ئوسمان ئىبنى تەلھەنىڭ قولىدىن ئاچقۇچنى تارتىۋالدى . بىراق ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى ئاچقۇچنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى . ئۇ چاغدا ئوسمان ئىبنى تەلھە بەيتۇللانىڭ ھىجابە ۋەزىپىسىنى بىجىرگۈچىسى ئىدى . ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ شەپقىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە ھىجابە ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەۋەردى .

---

① «قۇرئان كەرىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە فەتىھە ، 1 - 3 - ئايەتلەر ، 512 - بەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانى ئەتراپىدىكى ئۈچيۈز ئاتمىش بۇتتىن تەلتۆكۈس تازىلىدى . يەنى مۇسۇلمانلا بۇتلارنىڭ بىرىنمۇ قويماي چېقىپ تاشلىدى . بۇتلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى ھۇبەل بۇتى بولۇپ ، مۇشرىكلار ئۇنى شامغا قاراشلىق «بۇلقان» دېگەن جايدىن يۆتكەپ كەلگەنىدى ۋە ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرالايدۇ ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى . چۈنكى ، يامغۇر - يېغىن چۆلدە ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىدى . بۇ يەردە يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىلىدىغان بۇتلارمۇ بولۇپ ، ئۇنىڭدا بۇ ئىككىيلەننىڭ ئامەت تىلەپ پال ئېچىشقا ئىشلىتىدىغان پەرسىز ئوقيا ئوقلىرى (بەزى مەنبەلەردە 〈 تەقسىم ئوقلىرى 〉دېيىلىدۇ) تۇتۇپ تۇرغان ھالىتى تەسۋىرلەنگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتىنى (ھەيكىلىنى) كۆرۈپ : «ھۇ ، ئاللاتائالا جازاسىنى بېرىدىغانلار ! قاراپ تۇرۇپ ئۇنى (يەنى ئىبراھىمنى) پالچىلىق بىلەن تىلەمچىلىك قىلىدىغان بىر قېرى چال قىلىپ قويغىنىنى ، كۆرۈڭ» دېدى . يەنە مالائىكىلەر ساھىبجامال ئاياللارنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان قىلىپ سىزىلغان بەزى سىزما رەسىملەر تاختا لەۋھەلىرى بار ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى ۋە يەنە بىر پارچە ياغاچ ئويما رەسىمنى كۆردى . ئۇنىڭدا ، بىر دانە كەپتەرنىڭ سۈرىتى ئويۇلغانىدى . ئۇ مۇشرىكلارنىڭ سىمۋولى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۇندۇرىۋەتتى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قالغان بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ ، پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى : «ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى ، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى . باتىل ھەقىقەتەن ئاسان يوقىلىدۇ ،

دېگىن » ①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللادىن چىقىپ ، زەمزەم بۇلىقى يېنىغا كەلدى . ئەرەبلەر زەمزەم بۇلىقىنى مۇقەددەس بۇلاق دەپ ئەزىزلەيتتى . قۇدرەتلىك ، ھەممىگە قادىر ئاللاتائالا ئۆز زامانىسىدا ، ھاجەر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن ، دەپ بۇ بۇلاقنى ياراتقانىدى . شۇڭا ، ئەرەبلەر بۇ بۇلاقنى ئەزەلدىن مۇقەددەس ئىلاھىي بۇلاق ، دەپ ئەزىزلەپ كەلمەكتە ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلاقنىڭ قېشىغا كېلىشىگە ئاببباس بۇلاقتىن بىر قاچا سۇ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن تۇتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭدىكى سۇنى بىراقلا ئىچىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر سۈننەت بولۇپ قالدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇلئابباسنى سەقايىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى .

چۈش مەزگىلىدە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مۇسۇلماننى بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ پېشىن نامىزى ئۈچۈن ئەزان توۋلاشقا بۇيرۇدى . ھېلىقى مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈردى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاغا يەنى بۇ ئالەمدىكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى مەككىلىككە «ئەلەيھىسسالام !» دەپ سالام بەردى ، ئۆزىنىڭ رەھىم - شەپقىتىنى ئىزھار قىلىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمات ۋە ئەقىدىلىرىنى شەرھلەپ بەردى .

---

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە بەنى ئىسرائىل ، 81 - ئايەت 291 - بەت .



www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا، تەرەپ-تەرەپتىن «ئاللا ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللا ئەڭ بۈيۈكتۇر! ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر! مۇھەممەد ئاللانىڭ پەيغەمبىرىدۇر!» دېگەن سادالار كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماننى لەرزىگە سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي رەسىم-قائىدىلەرنى تاماملاپ، سەفا تېغىدىن چۈشتى. ئەر-ئايال بولۇپ پۈتكۈل مەككە ئاھالىسى توپلىشىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى جاكارلىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل ئىدى. قۇرەيش ئاقساقاللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ھۆكمىنى كۈتۈپ، قول باغلاپ تۇردى. بۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر مېنى گۇناھكار ھېسابلامسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سەن بىزنىڭ ئەڭ مۆھتەرەم قېرىندىشىمىز، ئەڭ ئەزىز ۋە مۆھتەرەم جىيەن ئوغلىمىز سەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بېرىڭلار، ئەمدى سىلەر ئازاد!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى بارلىق پائالىيىتى ئۇنىڭ يېڭىلمەس گېنېرال ئەمەس، بەلكى ئاللاتائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. گەرچە ئۇ ئاللىقاچانلا كۈچ ۋە قۇدرىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان، يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئاددىي پۇقرالارغا رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ نەتىجە قازىنىشى ۋە غەلىبىگە ئېرىشىشمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىك بولغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللا بىلەن مەككىنى بۇتلاردىن

تــازىلاش بــىــلــەنلا چــەكــلــەنــمــىدى . ئۇ مۇســۇلــمـانلارنــىڭ سەركەردىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ، ئەتراپتىكى شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلاردا ياشايدىغان قەبىلىلەر ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ ، ئۇلارنــى بــۇتــپــەرەســلــىــكــتىن ئازاد قىلىشقا ، ئۇلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا ئەۋەتتى .

مــەكــكــىــنــىــڭ فــەتــھــى قــىــلــىــنــىــشــى ھەمدە بەيتۇللانىڭ مۇســۇلــمـانلارنــىــڭ قــولــىــغـا ئۆتــۈشــى ئىــسلامــىــيــەتــنىڭ غەلىبە قــازىــنــىــشــىــدىــكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ . شۇندىن كېيىن ، دەســلــەپــتــە ئىــسلام دىــنــىــغـا قــارشــىلىق قىلغان ھەرقايسى ئەرەب قــەبــىــلــىــلــىرىمۇ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان بولدى . ئۇلار ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى . مــانــا بــۇ تــارىــخــتـا مــەشــھــۇر «ۋەكــىــلــلــەر ئۆمىكى يىلى» بولۇپ ، ھــىــجــرىــيــىــنــىــڭ 9 - يــىــلــىــغــا تــوغــرا كــېلەتتى . شۇنداق قىلىپ نــۇرغــۇنــلــىغان ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكــىــللەر ئۆمەكلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتــتــى . ئۇلار شۇ جايدىلا مۇسۇلمان بولدى . ئاندىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن مۇكاپاتنى ئېلىپ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشتى .

## § 7 . ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى باشلاپ ھەجگە بېرىشى

ۋەكــىــلــلــەر ئۆمــەكــلــىــرى مــەدىــنــە مۇنەۋۋەرەگە ئۇزۇلمەي كــېــلــىــپ ، ئىــسلام دىــنــىــغـا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى . پەيغەمبەر ئەلــەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى شەرھلەپ چۈشەنچە بــەردى . ھەج مــەۋســۇمــى يــېــقــىــنلاشــتــى . بــىــراق ، پــەيــغــەمــبەر ئەلــەيــھىسسالام مۇسۇلمانلارنى باشلاپ ھەجگە بارالمىدى . سەۋەب ، بــىــرىــنــچــىــدىــن ، ۋەكــىللەر ئۆمەكلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى

كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاۋاپ قىلماقچى ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ چاغدا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاللاتائالاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار، مۇشرىك كۇففارلار ۋە يەھۇدىلار تېخى بار ئىدى. كۇففارلار يەنىلا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئېتىقادى بويىچە ھەرەم ئايلىرىدا بەيتۇللاغا تاۋاپقا كېلەتتى. كۇففارلار نىجىس خەقلەر ئىدى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدىنىدە ئاللاتائالادىن ۋەھيى چۈشۈپ، ئۇنىڭ بەيتۇللاغا بېرىپ ھەج قىلىشىغا ئىجازەت بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنى ھەجگە ئەبۇ بەكرى باشلاپ باردى.

شۇ چاغلاردا بۇتپەرەسلەر يەنىلا ئاللاتائالانىڭ ئۆيى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلالايتتى. شۇڭا، بەيتۇللا بۇتلاردىن ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ نامايەندىلىرىدىن تازىلانغاندىن كېيىن، بۇتپەرەسلەرنىڭ بەيتۇللاغا قەدەم قويۇشنى مەنئى قىلىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئەبۇ بەكرى ئۈچ يۈز نەپەر مۇسۇلمانغا باشچى بولۇپ، بەيتۇللادا قۇربانلىق قىلىشقا تەييارلانغان ئوتتۇز تۆگىنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى تالىپقا «ئەدھا»① ئىسىملىك تېز يۈرەر تۆگە بىلەن دەرھال مەككىگە قاراپ چېپىشنى، مەككىگە ھەرقايسى ئەرەب رايونلىرىدىن بارىدىغان ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدا يېتىپ بېرىپ، ئۇلارغا ئاللاتائالادىن چۈشكەن ۋەھيى - قۇرئان كەرىمنىڭ بىر سۈرىسىنى يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى.

---

① بۇ سۆز بەزى ئەسەرلەردە، شىۋە تەلەپپۇزى بويىچە «ئەزھا» دەپمۇ ئېلىنغان.

ئەبى ئىبنى ئەبى تالىپ بۇ ۋەزىپىنى تولۇقى بىلەن ئورۇندىدى. يەنى ئۇ ھەج قىلغۇچىلار ئەرەفاتقا چىقىشتىن بۇرۇن مەككىگە يېتىپ باردى. مۇسۇلمانلار مىناغا يىغىلغان چاغدا، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ھاۋالە قىلغان ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسى - «سۈرە تەۋبە» نى جاكارلىدى.

## § 8. ۋىدالىشىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەج

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەج قىلىش ئىشتىياقى چۈشتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە بىرلا قېتىم ھەج قىلدى. ئەگەر ئۇنى بۇرۇنمۇ ھەج قىلغان دېيىلسە، (ئۇ) مۇندىن بۇرۇن قىلغان ئىككى قېتىملىق ئۆمرەگە ئېيتىلىدۇ.

ئەرەبىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى؛ مەدىنىگە تۇتىشىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى شەھەر، يېزا كەنت ۋە تاغ رايونلىرىدىن كەلگەن ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى؛ مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى جىلغىلاردا شاخمەتنىڭ ئۇرۇقىدەك تىزىلىپ كەتكەن چېدىر - بارگاھلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. بۇ قايىنام تاشقىنلىق ۋە ھەيۋەتلىك مەنزىرە ئىسلامىيەتنىڭ غەلبىسىنى نامايان قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىڭلىغان مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە يولغا چىقتى. مۇسۇلمانلار بەيتۇللادا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن، كۆركەم ياساپ جابدۇلغان نۇرغۇن تۆگىنى ئېلىپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن مەككىگە بارغىچە ئارىلىقتىكى يولدا مەسچىتلا ئۇچرىسا، كىرىپ ناماز ئوقۇپ ماڭدى. ئۇ دۇئا

قىلغاندا، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتاتتى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىدىن چىقىپ بىرىنچى ئاخشىمى زىلھەلىفە دېگەن كەنتكە كېلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئالەيھىسسالام ئېھرام باغلاپ، قورالسىزلاندى (قورال - ياراقلىرىنى شۇ يەرگە قويۇپ قويدى) ئەتىسى سەھەردە، بامدات نامىزىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇسۋائ ئىسىملىك قايمال تۆگىسىگە مىنىپ بەيدە ① جىلغىسىغا يېتىپ كەلدى - دە، رەببىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ «لەببەيكە» (ئىتا ئېتىڭدىمەن) دەپ توۋلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ: «لەببەيكە، ئى ئاللا، لەببەيكە! سەن شېرىكسىز سەن، يىگانىسەن، لەببەيكە! شۈكرە - سانا، مەدھىيىلەر ساڭىلا خاستۇر، لەببەيكە! ئى بىرۇ بار ئاللا، لەببەيكە!» (لەببەيكە ئاللاھۇممە لەبەيكە، لا شەرىكە لەكە لەببەيكە. ئەلھەمدۇ ۋەنىئمەتۇ ۋە شىشۇكرۇ لەكە لەببەيكە. لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيكە) دەپ توۋلىدى.

بەزى رىۋايەتلەردە، بۇ دۇئانى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىسىدا، مەككىنىڭ يېنىدىكى ئەبۇ قۇبەيىس تېغىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ، كىشىلەرگە ئاللاتائالانىڭ تەلىماتلىرىنى يەتكۈزگەن چېغىدا تەنتەنە بىلەن ئېيتقانىدى دېيىلىدۇ. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى ئاسماننى لەرزىگە، يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ سادانى يالغۇز پۈتكۈل كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلارلا ئەمەس، قورساقتىكى تۆرەلمىلەرمۇ ئاڭلىغانىكەن ۋە: «لەببەيكە، ئاللاھۇممە، لەببەيكە!» دېگەنىكەن.

مۇسۇلمانلار مەدىنە بىلەن مەككە شەھىرىنىڭ

---

① بۇ سۆز بەزى ئەسەرلەردە، شۇۋە تەلەپپۇزى بويىچە «بەيزە» دەپمۇ ئېلىنغان - ت.

ئۇتتۇرىسىدىكى سەرف دېگەن جايغا كەلگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «ئاراڭلاردا قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەنلەر بولسا، ئۇ ئۆمرە قىلسۇن. قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەر ھەج قىلسا بولىدۇ» دېدى.

ھەج قىلغۇچىلار قوشۇنى بىرقانچە ئىنگلىز مىلى كەلگۈدەك دائىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەيلى تاغنىڭ ئۈستىدە بولسۇن، ياكى قاقاس جىلغىنىڭ ئىچىدە بولسۇن، ئۇلار ناماز ئوقۇپ، «لەببەيكە» دەپ توۋلاپ ماڭدى.① بۇ يەرلەردە ئەمدى ھېچقانداق دۈشمەن ئۇلارغا تەھدىت سالالمايتتى. چۈنكى ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كەڭ تارقىلىپ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا مەككىنى فەتھى قىلىش ۋاقتىدا ماڭغان يول بىلەن ماڭدى. ئۇ يېتىپ كېلىپلا، بەنۇشەيبە دەرۋازىسى ئارقىلىق مەككىگە كىردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىملىق ھەجنىڭ مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى مۇندىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نەمۇنە قىلىشنى كۆزدە تۇتتى. مۇسۇلمانلار ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا زۇلھەججە (12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى) مەككىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار بەيتۇللاغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇلئەسۋەدنى سىلاپ سۆيدى. ئاندىن بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى، خۇددى تۇنجى قېتىم ئۆمرە قىلغان چېغىدىكىدەك ئۈچ قېتىم ھەرۋەلە قىلدى. ماقامى ئىبراھىمدا ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ يەنە ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيدى ئاندىن مەسچىتتىن چىقىپ سەفاغا بېرىپ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيي قىلدى.

---

① «لەببەيكە» دەپ توۋلاپ مېڭىش دىنىي چۈشەنچىدە «تەلبىيە ئېيتىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ - ت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئەلى ئىبنى تالىپ يەمەندىن قايتىپ مەككىگە كەلدى. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قۇربانلىقنى ئەلى بىلەن شېرىك قىلدۇ.»

ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، يەنى تۆگە سۇغىرىش كۈنى (يەۋمى تەرۋىيە)، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىناغا باردى. ئۇ يەرگە چېدىر تىكىپ، شۇ كۈنلۈك نامىزىنى ئوقۇپ، ئۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ھەج كۈنى (12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) بامدات نامىزى ۋاقتى بولۇشى ھامان، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قايمال تۆگىسى قۇسۋائغا مىندى. بۇ چاغدا، مەشرىقتىن قىزىل قۇياش ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات تېغىغا قاراپ ماڭدى. مۇسۇلمانلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئەرافاتقا باردى. كۈن پېتىش ۋاقتى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات جىلغىسىغا چۈشۈپ ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا نۇتۇق ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەيىيۇھەنناس! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئېھتىمال، مۇشۇ يىل ئۆتسە، بۇ يەردە سىلەر بىلەن قايتا ئۇچرىشىش بەلكى ماڭا نېسىپ بولماس»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئالدىن سەزگەن بولۇپ، بۇ، ئۇنىڭ ۋىدالىشىش ھەجى ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمات ـ ئەقىدىلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىغا ۋە تەلبىگە چوڭقۇر ئورناشتۇرۇۋېتىشنى ئويلايتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە ئەقىدىلىرى توغرىسىدا سەممىي تەربىيە بېرىپلا قالماستىن، يەنە يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئەخلاق ۋە ئىنسانىي

مۇئامىلە ئۆلچىمى توغرىسىدىمۇ تەلىم بەردى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتقىنى مۇنداق ئاياغلاشتۇردى:
«ئەييۇھەنناس! سىلەر گېپىمنىڭ تېگىگە يېتىڭلار. مەن سىلەرگە (ئاللانىڭ دېگەنلىرىنى) يەتكۈزۈپ بولدۇم. مەن سىلەرگە شۇنداق بىر ئەنگۈشتەر قالدۇردۇمكى، ئەگەر سىلەر شۇنىڭ بويىچە ئىش قىلساڭلارلا، ھەرگىزمۇ ئازغۇنلۇق - زالالەت يولىغا كىرىپ قالمايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللانىڭ كىتابى (كىتابۇللا - قۇرئان كەرىم) بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسى (ھەدىسى رەسۇلۇللا - مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى) دۇر. ئەييۇھەنناس! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئۇنى يەم قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداشتۇر. ھالبۇكى، ھەرقانداق ئادەم ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلمىغان بىر نەرسىسىنى ئېلىۋالماسلىقى لازىم، ئەگەر ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەقدىم قىلغان بولسا، ئۇ باشقا گەپ. سىلەر ئۆزۈڭلەرگە زىيان سالىدىغان، زۇلۇم قىلىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. ئى ئاللا! (سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى) يەتكۈزەلىدىممۇ؟!»
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تۆگىسى قۇسۋائىدىن چۈشۈپ پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن، تۆگىسىگە مىنىپ سۇخراتقا كېلىپ، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا قۇرئان كەرىمنىڭ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.»① دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا، ئەبۇ بەكرى ۋە بەزى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغانلىقىنى

---

① «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، سۈرە مائىدە، 3 - ئايەت 108 - بەت.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

پەملەپ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەرافاتتىن يېنىپ، مۇزدەلىفەدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، بۇ يەردە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى. ئەتىسى بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇدى. ئاندىن تۆگىسىگە مىندى. بىلال تۆگىنى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇسامە بىر پارچە رەختنى سايىۋەن قىلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مىنا جىلغىسىغا بېرىپ ئۈچ تۈۋرۈك بار يەردە يەتتە دانە تاش بىلەن شەيتاننى چالما - كېسەك قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنى خاتىرىلىدى. سەۋەبى ئۆز زامانىسىدا، ئىبراھىم ئەلەيھسسالام مۇشۇ جايدا، ئۆزىگە ئۈچ قېتىم توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان شەيتانغا تاش ئاتقانىكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاتمىش ئۈچ نەپەر گەردە (قۇل، بەندە) نى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۆز قولى بىلەن ئاتمىش ئۈچ تۆگىنى بوغۇزلىدى. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپقا تۆگىنىڭ گۆش ۋە تېرىلىرىنى كەمبەغەل ھاجىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. مۇئامىر ئىبنى ئابد پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ دەسلەپ ئوڭ تەرەپنى، ئاندىن سول تەرەپنى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بەيتۇللانى يەنە بىر قېتىم تاۋاپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سەقايە ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان تاغىسى ئاббاس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بىر نوگاي زەمزەم سۈيى تۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھاجىلار قوشۇنىنى باشلاپ ئانا يۇرتى مەككىدىن ئايرىلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يېقىنلاشقان چاغدا: «ئاللا ئەڭ بۈيۈكتۇر! ئاللادىن بۆلەك ئىلاھ يوقتۇر! ئاللا شېرىكسىز يېگانىدۇر! ئۇ ھەممىگە قادىر ئەڭ كاتتا خوجايىندۇر! ھەمدۇ سانالار ئاللاغىلا خاستۇر. ئۇ (ئاللا) دىگىنىنى ئەمەلدە

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكۈچى ، بەندىلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلغۇچىدۇر . ھەرقانداق بىرلەشمە كۈچنى مەغلۇپ قىلىشقا ئۇنىڭ ئۆزىلا يېتىدۇ . » دەپ توۋلاپ تەنتەنە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەج ئاياغلاشتى . مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەج قىلىشى ھېسابلىنىدۇ .

## ئون تۆتىنچى باب

# بەيتۇللا نامازىنىڭ قىبلىسى

### 1§ . ناماز ئوقۇش

ئاللادىن ئىبارەت بىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشتىن باشقا ، ناماز ۋە ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان تەرەت (بەدەننى پاكىزلاش) ئىسلام دىنىدىكى قانۇنىي (شەرئەت بەلگىلىگەن) پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ . تەبەرى مۇنداق دەيدۇ : «ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىقرار بولۇپ (دىنىي تەۋھىد ئەمەلگە ئاشقان) ، بۇتلار چىقىپ تاشلانغاندىن كېيىن ، ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئاللانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز قىلىپ تاپشۇرغان بىرىنچى ئىشى ناماز ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىدى . »

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە تۇرغان ۋاقتىدا ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدىلا ، بىر ئويمان جايغا دەسسىگەندى ، بۇلدۇقلاپ سۇ چىقتى . جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ سۇ بىلەن تەرەت ئالدى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ياندا تۇرۇپ نامازغا قانداق تەرەت ئېلىشنى كۆرۈپ ئۆگەندى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى دوراپ تەرەت ئالدى . جىبرىئىل ناماز ئوقۇدى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى . ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەتتى ①

---

① ئىبنى ھىشام : «پەيغەمبەر تەرجىمھالى » (ئەرەبچە) 1 ـ توم ، 260 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە قايتتى. خەدىچە ئۆيدە ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەدىچەنىڭ ئالدىدىلا تەرەت ئېلىپ، ئۇنىڭغا نامازدىن بۇرۇن قانداق تەرەت ئېلىشنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەدىچەمۇ تەرەت ئېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئاندىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ناماز ئوقۇدى. خەدىچەمۇ ناماز ئوقۇدى.

كېيىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. شۇ چاغدا، ئەلى ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئەسلى ئەلىنىڭ دادىسى ئەبۇ تالىبنىڭ بالا - چاقىلىرى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغلاردا قۇرەيش قەبىلىسى ئېغىر كىرىزىس ئىچىدە قالغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ئائىلە يۈكىنى يەڭگىللىتىش غەرىزىدە ئەلىنى بېقىۋالغانىدى. ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خەدىچەنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئەجەبلەندى. ئۇ ئىككىيلەن نامازدىن فارىغ تاپقاندىن كېيىن، ئەلى ئۇلاردىن سەجدە قىلىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق قىلىشى ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئاللاغا بولغان چوقۇنۇشنى ئىپادىلەش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنىڭدەك ئاللانىڭ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرى قىلىپ تاللىغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنى ئاللاتائالانىڭ ئىبادىتىگە چاقىرىق قىلىش ھەققىدە ئەمر چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ نەۋرە ئىنىسىنى بىردىنبىر ئاللاغا سەجدە قىلىشقا، ئىسلام دىنىغا كىرىپ، بۇتپەرەسلىكتىن ئادا - جۇدا بولۇشقا چاقىردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرنەچچىنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەندە، ئەلى ئاڭلاپ بۇ ئايەتلەرنىڭ قالتىس ئىسسىللىقنى

ھېس قىلدى ھەمدە مۇسۇلمان بولۇش مەسىلىسىدە دادىسى ئەبۇ تالىبنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە بىر ئاز ۋاقىت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىدىن بۇ ئىش توغرىسىدا ھېچ كىشىگە تىنماسلىقنى تەلەپ قىلدى. شۇ كېچىسى، چوڭقۇر ئوي - پىكىرگە چۆمۈلگەن ئەلى ئۇخلىيالماي ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تاڭنى ئاتقۇزدى. تاڭ سەھەردە، ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

## §2. ئىسرا ۋە مىراج ①

ئاللانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كېچىدىلا مەسچىتى ھەرەمدىن ئىسرا قىلىپ، ئېروسالىمدىكى مەسچىتى ئەقسا (بەيتۇلمۇقەددەس) غا بېرىپ كەلدى. شۇ چاغدا، ئىسلام دىنى مەككىدىكى قۇرەيشلەر ۋە باشقا ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا قىلىشىغا ئاقىللىقىنىڭ سەمىمىي ئىبرىتى، سادىق ۋە راستچىللىقىنىڭ ھىدايىتى، رەھمىتى ۋە رىغبىتى مۇجەسسەملەشكەنىدى. ئۇ ئاللانىڭ ئەمرىگە شەك كەلتۈرمەيتتى. ئاللانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسرا قىلىش ھەققىدە ئەمر قىلىشى ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا ئاللا ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش، ئاللانىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك ۋە تەڭداشسىز، قىلىمەن دېگىنىنى

---

① ئىسرا - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇرۇپ بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرەمدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلگەنلىكى ئىدى. مىراج بولسا، رەسۇلۇللانىڭ شۇ كېچىدە ئاسمانغا چىقىپ، روھىي ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقى ئىدى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 104 - بەت.

قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىسراسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «مەن ھەتىمدە ①خاۋالىق ئۇيقۇدا ياتاتتىم (تۇساتتىن) بىر ئادەم كەلدى. ئۇ مېنىڭ كۆكسۈمنى يېرىپ، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئالدى. ئاندىن لىپمۇ لىق ئىمان توشقۇزۇلغان بىر ئالتۇن قۇتىنى كەلتۈردى. ئاندىن، مېنىڭ يۈرىكىمنى (ئۇنىڭ بىلەن) يۇيۇپ يەنە جايىغا سېلىپ قويدى. ئارقىدىن، كۆكرىكىمنى يەملەپ ئەسلىدىكى ھالىغا كەلتۈردى. بۇ چاغدا، بىر ئاق رەڭلىك، ئېشەكتىن چوڭراق، خېچىردىن چاغراق بىر ھايۋان كەلدى. قارىسام ئۇ بىر دۇلدۇل ئىكەن. دۇلدۇل مېنىڭ ئالدىمغىلا كېلىپ چۆكتى. مەن ئۇنىڭغا مىندىم.

جىبرىئىل مېنى باشلاپ بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئاسمان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇنى قاقتى.

ـ كىم؟ ـ دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن سورىدى بىراۋ.

ـ جىبرىئىل.

ـ سەن بىلەن بىللە كەلگەن كىم ئۇ؟

ـ مۇھەممەد.

ـ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ؟

ـ ھەئە.

ـ مەرھابا! ئۇ تازا ۋاقتىدا كەلدى! ـ دېدى ھېلىقى كىشى، ئىشىك ئېچىلدى. بىز ئۇنىڭدىن كىردۇق. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئالدىمىزدا ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇرۇپتۇ. جىبرىئىل ماڭا: «مانا بۇ سېنىڭ داداڭ ئادەم» دېدى. جىبرىئىل ئادەمگە ئېھتىرام بىلدۈردى، مەنمۇ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. ئادەم ئەلەيھىسسالام سالىمىمىزنى ئىلىك ئالدى ۋە ئارقىدىنلا: «مەرھابا،

---

① ھەتىم ـ بەيتۇللانىڭ سىرتىدىكى پاكار تام.

سالىھ (مۇنەۋۋەر ؛ ئاقكۆڭۈل) ئوغلان ۋە سالىھ پەيغەمبەر. » دېدى.
شۇ گەپتىن كېيىن، جىبرىئىل مېنى ئىككىنچى ئاسمانغا باشلاپ چىقتى. جىبرىئىل بېرىپ دەرۋازىنى قاقتى:
- كىم ؟ - بىراۋ سورىدى.
- مەن جىبرىئىل بولىمەن.
- ھەمراھىڭ كىم بولىدۇ ؟
- مۇھەممەد.
- ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ ؟
- ھەئە.
- مەرھابا ! ئەجەبمۇ ۋاقتىدا كەلدىغۇ، ئۇ، - دېدى ھېلىقى ئاۋاز. ئارقىدىنلا دەرۋازا ئېچىلدى. بىز دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگىنىمىزدە، ئالدىمىزدا ھاممامنىڭ ئىككى ئوغلى يەھيا بىلەن ئىيسا تۇراتتى. جىبرىئىل ماڭا: «بۇلار يەھيا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولىدۇ» دېدى. جىبرىئىل ئۇلارغا سالام قىلدى. مەنمۇ سالام بەردىم. ئۇلار سالامىمىزنى ئىلىك ئالدى ۋە ئارقىدىنلار: «مەرھابا، سالىھ قېرىندىشىمىز، مەرھابا، سالىھ پەيغەمبەر» دېدى. ئاندىن، جىبرىئىل مېنى ئۈچىنچى ئاسمانغا باشلاپ چىقتى. جىبرىئىل دەرۋازىنى قاقتى:
- كىم ؟ - سورىدى دەرۋازا ئىچىدىن بىراۋ.
- مەن جىبرىئىل.
- يېنىڭدىكى كىم ئۇ ؟
- مۇھەممەد.
- ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ ؟
- ھەئە.
- مەرھابا ! نېمىدېگەن ياخشى ۋاقىتتا كەلدى ئۇ ھە ؟! - دېدى ھېلىقى ئاۋاز. دەرۋازا ئېچىلدى. بىز كىرىپ كەلدۇق.

www.uyghurkitap.com

تۇساتتىن ، ئالدىمىزدىلا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم . جىبرىئىل ماڭا : «بۇ يۇسۇپ» دېدى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى . مەنمۇ سالام قىلدىم . ئۇ بىزگىمۇ سالام قايتۇردى . ئارقىدىن : «مەرھابا سالىھ قېرىندىشىم ، (مەرھابا) سالىھ پەيغەمبەر» دېدى . ئاندىن ، جىبرىئىل مېنى تۆتىنچى ئاسمانغا باشلاپ چىقتى . ئۇ ئاسمان دەرۋازىسىنى قېقىۋېدى ، ئىچىدىن بىراۋنىڭ ئاۋازى چىقتى :

ـ كىم ؟

ـ مەن جىبرىئىل .

ـ سەن بىلەن بىللە كەلگەن كىشى كىم ئۇ ؟

ـ مۇھەممەد .

ـ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ ؟

ـ ھەئە .

ـ مەرھابا ، ئۇنىڭ قۇتلۇق قەدىمىگە ! ـ دېدى ھېلىقى كىشى . ئارقىدىنلا ، دەرۋازا ئېچىلدى . بىز كىرىپ كەلدۇق . ئالدىمىزدا ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تۇراتتى . جىبرىئىل : «بۇ ئىدرىس ئەلەيھىسسام» دېدى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى . مەنمۇ سالام قىلدىم . ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بىزگىمۇ سالام قايتۇردى ۋە ئارقىدىنلا : «مەرھابا ، سالىھ قېرىندىشىم ، (مەرھابا) سالىھ پەيغەمبەر» دېدى . جىبرىئىل مېنى بەشىنچى ئاسمانغا باشلاپ چىقتى . ئۇ دەرۋازىنى قېقىۋېدى . ئىچىدىن بىراۋنىڭ سورىغا ئاۋازى چىقتى :

ـ كىم ؟

ـ مەن جىبرىئىل .

ـ يېنىڭدىكى كىم ئۇ ؟

ـ مۇھەممەد .

ـ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ ؟
ـ ھەئە .
ـ مەرھابا ، ئۇنىڭ مۇبارەت قەدىمىگە ! ـ دېدى ئۇ كىشى . ئارقىدىنلا دەرۋازا ئېچىلدى . بىز كىرىپ كەلدۇق . كىرىپلا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى كۆردۇق . جىبرىئىل : «بۇ ھارۇن ئەلەيھىسسالام» دېدى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلدى . مەنمۇ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم . ھارۇن ئەلەيھىسسالام سالام قايتۇرغاندىن كېيىن ، «مەرھابا ، سالىھ قېرىندىشىم ، (مەرھابا) سالىھ پەيغەمبەر» دېدى . جىبرىئىل مېنى ئالتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى . ئۇ ئاسمان دەرۋازىسىنى قېقىۋېدى ، دەرۋازا ئىچىدىن بىراۋنىڭ سورىغان ئاۋازى چىقتى :
ـ كىم ؟
ـ مەن جىبرىئىل .
ـ قېشىڭدىكى كىم ئۇ ؟
ـ مۇھەممەد .
ـ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ ؟
ـ ھەئە .
ـ مەرھابا ، ئۇنىڭ قۇتلۇق قەدىمىگە ! ـ دېدى ھېلىقى ئاۋاز ۋە شۇئان دەرۋازا ئېچىلدى . بىز دەرۋازىدىن كىردۇق . قارىساق ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالدىمىزدىلا تۇرۇپتۇ . جىبرىئىل : «بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام» دېدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى . مەنمۇ سالام بەردىم . مۇسا ئەلەيھىسسالام بىزگىمۇ سالام قايتۇردى ، ئارقىدىنلا :«مەرھابا ، سالىھ قېرىندىشىم ، (مەرھابا) ، سالىھ پەيغەمبەر» دېدى . مەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشۈمگىلا ئۇ يىغلاپ كەتتى .
ـ نېمىگە يىغلايسەن ؟ ـ بىراۋ سورىدى .

- مەندىن كېيىن (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتىلگەن بىر ياشنىڭ ئۈممەتلىرىدىن جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ مېنىڭ ئۈممەتلىرىمدىن جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن كۆپ بولىدىغانلىقىغا يىغلايمەن، - دېدى مۇسا.

ئاندىن، جىبرىئىل مېنى يەتتىنچى ئاسمانغا باشلاپ چىقتى. ئۇ بىرىپ ئاسمان دەرۋازىسىنى قېقىۋېدى، دەرۋازا ئىچىدىن بىرەيلەن «كىم» دەپ سورىدى.

- مەن جىبرىئىل، - دەپ جاۋاب بەردى جىبرىئىل.

- سەن بىلەن بىرگە كەلگەن كىشى كىم ئۇ؟

- مۇھەممەد.

- ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ؟

- ھەئە.

- مەرھابا، ئۇ خويما بەلەن چاغدا كەلدى!

شۇ گەپ بىلەن تەڭ دەرۋازا ئېچىلدى. بىز كىرىپ كەلدۇق. قارىساق، ئالدىمىزدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرۇپتۇ. جىبرىئىل ماڭا: «بۇ كىشى سېنىڭ داداڭ ئىبراھىم بولىدۇ» دېدى. جىبرىئىل ئۇنىڭغا سالام بەردى. مەنمۇ سالام قىلدىم. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالىمىمىزغا سالام قايتۇرغاندىن كېيىن: «مەرھابا، سالىھ ئوغلۇم، (مەرھابا)، سالىھ پەيغەمبەر» دېدى.

ئەڭ ئاخىرىدا سىدرە تۇلمۇنتەھاغا باردۇق. سىدرەتۇلمۇنتەھا ئېگىزلىكى ۋە چوڭلۇقىنىڭ چېكى يوق ياۋا چىلان دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋە (چىلان) لىرىنىڭ چوڭلۇقى تۆگىنىڭ بېشىدەك، يوپۇرماقلىرىنىڭ چوڭلۇقى پىلنىڭ قۇلىقىدەك كېلەتتى. جىبرىئىل ماڭا: «مانا بۇ سىدرەتۇلمۇنتەھا» دېدى. (ئاندىن) كۆز ئالدىمىزدا تۆت دەريا نامايان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى باتىنەن (يەنى يېپىق)، ئىككىسى زاھىرەن (يەنى ئوچۇق)

ئىدى. مەن جىبرىئىلدىن: «ئى جىبرىئىل، بۇلار نېمىدۇر ؟» دەپ سورىدىم. جىبرىئىل: «يېپىق تۇرغانلىرى جەننەتتىكى ئىككى دەريادۇر. ئاۋۇ ئوچۇق تۇرغانلىرى بولسا، نىل دەرياسى بىلەن فۇرات دەرياسىدۇر» دېدى. ئاندىن، بەيتۇلمەمۇرغا ئۆرلىدۇق. ئۇ يەردە، ماڭا بىر كاسا هاراق، بىر قاچا سۈت ۋە بىر قاچىدا هەسەل كەلتۈرۈلدى. مەن (ئۇ كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن) سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل ماڭا: «ئۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ ئۈممەتلىرىڭنىڭ تەبىئىتىدۇر» دېدى.

ئاندىن، (ئاللا) ماڭا (ۋە ئۈممەتلىرىمگە) كۈنىگە ئەللىك ۋاخ ناماز پەرز قىلدى. مەن قايتتىم. ماڭا مۇسا ئەلەيهىسسالام ئۇچرىدى. ئۇ مەندىن: «ئاللا ساڭا نېمە بۇيرۇدى ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بىر كېچە - كۈندۈزدە ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇشنى بۇيرۇدى» دەپ جاۋاب بەردىم. مۇسا ئەلەيهىسسالام: «ئۈممەتلىرىڭ كۈنىگە ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بۇرۇن مەن ئاللا بىلەن بۇ ئىشنى سىناق قىلغان. مەن بەنى ئىسرائىلنىڭ راسا ئەدىبىنى بەرگەنىدىم. سەن رەببىڭنىڭ هۇزۇرىغا بېرىپ، ئۈممەتلىرىڭگە پەرز قىلىنغان نامازنىڭ ۋاخ سانىنى ئازايتىپ بېرىشنى تەلەپ قىل» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئاللانىڭ ئالدىغا بېرىپ، تىلىكىمنى ئېيتتىم. ئاللا نامازنىڭ ۋاخ سانىنى قىسقارتىپ، ئون ۋاخقا كەلتۈرۈپ بەردى. قايتىشىمدا، يەنە مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ: «بۇ قېتىم ئاللا ساڭا نېمە بۇيرۇدى ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئون ۋاخ ناماز ئوقۇشنى بۇيرۇدى» دەپ جاۋاب بەردىم. ۋەهالەنكى، مۇسا ئەلەيهىسسالام بۇنى يەنىلا جىق كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، ماڭا مۇسا ئەلەيهىسسالام بىلەن رەببىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم قاتناشقا توغرا كەلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا

بۇيرۇلدۇم. قايتىپ چىقىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ ماڭا: «بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى سىنىڭ ئۈممەتلىرىڭ بەجا كەلتۈرەلمەيدۇ. سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم كىرگىن - دە، ئۈممەتلىرىڭگە پەرز قىلىنغان نامازنىڭ ۋاخ سانىنى يەنىمۇ ئازايتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىل» دېدى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «رەببىمنىڭ ئالدىغا تىلەك بىلەن كۆپ كىرىپ كەتتىم. يەنە كىرىشكە يۈزۈم چىدىمايدۇ. ھالبۇكى، مەن مۇشۇ ئەمر ئۈچۈن مەمنۇنمەن. مەن بەش ۋاخ ناماز پەرزىنى رازى رىزالىق بىلەن قوبۇل قىلدىم» دېدىم. شۇ گەپتىن كېيىن، مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، بىراۋنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېگەنلىكى ئاڭلاندى: «پەرزىمنى ئادا قىلدىڭ. ئابىد (يەنى ئىبادەت قىلغۇچى) لىرىمنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتىڭ!»

ئەتىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كەلدى. بەيتۇللادا مەجلىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسرا ۋە مىراج قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. ئارىدىن بىرەيلەن قوپۇپ: «ئاللا بىلەن قەسەمكى، بۇ سېپى ئۆزىدىن تۇترۇقسىز گەپ. كارۋان كېچە دېمەي، كۈندۈز دېمەي ماڭسىمۇ، مەككىدىن شامغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. مۇھەممەدنىڭ مەككىدىن ئېروسالىمغا بىر كېچىدىلا بېرىپ كەلگىنى قانداق گەپ؟» دېدى. كېيىن، بەزىلەر ئەبۇ بەكرىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ بەكرى! سەن دوستۇڭ مۇھەممەدكە ئىشىنەمسەن؟ ئۇ ئۆزىچە تۈنۈگۈن كېچىدە بەيتۇلمۇقەددەسكە باردىم، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن مەككىگە قايتىپ كەلدىم دەپ يۈرىدۇ» دېدى. ئەبۇ بەكرى: «سىلەر ئۇنىڭ گېپىگە چىمپۇتمىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار:

«شۇنداق. بىراق، ئۇ بۇ گەپلەرنى مەسچىتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئېيتتى» دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ سىلەرگە شۇنداق دېگەن بولسا، بۇ چوقۇم شۇنداق گەپ. بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇ ماڭا ئاللاتائالانىڭ ۋەھىيسىنى ئاسماندىن زېمىنگە ئېلىپ چۈشۈش ئۈچۈن، مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، پەقەت بىر سائەت ۋاقىتلا كېتىدۇ دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ شۇ گېپىگە چىنپۈتكەنىدىم. ھالبۇكى، بۇ گەپ ئۇنىڭ سىلەرگە بۇ نۆۋەت سۆزلەپ بەرگىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئاجايىپ ئەمەسمۇ، ئاخىر؟» دېدى. شۇ گەپتىن كېيىن ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «ئى رەسۇلۇللا! سېنىڭ ئۇلارغا بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ئېرۇسالىمغا بېرىپ كەلدىم دېگىنىڭ راستمۇ؟» دەپ سورىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ بەكرى: «ئى رەسۇلۇللا! مەن ئېروسالىمغا بارغانمەن. سەن ئۇ يەرنى بىر تەسۋىرلەپ باقساڭ قانداق؟» دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئېروسالىمدا كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قايسى جاي ۋە نېمە ئەھۋالنى سۆزلىسە، ئەبۇ بەكرى توختىماي باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپ، «ئەشھەدۇ ئەننەكە رەسۇلۇللا» (شاھادەت ئېيتىمەنكى، سەن ئاللانىڭ پەيغەمبىرىسەن) دەپ ئولتۇردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى يەنە: «سېنىڭ ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە تېخىمۇ ئىشەندىم» دېدى. بۇ چاغدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىگە: «ئى ئەبۇ بەكرى! سەن سىددىق (سەممىي، سادىق، راستچىل، ئادىل) سەن!» دېدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## § 3 . بەيتۇللا مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدا يۈزلىنىدىغان قىبلىسى

ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ، مۇسۇلمانلار شەرق ، غەرب دېمەي ، ئۆزلىرى ئىختىيار قىلغان بىر تەرەپكە قاراپ (يۈزلىنىپ) ناماز ئوقۇۋېرەتتى . ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن : «مەشرىقمۇ ، مەغرىبمۇ (پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللانىڭدۇر ، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ ، ئۇ ئاللانىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى) دۇر . ئاللا (نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر ، (ئاللا) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ①

ئاللاتائالا بەيتۇللانى مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز قىبلىسى قىلىش ھەققىدە ئەمر چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن ، مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار ئىزچىل ھالدا بەيتۇلمۇقەددەس (ئېروسالىم) تەرەپكە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇيتتى . ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن : «بىز سېنىڭ (بەيتۇللا قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز . سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز . (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن . (ئى مۆمىنلەر !) قەيەردە بولماڭلار ، (نامازدا) يۈزۈڭلەرنى مەسجىتى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار ②

ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن : «كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار) گە سىلەرگە قارشى دەلىل - ئىسپات بولماسلىقى ئۈچۈن ، (ئى مۇھەممەد ! سەپەر قىلىشقا) قەيەردىن چىقمىغىن ، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن . (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرمۇ قەيەردە بولماڭلار ، (نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلەرنى

---

① «قۇرئان كەرىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە بەقەرە ، 144 - 115 - ئايەت . »

② «قۇرئان كەرىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 150 - ئايەت ، 19 - ، 23 - بەت .

مەسچىتدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار . پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ) ، ئۇلار (يەنى زالىملار) دىن قورقماڭلار ، (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار . (قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمر قىلىشىم) سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ۋە توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر» ①

قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن بەيتۇللاغا ئۆزگەرتىلىشى يەھۇدىيلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلاربەزى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى . شۇڭائاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «بەزى ئەخمەق كىشىلەر: ‹ئۇلارنى (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە مۆمىنلەرنى) يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن(يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن)نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ ؟ ›دەيدۇ . (ئى مۇھەممەد !)ئېيتقىنكى ، ‹مەشرىق‌ۋەمەغرىب(يەنى ھەممە تەرەپ) ئاللانىڭدۇر ، ئاللا خالىغان كىشىنى‌توغرايولغا باشلايدۇ ›. شۇنىڭدەك(يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلارئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن ، بىز سىلەرنى ياخشى‌ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان تەرەپنى(يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى)قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللا ھىدايەت‌قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ(يەنى‌قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر.» ②

---

① «قۇرئان كەرىم» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 150 - ئايەت ، 24 - بەت .

② «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 23 - بەت ، سۈرە بەقەرە، 142 - ئايەت ۋە 143 - ئايەتتىن .

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئون بەشنچى باب

# ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللانى قايتىدىن ياسىتىشى

### § 1 . بەيتۇللانىڭ ۋەيران قىلىنىشى

يېزىدنىڭ دادىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سوفيان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلىپىلىك تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئەسلىدىكى كېڭەش ئارقىلىق سايلاش تۈزۈمى خەلىپىلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان مىراسخورلۇق تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. نەتىجىدە، يېزىد دادىسىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ ئۈنجى خەلىپىسى بولدى. ھۆسەيىن ئىبنى ئەلى بىلەن ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير مۇنداق ئىسلاھاتقا ئۆزلىرىنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خەلىپە يېزىد ئىبنى مۇئاۋىيە مەدىنە ۋالىيسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھۆسەيىن بىلەن ئىبنى زۇبەيرنى ئۆزىگە بەيئەت قىلىشقا بېسىم قىلدۇردى. ئەينى زاماندا، ھۆسەيىن بىلەن ئىبنى زۇبەير مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ كاتتا داھىيلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلار يېزىدكە بەيئەت قىلىشنى رەت قىلىپ، مەككىگە كەتتى. ئىبنى زۇبەير شۇ چاغدىكى مەككىنىڭ خۇددى ئۆز زامانىسىدىكى مەدىنىگە ئوخشاش بىخەتەر ۋە تېنچ جاي ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ھېسداشلىقى ۋە مەدەنىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، مەككىدىكى كىشىلەرگە: «مەن بەيتۇللانىڭ پاناھىدىكى ئادەم» دېدى.

ئىبنى زۇبەير بەيتۇللانىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى

«بەيتۇللانىڭ پاناھىدىكى ئادەم» دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ بەيتۇللانىڭ ئەتراپىدا كېچە - كۈندۈز ناماز ئوقۇپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سەجدىدە تۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن دۇئا قىلىپ، ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ يۈردى. شۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭ تەقۋادارلىقىغا ۋە قەيسەرلىكىگە بەكمۇ قايىل بولۇشتى. ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللا ئەتراپىدىكى پائالىيىتى ئۇنى بەيتۇللانى زىيارەت قىلىشقا ۋە ئۆمرە ئەركانلىرىنى ئادا قىلىشقا كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن كەڭ - كۆلەمدە ئۇچرىشىش، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە، ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يېزىدكە ۋە ئۇمەۋىييە سۇلالىسىغا قارشى غەزەپلىك كەيپىيات پەيدا قىلدى.

ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ پائالىيىتى كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى دەرھال قەتئىي تەدبىر قوللانمىغاندا، ئەھۋال ئېغىرلىشىپ يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالىدۇ، دەپ ھېسابلىدى - دە، ھۇسەيىن ئىبنى نۇمەير قوماندانلىقىدىكى زور بىر قوشۇننى بەيتۇللاغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئىبنى زۇبەيرنى يوقىتىشنى قەستلىدى. ئىبنى زۇبەير ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى مەككىدىكى كۈزىتىش مۇنارىسىغا بولغان مۇداپىئەنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، بەيتۇللانىمۇ قاتمۇقات مۇداپىئە لىنىيىسى ئىچىگە ئالدى. ئۇمەۋىييە قوشۇنىنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن بەيتۇللا ۋە مەككىگە ھۇجۇم قىلىشى پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

ئۇمەۋىييە قوشۇنى ئىبنى زۇبەيرنى بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قورشىۋالدى. ھۇسەيىن مەنجانىق (تاش ئاتقۇ) بىلەن بەيتۇللانى تاشقا تۇتقانلىقى ئۈچۈن بەيتۇللانىڭ نۇرغۇن جايلىرى چېقىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. كېيىن، بەيتۇللا بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىگە

ئۇچراپ، قالغان جايلىرىمۇ كۆيۈپ تۈگەيدۇ.

ئىبنى زۇبەير ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بەيتۇللانىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۇمەۋىييە قوشۇنىغا ئارتىسمۇ، ئۇمەۋىييەلەر يەنىلا ئىبنى زۇبەيرنى بەيتۇللانىڭ ۋەيران بولۇشىدىكى ھەقىقىي ئەيىبكار، دەپ جاكارلىدى. ۋەھالەنكى، جاۋابكار زادى كىم بولۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلىدە تارىخچىلارنىڭمۇ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس.

تارىخشۇناس مەسئۇدى بۇ ئىشقا شام قوشۇنى (ئۇمەۋىييە قوشۇنى) جاۋابكار بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ ھەمدە شام قوشۇنىنى بەيتۇللانى ۋەيران قىلغان ۋە كۆيدۈرگەن جىنايەتچى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ شۇ ۋەقەنى بايان قىلغىنىدا: «شام قوشۇنى نۇرغۇن مەنجاناق ۋە قونداقلىق ئوقيا ئارقىلىق بەيتۇللاغا تاش، نېفىت، كەندىر كېپىكى قاتارلىق كۆيدۈرگۈچ نەرسىلەرنى ئاتقان. شۇنىڭ بىلەن، بەيتۇللا ئۆرۈلۈپ، پۈتكۈل ئىمارەتكە ئوت كەتكەن» دەيدۇ. ئۇندىن باشقا يەئقۇبى، ئىبنى ئەساكىر ۋە ئىبنى تەباتەبالارمۇ گۇناھنى شام ئەسكەرلىرىگە ئارتىدۇ.

ئىبنى زۇبەير قوشۇنىنى ئەيىبلەيدىغان تارىخچىلارنىڭ بىرى بولغان تەبەرىنىڭ قارىشى مۇنداق: ئىبنى زۇبەيرنىڭ ھەمشىرىكلىرى بەيتۇللا ئەتراپىغا گۈلخان ياققان، بۇ گۈلخاندىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى بەيتۇللانىڭ ياغاچلىرىغا تۇتىشىپ كېتىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىۋەتكەن. تارىخشۇناس بەلا زۇرى بەيتۇللاغا ئوت كېتىش ۋە قەسنى ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارايدۇ. بىراق، تەبەرىمۇ، بەلازۇرىمۇ سەۋەبنى سۈرۈشتۈرۈش نۇقتىسىدىنلا جاۋابكارلىقنى ئىبنى زۇبەير قوشۇنىغا ئارتىدۇ. ئۇ ئىككىيلەننىڭ قارىشىچە، ئىبنى زۇبەيرنىڭ قوشۇنى

بەيتۇللانىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە جاۋابكار؛ بەيتۇللانىڭ چېقىلىپ ۋەيران بولۇشىغا، ئۇنىڭغا مەنچاناق بىلەن تاش ئاتقان شام قوشۇنى جاۋابكاردۇر.

بەزەن تارىخشۇناسلار بۇ مەسىلىدە بىتەرەپ سەيداندا تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى ئەسىر بەيتۇللانىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە دائىر مۇنداق ئىككى رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىدە بەزىلەرنىڭ: «بەيتۇللانى كۆيدۈرۈۋەتكەن نەرسە شام قوشۇنلىرى ئاتقان قىزدۇرۇلغان تاشلار» دەپ ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. يەنە بىرىدە بولسا، بەزىلەرنىڭ «بەيتۇللاغا ئوت كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىبنى زۇبەير تەرەپدىكىلەر بەيتۇللا ئەتراپىغا گۇلخان ياققان، گۇلخاندىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئۇچقۇنلىرى شامالدا ئۇچۇپ بەيتۇللانىڭ ياغاچلىرىغا تۇتىشىپ كېتىپ ئۇنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن» دەيدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بىراق، ئىبنى ئەسىر بىرىنچى خىل رىۋايەتنى ياقلايدۇ.

ئىبنى كەسىر بۇ ھەقتىكى ئۈچ خىل رىۋايەتنى بايان قىلغان. بىراق، ئۆزىنىڭ بۇلارنىڭ قايسىبىرىگە مايىل ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلمىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھىجرىيىنىڭ 64 - يىلى رەبىئولئەۋۋەل (3 - ئاي) نىڭ 3 - كۈنى، شەنبە، بەزى كىشىلەر تاش ئاتىدىغان قونداقلىق ئوقيا ئارقىلىق چوغ كومۇلاچلىرىنى ئېتىپ، بەيتۇللانىڭ قۇدۇق تېمى (ھويلا تېمى) نى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەسچىت ئىچىدىكى كىشىلەر بەيتۇللانى چۆرىدەپ گۇلخان ياققان چاغ بولۇپ، ئوت ئۇلغىيىپ كېتىپ، بەيتۇللانىڭ ياغاچلىرىغا تۇتىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بەيتۇللا كۆيۈپ كەتكەن. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: قولنى كۆزگە تىقىۋەتسىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ بىر كېچىدە، ئىبنى زۇبەير مەككە ئەتراپىدىكى بىرقانچە تاغنىڭ ئۈستىدىن ‹ ئاللا ئەك

بۇيۇكتۇر ! 〉دېگەن سادانىڭ ياڭرىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، خاتا هالدا شام ئەسكەرلىرى هۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ①
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىكلىرى نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىغا مەشئەل بېكىتىپ، مەشئەلنىڭ يورۇقىدا تاغ ئۈستىدىكى كىشىلەرنى پەرق ئەتمەكچى بوپتۇ. ئۇلار مەشئەللەرنىڭ بىر بۆلىكىنى بەيتۇللانىڭ ياغاچلىرىغا ئېسىپ قويغانىكەن، بەيتۇللاغا ئوت تۇتىشىپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە، بەيتۇللانىڭ بىر تېمى قاپقارا بولۇپ كېتىپتۇ، قالغان ئۈچ تېمى بولسا، ئوتنىڭ تەسىرىدىن چاك كېتىپتۇ.»

ئۆمەرىگە كەلسەك، ئۇ ئىبنى زۇبەيرنىمۇ ئەيىبلىمەيدۇ، ئۇ ـ مەۋبىيلەرنىمۇ جاۋابكارلىقتا تارتمايدۇ. ئۇ بەيتۇللاغا ئوت كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئايال بەيتۇللادا ئىسرىقدانغا ئوت ياقماقچى بولغانىكەن، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت ئۇچقۇنى چاچراپ كېتىپ بەيتۇللانىڭ يوپۇقىغا ئوت تۇتىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل بەيتۇللاغا ئوت كەتكەنىكەن.»

تارىخشۇناسلار بىزدىن ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللاغا ئوت كېتىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى بايانىنى ئاياپ قالغان. ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دەيدۇ: يېزىد ئۆلگەندىن كېيىن، ھۇسەين ئىبنى نۇمەير ئىبنى زۇبەيردىن شام قوشۇنىنىڭ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ چاغدا ئىبنى زۇبەير ئۇنىڭغا: سىلەر بەيتۇللاغا بىر دۆۋە ئەخلەتنى قالدۇرۇشنىلا ئويلامسىلەر؟ مەنجانىق ۋە قونداقلىق ئوقيالار بىلەن ئېتىلغان تاشلار بەيتۇللانىڭ بىر بۇرجىكىنى چېقىپ ئۆرۈۋەتتى، كۆيدۈرگۈچ نەرسىلەر تېگىپ

① ئەرەبلەر ئۇرۇشتا هۇجۇمغا ئۆتسە «ئاللاهۇ ئەكبەر!» دەپ توۋلاپ ماڭىدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى .

بىز كۆز قاراش جەھەتتە ، مەنچاناق ۋە قونداقلىق ئوقيالار ئارقىلىق ئېتىلغان قىزدۇرۇلغان تاشلار بەيتۇللاغا تەگكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئوت كەتكەن دېگەن قاراشقا مايىلمىز .

§ 2 . ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللانى قايتىدىن ياسىتىشى

خەلىپە يېزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ئۆلگەندىن كېيىن ، ھۇسەيىن ئىبنى نۇمەير ئۇمەۋىيە قوشۇنىنى ئېلىپ كۆپ قىسمى ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن بەيتۇللانى تاشلاپ شامغا كەتتى . بەيتۇللانى قايتىدىن ياساش ئىشى تارىخىي يوسۇندا ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ زىممىسىگە چۈشتى . بۇ چاغدا ، ئۇ ئۆزىنى ھىجازنىڭ خەلىپىسى دەپ جاكارلىدى ھەمدە بەيتۇللانىڭ ساق قالغان جايلىرىنىمۇ چېقىپ تاشلاپ ، ئۇنى قايتىدىن ياساتتى . بەيتۇللانى قايتىدىن ياساش ئۇنىڭغا ھەم پايدا كەلتۈردى ، ھەم زىيان يەتكۈزدى .

شام قوشۇنىنىڭ مەنچاناق ۋە قونداقلىق ئوقيالار ئارقىلىق بەيتۇللادىن ئىبارەت ھەرەم جايىنى ۋەيران قىلىۋېتىشى پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى غەزەپلەندۈردى . شۇڭلاشقا ، ئۇلار ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللانى قايتىدىن ياسىتىشىنى ئالىيجانابلىق دەپ مەدھىيىلىدى . بۇ ھەقتە تارىخشۇناس ئىبنى ئەسىر مۇنداق دېگەن : «يېزىد زامانىسىدە شاملىقلار ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ بەيتۇللانى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىبنى زۇبەير بەيتۇللادىن چىقىپ كېتىپ ، شاملىقلارنى ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ .» كېيىن ، يەنى شاملىقلار ۋەيران بولغان بەيتۇللانى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن ئىبنى زۇبەير ئۇنى قايتىدىن ياساتتى . بىراق ، بەزى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قايتا ياساش جەريانىدا ، بەيتۇللانىڭ كۆپ جايلىرىنى ئەسلىدىكىدىن

ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىدىن خاپا بولۇشتى .
بەيتۇللانى قايتىدىن ياساش ئارزۇسى ئىبنى زۇبەيرگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەنلىكىمۇ راست . بەيتۇللانى قايتا ياساش ئۈچۈن زادى قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەك ، يەنى ئۇنى پۈتۈنلەي چېقىۋېتىپ باشقىدىن ياساش كېرەكمۇ ياكى ئۇنى ئەپلەپ - سەپلەپ رېمونت قىلىپ قويۇش كېرەكمۇ ؟ ئۆمەرى ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇنغاندا ، ئوتتۇرىدا بولغان دەتالاشنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ئىبنى زۇبەير بەيتۇللانىڭ ساق قالغان جايلىرىنى چېقىشتىن بۇرۇن ، كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئالدۇ . بەيتۇللانى چاقمىز ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئالاقزادە بولۇپ : ‹بىزنىڭچە ، قەيەر يىقىلغان ، ۋەيران بولغان بولسا شۇ يەرنى رېمونت قىلساق ، قارا قويۇق ھەممە يېرىنى چاقمىساق› دېيىشىدۇ . ئىبنى زۇبەير بولسا : ‹مەشەدە تۇرغانلىرىمىزدىن بىرىمىزنىڭ ئۆيى ناۋادا كۆيۈپ كەتسە ، ئۇنى پۈتۈن ئوڭشىمىساق كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ . ھالبۇكى ، پۈتۈن ئوڭشاش ئۈچۈن ، ھەممىنى چېقىۋېتىپ ، قايتا ياساشتىن باشقىسى بىكار ! › دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، چېقىۋېتىپ قايتىدىن ياساش قارارى ماقۇللىنىدۇ . ئۇلار بەيتۇللانى تاكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام باسقان تاش ئۇل كۆرۈنگۈچە چاقىدۇ ، ئىبنى زۇبەير كولاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ .بىراق ، ئۇلار كولاپ ئىبراھىم پەيغەمبەر باسقان ئۇل تاشنى كۆتۈرۈشى بىلەن تەڭ كۆزنگە تاشنىڭ ئاستىدىن ئوت بىلەن غەلىتە ھايۋانلار كۆرۈنۈپ ، ئۇلارنىڭ جان - پىنى چىقىپ كېتىدۇ . ئۇلار ئەسلىدىكى ئۇل تاشنى مىدىرلاتماي ، شۇنىڭ ئۈستىگىلا بەيتۇللانى قايتىدىن ياساشقا كىرىشىدۇ . دەرۋەقە ، قايتا ياساش جەريانىدا ، بەزى ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلۈپ ، دەرۋازىنىڭ



www.uyghurkitap.com

بوسۇغىسى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ ئورنىتىلىدۇ، بەيتۇللاغا بىر ئارقا ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئاندىن، ھەجەرۇلئەسۋەد ئىچىگە ئەكىرىۋېتىلىدۇ.»

ئىبنى زۇبەير بەيتۇللانى بېزەشكە پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئۇنى ئىنتايىن كۆركەم قىلىۋېتىدۇ. مەسئۇدى ئىبنى زۇبەيرنىڭ بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى زۇبەير ھەبەشىستانلىق ئەبرەھە سەنئا چېركاۋىنى ياساتقاندا قوللانغان ئىنچىكە قۇيمىچىلىق تېخنىكىسىنى قوللانغان، ئۈچ دانە نەقىشلىك مەرمەر تاش تۈۋرۈك ئورنىتىپ، ئۇنىڭ چۆرىسىنى سەندەرۇس سۇ بويىقى ۋە باشقا تۈرلۈك بوياقلار بىلەن بېزىگەن بولۇپ، شۇنداق قارىسا، خۇددى ئالتۇنغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى.»

ئۇمەۋىيىلەر ئىبنى زۇبەيرنى بەيتۇللانى چېقىۋەتتى دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە چېقىپ باشقىدىن ياساش ھاجەتسىز ئىدى، ئۇيان - بۇ يېرىنى رېمونت قىلىپ قويسىلا كۇپايە قىلاتتى دەپ قارىدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلالمايمىز. چۈنكى «بەيتۇللانىڭ تاملىرى مەنچاناق ۋە قونداقلىق ئوقيا ئارقىلىق ئېتىلغان نەرسىلەرنىڭ زەربىسىدىن قىڭغىيىپ قالغان» ① بولۇپ، ئۇنى چاقماي تۇرۇپ ئوڭشىماق قىيىن بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ھەرقاچان يىقىلىپ چۈشۈپ ئادەملەرنى بېسىۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ھەر يىلى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان مۇسۇلمانلار ئۈزۈلمەي كېلىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان بۇ ئەھۋالدا، ئۇنىڭ تاملىرىنىڭ مەزمۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۆمەرى تېخى بەيتۇللانى ئىبنى زۇبەيردىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم ۋەيران بولۇپ، ئۈچ قېتىم قايتا

① ئىبنى ئەسىر: «ئومۇمىي تارىخ»(ئەرەبچە)، 4 - توم، 87 - بەت.

ياسالغان دەيدۇ.

ئۇمەۋىيىيەلەر ئىبنى زۇبەيرنى بەيتۇللانى قايتا ياساش جەريانىدا، كۆپ ئۆزگەرتىۋەتتى، مەسلەن، ئىگىزلىكىگە يەنە توققۇز زىراغ قوشۇپ، يىگىرمە يەتتە زىراغ ئىگىزلىكتە قىلدى؛ ئەسلىدىكى بىر ئىشىكلىك بەيتۇللانى ئىككى ئىشىكلىك قىلدى؛ ھويلا تىمى چۆرىدى؛ ھەجەرۇلئەسۋەدنى بەيتۇللا ئىچىگە ئەكىرىۋەتتى دەپ ئەيىبلىدى. ئۇلار ئىبنى زۇبەيرنى يەنە بەيتۇللا يوپۇقىنىڭ يۇڭ رەخت ۋە تېرىدىن بولۇش ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا دۇردۇندىن يوپۇق تىكتۈرگەن تۇنجى ئادەم، دەپ ئەيىبكە بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن يەنە بەيتۇللانىڭ ئىچىدە ئىسرىق سېلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇنى تۇتۇنلەرگە تولدۇرۇۋەتتى، دەپ ئاغرىندى. بىراق، بىز بۇ كىشىلەرنىڭ ئىبنى زۇبەيرگە ئارتقان بەزى ئەيىبلەشلىرىگە قوشۇلمايمىز. ئالايلۇق، ئۇ بەيتۇللانى ئالدى - كەينى ئىككى ئىشىكلىك قىلىش بىلەن كىشلەرنىڭ كىرىپ - چىقىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرغان. بەيتۇللانىڭ ئىگىزلىكىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە قەدىمكى ئەسەرلەردە قەيت قىلىنغانكى، ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا، بەيتۇللانىڭ ئىگىزلىكىنى ئىبنى زۇبەير كۆتۈرگەن ئىگىزلىككە يەتكۈزۈشنى ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ئىبنى زۇبەيرنىڭ قىلغانلىرى پەقەت ئاللاتائالا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدەك پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى، مەقسىتىنى ۋە مۇرادىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولدى، خالاس.

تارىخشۇناس مەسئۇدى ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللانى كېڭەيتىپ ياسىغانلىقىنى ياقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى زۇبەير بەيتۇللانى ياساشقا تۇتۇنغان چاغدا، يەتمىش نەپەر شەيخ ئۆز زامانىسىدىكى بەيتۇللانى ياساش ۋاقتىدا قۇرەيشلەرنىڭ مەبلىغى

يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قويغان تاش ئۇلنىڭ ئۈستىگە مۇناسىپ ئېگىزلىكتىن يەتتە زىراﺋ كەم قىلىپ ياسىغانلىقى ھەققىدە ئىسپات بەرگەن. ئىبنى زۇبەير بەيتۇللانى قايتىدىن ياساش جەريانىدا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كەملىكنى تولۇقلىغاندىن باشقا، ئىنچىكە قۇيمىچىلىق تېخنىكىسىدىن پايدىلانغان، تۆۋرۈكلەرنى كۆپەيتكەن، ئىككى ئىشىك ئورنىتىپ، بىرنى كىرىش ئىشىكى، يەنە بىرىنى بولسا، چىقىش ئىشىكى قىلغان.»

ئۆمەرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز زامانىسىدە، بەيتۇللانىڭ ئېگىزلىكىنى ئىبنى زۇبەير يەتكۈزگەن ئېگىزلىككە يەتكۈزۈشنى ئويلىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى زۇبەيرنىڭ ھامىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىبنى زۇبەير بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹سەن كۆرمىدىڭمۇ؟ بەيتۇللانى ياساش ۋاقتىدا، قەۋمىڭدىكىلەر خىراجەت كەمچىللىكى تۈپەيلىدىنلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياسىغان ئاساس بويىچە ئىش كۆرگەنغۇ؟› دېگەنلىكىنى، ئارقىدىن يەنە: ‹ئەگەر قەۋمىڭدىكىلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى دېمىسەم، بەيتۇللانى ئاللىبۇرۇنلا چېقىپ تاشلاپ، ئۇنى ئارقا ئىشىكمۇ بار، بوسۇغىسى يەر يۈزى بىلەن تەڭ بولغان قىلىپ قايتا ياسايتتىم، ھەجەرۇلئەسۋەدنى يۆتكەپ بەيتۇللانىڭ ئىچىگە قويغان بولاتتىم› دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىبنى زۇبەير: ‹بىز ھازىر خىراجەتتىن قىسىلمايمىز› دەيدۇ-دە، ئائىشەنىڭ گېپىنى ئاساس قىلىپ، بەيتۇللانى قايتىدىن ياسايدۇ.»

مەيلى قانداق بولمىسۇن، تاكى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان زامانىسىدە، ھەججاج ئىبنى يۈسۈف سەقەفى بەيتۇللانى ئىككىنچى

قېتىم مۇھاسىرىگە ئېلىنغانغا قەدەر ، بەيتۇللا ئىبنى زۇبەيرقا يانسىغان ھالەتتە ئىدى .

### § 3 . ھەججاج سەقەفى ۋە بەيتۇللا

ئىبنى زۇبەيرنىڭ تەشەببۇسى ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىدە كەڭرى تارقالدى . ئۇ ئۇمەۋىييە سۇلالىسىگە قاتتىق سادىق بولغان شام دۆلىتىدىن باشقا بارلىق رايونلارنى غەلىبىلىك ھالدا كونترول قىلدى . ئىراق ، ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مەرۋان ئىبنى ھەكەم مىسىرنى ئىبنى زۇبەيرنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىرىۋالدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىك يەنە ئىراقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ ، مۇسئەب ئىبنى زۇبەيرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئارقىدىن ، ئاتاقلىق گېنېرال ھەججاج ئىبنى يۈسۈف سەقەفىنى لەشكەر تارتىپ بېرىپ ، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى .

باشتا ، ھەججاج ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرگە كىچىك كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ ، ئۇنىڭ كۈچىنى سىناپ ، تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى ھەمدە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆڭلىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ ، ئۇلار ئارىسىدا جىددىي كەيپىيات پەيدا قىلدى . «شۇ چاغدا ، ئۇ ئەرەفاتقا ئەسكەر ئەۋەتتى ، ئىبنى زۇبەيرمۇ شۇ جايغا ئەسكەر ئەۋەتتى . ئىككى تەرەپ شۇ يەردە جەڭ قىلدى . نەتىجىدە ، ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئاتلىق قوشۇنى مەغلۇپ بولدى ، ھەججاجنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بولسا ، زەپەر بىلەن قايتتى . ①»

ھەججاج ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە ئاجىزلىقىنى سېزىپ ، ئۇنىڭغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاشقا بەل

---

① «تارىخىي تەبەرى» ، 5 - توم ، 20 - بەت .

باغلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئىبنى زۇبەير بىلەن جەڭ قىلىش ۋە بەيتۇللانى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا پەرمان بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ خەلىپىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا، ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە ئاجىزلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئازراق بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، شۇنىڭدەك ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەججاجنىڭ مەكتۇپىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندا ئابدۇلمەلىك ۋە ئوردا ئەھلى ئارقا - ئارقىدىن «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ توۋلاپ، تەنتەنە قىلدى. ئارقىدىن، ئابدۇلمەلىك تارىق ئىبنى ئەمرۇغا پەرمان بېرىپ، ئۇنى قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ھەججاج قوشۇنىغا ياردەمگە بېرىشقا بۇيرۇدى. تارىق بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن بېرىپ، ھەججاجنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى.

ئىككى گېنېرال ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن مەككىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ھىجرىيىنىڭ 72 - يىلى زۇلقەئىدە (11 - ئاي) دە، مەككىگە يېتىپ كەلدى. بۇمۇسۇلمانلار ھەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، ھەججاج مەيمۇن قۇدۇقىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، چېدىر بارگاھىنى تىكتى. كىشىلەر ھەج قىلدى. بىراق، ئىبنى زۇبەير توسقۇنلۇق قىلغاچقا، ھەججاج بەيتۇللانى تاۋاپ قىلالمىدى، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئىيمۇ قىلالمىدى. ئىبنى زۇبەير ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىمۇ ھەج مەۋسۇمى ئاياغلىشاي دەپ قالغاندا، ئاندىن ھەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىۋالىدى. ھەججاج مەنجانىق بىلەن بەيتۇللانى تاشقا تۇتتى.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەججاج سەقەفىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بەيتۇللانى تاشقا تۇتۇشنى دەرھال توختىتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدۇ. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللادىن قورقۇڭ ! جامائەتنى تاشقا تۇتۇشنى دەرھال توختىتىڭ ! ھازىر ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ھەرەم ئىچى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس ھەرەمدە تۇرۇۋاتىمىز ، ئاللاتائالانىڭ مېھمانلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ، ئاللا پەرز قىلغان ھەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىدۇ ۋە خەيرلىك ئىشلارنى قىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، مەنجاناق ۋە قونداقلىق ئوقيالار ئۇلارنىڭ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا . شۇڭا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەككىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ تۈگىتىۋالغۇچە ، تاشقا تۇتۇشنى توختىتىشىڭىز كېرەك !» .

ھەججاج سەقەفىمۇ كىشىلەر ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئاياغلاشتۇرۇپ بولغۇچە ، توختاپ تۇرۇشنى توغرا تاپتى . ھەج مەۋسۇمى ئاياغلاشقان ھامان ، ھەججاج سەقەفى ئۆزى ئاتقان تاشلارنىڭ ھەجگە كەلگەن بىگۇناھ كىشىلەرگە تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇلارنى دەرھال ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى . ھەججاج سەقەفى ئىبنى زۇبەيرنى تاش بىلەن سوقۇشقا بەل باغلىغانىدى . دېگەندەكلا ، ئۇ ئاتقان تاش ئىبنى زۇبەيرگە تەگدى .

بۇ قارا قىش كۈنلىرى ئىدى . بىراق ، تۇساتتىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىپ ، بورانلىق يامغۇر يېغىپ كەتتى . ھەججاج سەقەفىنىڭ قوشۇنىنى چاقماق سوقۇپ ، نۇرغۇن ئەسكەرنى ھالاك قىلدى . شۇنىڭ بىلەن شام ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشۈپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى . ئۇلار چاقماق بالاسىنىڭ يۈز بېرىشى ئۆزلىرىنىڭ بەيتۇللاھى ھەرەمگە چېقىلىپ ئاللاتائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىدىن بولغان ئىش دەپ قارىدى - دە ، بەيتۇللانى تاشقا تۇتۇشنى توختاتتى . بۇ ھالنى كۆرگەن ھەججاج ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشىشىپ

كېتىپ، يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن خەۋپسىرەپ، دەرھال ئۆزى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى. ئۇلارنى روھلاندۇرۇپ، كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن قونداقلىق ئوقيا ئاتتى. دەل شۇ چاغدا، گويا تەقدىر ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولغاندەك «گۇلدۇر - قاراس!» قىلغان گۈلدۈرماما بىلەن تەڭ بىر چاقماق چۈشۈپ، ئىبنى زۇبەيرنىڭ بىر مۇنچە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھەججاج سەقەفى دەرھال ئەسكەرلىرىگە خىتاب قىلىپ: «ئەجەبا، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالايىقازانى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ سىلەر ئاللانىڭ ئىنائىتىدە تۇرۇۋاتىسىلەر، ئۇلار بولسا ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماقتا» دېدى.

ئابدۇللا ئىبنى زوبەير ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بەيتۇللانى قەيسەرلىك بىلەن قوغدىدى. بىراق، قونداقلىق ئوقيانىڭ تاش ئوقلىرى مۆلدۈردەك يېغىپ، نۇرغۇن ئادەمنى جەڭگاھتا شېھىت قىلدى. ئۇلار داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى، ئەگەر ئۇرۇشۇۋەرگەندە ئۆلمەكتىن باشقا نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير قوشۇنىدىن نۇرغۇن ئادەم بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى ھەججاج ئىبنى يۈسۈف سەقەفىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، پاناھلىق تىلىدى. ھەججاج باشقىلارنىڭمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىشىنى كۆزلەپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى.

ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ئۇمەۋىيىيە قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى قاتتىق توستى. بىراق، تۇساتتىن بىر تاش كېلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگىلا تەگدى. ئۇ مۇنداق بىر نەزمىنى ئوقۇدى:

يا رەب!
كۆپەيمەكتە شام لەشكىرى بارغانسېرى،

نابۇت بولدى بەيتۇللانىڭ يۈز پەردىسى .
يا رەب !
قات - قات قورشاۋ ئىچرە مەن بەك ئاجىز كەلدىم ،
ئەۋەت ئەسكەر ، قىلىپ مەدەت ھۇزۇرىڭدىن !

شام ئەسكەرلىرى توپ - توپى بىلەن تۆت تەرەپتىن كېلىپ ، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى قورشىۋالدى . ئىبنى زۇبەير يېڭىلىپ ، شېھىت بولدى . ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى جېنىنى ئېلىپ بەدەر تىكىۋەتتى . بۇ ھىجرىيىنىڭ 73 - يىلى جامادىيەل ئەۋۋەل (5 - ئاي) نىڭ 14 - كۈنى ئىدى .
ھەججاج سەقەفى بەيتۇللانى قايتىدىن ياساپ ، ئۇنى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ياساشتىن بۇرۇنقى شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويىدى . ئۇ خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ، بەيتۇللاغا بىرلا ئىشىك قويىدى . ئۆمەرى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بىلەن ھەججاج سەقەفىنىڭ بەيتۇللانى قايتىدىن ياساشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەققىدە توختالغىنىدا مۇنداق دەيدۇ : «ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان خەلىپىلىك تەختكە ئولتۇرغان چېغىدا ، ‹ مېنىڭ ئەبۇ خەبىب (ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير) بىلەن ھېچقانداق ئوخشاشلىقىم يوق › دېگەن . شۇڭا ، ئۇ بەيتۇللانى چېقىپ قايتىدىن ياسايدۇ . باشقىدىن ياسالغان بەيتۇللا ئېگىزلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قالغان جايلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ . كېيىن ، ھارىس ئىبنى ئەبى رۇبەيئە مەخزۇمى خەلىپە بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن يەنە بىر كىشىمۇ بار ئىدى . ئۇ ئىككىيلەن خەلىپىگە بىز يۇقىرىقى پاراگرافتا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان گېپىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ .

خەلىپە بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەكمۇ پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ھاسىسىنى يەرگە قايتا - قايتا ئۇرۇپ: «مەن ئەبۇ خەببنى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەيمەن!» دەيدۇ.»

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان زامانىسىدا، ھەججاج ئىبنى يۈسۈف سەقەفى بەيتۇللانى قايتا ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈز زىممىسىگە ئالدى. بۇ ھازىرغىچە (ئۆمەرى زامانىسىگىچە) بولغان ئارىلىقتا بەيتۇللانىڭ بەشىنچى قېتىملىق ياسىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ھەججاج ئەمەلىيەتتە ئىبنى زۇبەير كېيىن قوشقان جايلارنىلا چېقىۋەتتى. ئۇ ئىككى بۇرجەكنى رېمونت قىلدى ۋە زۇبەير ئاچقان ئارقا ئىشىكنى چاپلىۋەتتى. چاپلىۋەتكەن ئىزلارنى ھېلىھەم ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە ھەجەرۇلئەسۋەدنى (بەيتۇللانىڭ) ئىچىدىنمۇ ئېنىق پەرق ئېتىش ئۈچۈن، ھەجەرۇلئەسۋەد ئورۇنلاشتۇرۇلغان تامنىڭ ئىچ يۈزىگە پاراللېل قىلىپ نەقىشلىك ئىككى مەرمەر تاش تاختىنى بەلگە قىلىپ ئورناتقۇزدى. بەيتۇللانىڭ ئالدى تېمىنىڭ كەڭلىكى دەرۋازا بىلەن قوشقاندا ئون تۆت زىرائ قىلىندى.

## 4§. ئابدۇلمەلىكنىڭ سەخرە ئۈستىگە قۇببە ياسىتىشى

ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ھىجازنى ئۆزىنىڭ سىياسي پايتەختى ۋە خەلىپىلىك ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى قىلغانىدى. ئۇ چاغدا ھەج ۋە ئۆمرە مەۋسۇمىدا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار بەيتۇللاغا كېلەتتى. بىراق، ئۇلار پەقەت بەيتۇللادا ناماز ئوقۇلغاندا، ياكى تاۋاپ قىلىش پايتەختى بولغاندا، ئاندىن ئىبنى زۇبەير بىلەن كۆرۈشەلەيتتى. ئىبنى زۇبەير تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددىلىقى، تەقۋادار، پاكلىقى، ئەخلاقلىقلىقى ۋە زاھىدلىقى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە ھۆرمەت قوزغايتتى. شاملىقلار ئۆزلىرى كۆرگەن ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئۇمەۋىيە سۇلالىسى خەلىپىلىرىنىڭ ئەيش -

ئىشرەتلىنىڭ تۇرمۇشىنى سىلىشتۇراتتى. ھەج مەۋسۇمىدا، ئىبنى زۇبەير پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، زور تۈركۈمدىكى ھەج قىلغۇچىلارغا تەشۋىق قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە يار - يۆلەكچى ۋە قوللىغۇچى بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. ھەج قىلغۇچىلار ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلار ھەج - ئۆمرە پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ يۇرتلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، ئىبنى زۇبەيرنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى. بۇ ھال ئىبنى زۇبەيرنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئىسلام ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

ئىبنى زۇبەيرنىڭ بەيتۇللانى پاناھگاھ قىلىپ، ئۆزىنى «بەيتۇللانىڭ پاناھىدىكى ئادەم» دەپ ئېلان قىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىدى ۋە كۈنسايىن ئۇلغايتتى. ئۇمەۋىييە سۇلالىسى خەلىپىلىرىنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن مەككىگە تاجاۋۇز قىلىشى، بەيتۇللانى قورشىۋېلىشى ھەمدە ئۇنى مەنجانىق ۋە قونداقلىق ئوقيا بىلەن تاشقا تۇتۇشىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كەيپىياتىنى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەينى زاماندا، ئىبنى زۇبەير بەيتۇللانى جانپىدالىق بىلەن قوغدىغاچقا، توپ - توپ مۇسۇلمانلار ۋە تۈرلۈك گۇرۇھ - مەزھەپلەر ئىبنى زۇبەير بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇمەۋىييە قوشۇنىنىڭ بەيتۇللا ۋە مەككىگە قاراتقان تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئەزارىقە خاۋارىجلىرى شۇنىڭدەك ئىراق شىئە مەزھىپىنىڭ ئاقساقىلى مۇختار ئىبنى ئۇبەيد سەقەفى قاتارلىقلار مەككىگە كېلىپ، ئىبنى زۇبەيرگە مەدەتكار بولدى. ھەتتا ھەبەشىستاننىڭ نىجاشىسىمۇ بىر قوشۇن ئەۋەتىپ بەيتۇللانى قوغداش جېڭىگە قاتناشتۇردى. ئۆز ۋاقتىدا، مەككىگە ھەج قىلىشقا ياكى ئۆمرە قىلىشقا كەلگەن بەزى مۇسۇلمانلار ئىبنى

زۇبەيرنىڭ شىكايەت نۇتقىنى ئاڭلىغان هامان ئۇنىڭغا مەدەتكار بولۇپ، يۇرتلىرىغا قايتماي ئۇنىڭ هەرىكەت قوشۇنىغا قاتناشتى. جۈملىدىن، كۆپلىگەن شاملىقلارمۇ هىجازغا هەج تاۋاپ قىلىش باهانىسى بىلەن كېلىپ، ئىبنى زۇبەيرنىڭ قوشۇنىغا قاتناشتى.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئىبنى زۇبەيرنىڭ مەككىدە، يەنە كېلىپ بەيتۇللانىڭ يېنىدىلا ماكانلاشقانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن زور تەهدىت دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە بېرىپ ئىبنى زۇبەير بىلەن كۆرۈشۈشىنى، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى توسۇشنىڭ قەستىگە چۈشتى. بىراق، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇللاغا بېرىپ هەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىشىدىن ئىبارەت ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئاساسلىق رۇكنىنى مەنئى قىلالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئابدۇلمەلىك بۇ مەسىلىنى باشقىچە بىر يول بىلەن هەل قىلىش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ، ئاخىرىدا سەخرە ئۈستىگە قۇببە ياستىش پىلانىنى ئويلاپ تاپتى.

ئابدۇلمەلىك ئىبرۇسالىمدىكى مەسچىتى ئەقسا (بەيتۇلمۇقەددەس) دىكى سەخرە ئۈستىگە قۇببە ياسىتىپ، مۇسۇلمانلارنى شۇ يەرگە بېرىپ هەج قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ مەككىدىكى بەيتۇللاغا بېرىپ هەج قىلىشىنى مەنئى قىلدى. تارىخشۇناس يەئقۇبى بۇ مەزگىلدىكى تارىخ ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇلمەلىك شاملىقلارنىڭ بەيتۇللاغا بېرىپ هەج - تاۋاپ قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار بەيتۇللاغا بېرىپ هەج - تاۋاپ قىلىدىغان بولسا، ئىبنى زۇبەير ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالاتتى. بىراق، بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. كىشىلەر: 〈 سەن بىزنىڭ بەيتۇللاهى هەرەمگە بېرىپ هەج - تاۋاپ قىلىشىمىزنى چەكلەۋاتىسەن، ئەمما بۇ ئاللاتائالا بىزگە پەرز قىلغان ئىش! 〉

دېدى . ئابدۇلمەلىك بولسا ئۇلارغا : 〈 ئىبنى شەھاب زەھرى سىلەرگە ئېيتىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : 〈 سىلەر بىرىپ تاۋاپ قىلىشقا بولىدىغان ئۈچلا مەسچىت بار ، ئۇلار مەسچىتى ھەرەم ، مېنىڭ مەسچىتىم (مەدىنىدىكى مەسچىتى نەبەۋى) ۋە مەسچىتى ئەقسادىن ئىبارەت 〉دېگەن . مەسچىتى ئەقسا سىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، مەسچىتى ھەرەم بىلەن باراۋەردۇر . مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىقىدىغان چاغدا ، سەخرەنىڭ ئۈستىگە پۇتىنى قويغانىكەن . شۇڭا سەخرە تېشى بەيتۇللادىكى ماقامى ئىبراھىم تېشىغا باراۋەردۇر 〉 دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن سەخرەنىڭ ئۈستىگە بىر قۇببە ياسىلىدۇ . ئۇنىڭغا يىپەك يوپۇق يېپىلىدۇ . ئۇنىڭغا قارايدىغان مەخسۇس خادىملار بېكىتىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، كىشىلەر خۇددى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغاندەك سەخرە ئۈستىگە ياسىتىلغان قۇببەنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى . ئۇمەۋىييە زامانىسىدە ، ئىش مانا شۇنداق بولغانىدى . ①

تارىخشۇناس رۇھىي بۇ رىۋايەتنى قوللايدۇ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان كىشىلەرنىڭ بەيتۇللاغا ھەج - تاۋاپقا بارسا ئىبنى زۇبەيرگە ئىخلاسمەن بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ ، ئۇلارنىڭ ( بەيتۇللاغا ) ھەج - تاۋاپ قىلىشىنى توسىدۇ . بىراق ، بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ . كېيىن ، ئابدۇلمەلىك (ئېرۇسالىمدىكى) سەخرە ئۈستىگە بىر قۇببە ياسىتىدۇ . ئەرەفات كۈنى ② كىشىلەر بۇ قۇببەنى تاۋاپ قىلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا (مەككىنىڭ يېنىدىكى) ئەرەفاتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەج مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدىغان بولىدۇ .»

---

① «تارىخىي يەئقۇبى» (ئەرەبچە) ، 3 - توم ، 7 - ، 8 - بەتلەر .

② زۇلھەججە ( 12 - ئاي) نىڭ 9 - كۈنى ، يەنى ھەجنىڭ باشلانغان كۈنى .

ئابدۇلمەلىكنىڭ سەخرە ئۈستىگە قۇببە ياساتقانلىقى ھەققىدىكى قىسسىنى ئەڭ دەسلەپ بايان قىلغان تارىخشۇناس يەئقۇبى ئىدى . رۇھسىيىنىڭ يەئقۇبى خاتىرىلىگەن تارىخنى قايتا بايان قىلغانلىقىدا شەك يوق . بىراق ، تەبەرى ، مەسئۇدى ، ئىبنى ئەسىر ۋە ئىبنى قۇتەيبە قاتارلىق تارىخشۇناسلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قىسسىنى تىلغا ئالمىغان . بەزى ھازىرقى زامان تارىخچىلىرى سەخرە ئۈستىگە قۇببىنى ياساتقان ئادەم ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەپ قارايدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدىكىدىن باشقىچىرەك بولغان كۆز قاراشنى ياقلايدىغانلارمۇ بار بولۇپ ، ئۇلار بۇ قۇببىنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى جەھەتتە ئەرەب مىمارچىلىق سەنئىتىگە ئەمەس ، بەلكى ۋىزانتىيە مىمارچىلىق سەنئىتىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، سەخرە ئۈستىگە قۇببە ياساتقۇزغۇچى كونىستانتىننىڭ ئانىسى ھىيلانە ئىدى دەپ قارايدۇ . ۋەھالەنكى ، مۇتلەق كۆپچىلىك ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرى سەخرە ئۈستىگە قۇببىنى ئابدۇلمەلىك ياساتقان دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ ھەمدە يەئقۇبىنىڭ بايانىنى قۇۋۋەتلەيدۇ . ئۇلار سەخرە ئۈستىدىكى قۇببىنىڭ نەقىشلىرىگە ئاساسلىنىپ ، ئۇنىڭ پۈتكەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 72 - يىلى ، يەنى ئابدۇلمەلىك دەۋرى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى باب

# ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ بەيتۇللانى ئۇلۇغلىشى

### § 1 . قانۇنلۇق خەلىپىلەر دەۋرى بىلەن ئۇمەۋىييە سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەيتۇللا

قانۇنلۇق خەلىپىلەر (ئەبۇبەكرى ، ئۆمەر ، ئوسمان ، ئەلى ) بەيتۇللانى ئۆز قويىنىغا ئالغان مەسچىتى ھەرەمنى تولىمۇ ئۇلۇغلايتتى . ئۆمەرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : « مەسچىتى ھەرەم ئەسلىدە ھەج قىلغۇچىلارنىڭ بەيتۇللانى ئايلىنىپ ، تاۋاپ قىلىشىنى تەمىن ئېتىدىغان بىر ئوچۇقچىلىق مەيدان ئىدى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى زامانىسىدا ، مەسچىتى ھەرەمگە تېخى قورۇق تام چۆرۈلمىگەن بولۇپ ، كىشىلەر بەيتۇللانىڭ يېنىغىلا ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇۋېرەتتى ، ھەتتا بەيتۇللا بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئۆيلەرمۇ بار ئىدى . ئۇ ئۆيلەر كۆپىنچە بەيتۇللانى چۆرىدەپ سېلىنغان بولۇپ ، ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىدا ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە چىقىپ - كىرىشكە بولىدىغان يوللار بار ئىدى . » ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپە بولغان چېغىدا : « بەيتۇللانىڭ چوقۇم ھويلىسى بولۇشى كېرەك » دېگەن . شۇنىڭ بىلەن مەسچىتى ھەرەم كېڭەيتىلگەن . ئۇ (ئۆمەر ) بەيتۇللانىڭ چۆرىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدى - دە ، ئۇلارنى چېقىپ ، ئورنىنى مەسچىتكەقوشتى . ئاندىن مەسچىتنى ئادەم بويىدىن پەسرەك كېلىدىغان تام ئىچىگە ئالدى . تامنىڭ ئۈستىگە

چىراغ ( قەندىل) ئورناتتى .

ئوسمان ئىبنى ئەففان خەلىپە بولغان ۋاقتىدىمۇ بىر بۆلەك ئۆيلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ، چېقىپ ، ئورنىنى مەسچىت دائىرىسىگە قوشتى . مەسچىتكە پېشايۋان ۋە بىر نەچچە ياندا شما زال ياساتتى .

ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ئون مىڭ دىنار خەجلەپ ، نۇرغۇن ئۆيلەرنى سېتىۋېلىپ ۋە ئۇلارنى چېقىپ ، مەسچىتنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى . شۇنداقلا مەسچىتكە بىرقانچە مەرمەر تۈۋرۈك بېكىتتى .

ئۇمەۋۋىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانمۇ مەسچىتنى ھەرەمنىڭ قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى . گەرچە ئۇ مەسچىتنى كېڭەيتمىگەن بولسىمۇ ، چۆرە تېمىنى ئېگىزلەتتى . كېمە بىلەن قىزىل دېڭىز ئارقىلىق جىددىگە ياغاچ ئەكەلدۈرۈپ ، كاشتان ياغىچى بىلەن مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىنى ياپتى .

ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغاندا ، مەككىنىڭ ھاكىمى خالىد ئىبنى ئابدۇللا قەسرىگە ئاتمىش ئۈچ مىڭ دىنار ئەۋەتىپ ، شۇنىڭغا بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسىنى ، ئۆگزىسىگە يامغۇر سۈيى چۈشۈپ كېتىدىغان نورنى ، شۇنداقلا بەيتۇللانىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى تۈۋرۈكلەرنى ئالتۇن قاقالتىر بىلەن قاپلىتىدۇ . شۇڭلاشقا ، نۇرغۇن تارىخشۇناسلار ۋەلىد خەلىپىنى « ئىسلامىيەت تارىخىدا ، تۇنجى بولۇپ بەيتۇللانى ئالتۇن بىلەن بېزىگەن ئادەم » دەپ تەرىپلەيدۇ . دەرۋەقە ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئابدۇلمۇتەللىب ئىككى دانە ئالتۇن بۆكەننى ئىشلىتىپ بەيتۇللانى بېزىگەن بولۇپ ، بۇ ئالتۇن بۆكەنلەرنى ئۇ زەمزەم بۇلىقىنىڭ كۆزىنى قايتا ئېچىش جەريانىدا تېپىۋالغان ۋە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسىنى قاپلاتقانىدى.

ئۆمەرى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئالتۇن بىلەن بەيتۇللانى زىننەتلىگەنلىكىنى تىلغا ئالغىنىدا، بۇ ئالتۇن ئەسلىدە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ياسالغان تاماق شىرەسى بولۇپ، ئۇنى ئەندەلۇسىيە (يەنى ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى) نىڭ تەلىتەلەت دېگەن يېرىدىن ئەكەلدۇرگەن. شىرەنىڭ گىرۋىكىگە زەبەرجەد (بىر خىل جاۋاھىر) ۋە ياقۇت قويۇلغان، دەيدۇ.

ۋەلىد يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ئاق، يېشىل مەرمەر تاشلارنى ياتقۇزغان. بەيتۇللانىڭ تېمىنى مەرمەر تاش بىلەن ئۇلداتقانىدى. ئۆز زامانىسىدا، ۋەلىد مەسچىتى ھەرەمنى كېڭەيتىشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ئۇ مەسچىتنى بېزەش ئۈچۈن، يىراق شامدىن مەرمەر تاش ۋە باشقا لازىمەتلىك ماتېرىياللارنى توشۇتقانىدى.

## § 2. ئاباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەيتۇللا

ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى بەيتۇللاغىلا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن قالماي، مەككە ۋە مەدىنە قاتارلىق مۇقەددەس جايلارغىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بەردى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىغا، شۇنىڭدەك، يەمەندىن ئىراققىچە بولغان ئارىلىققا يول ياسىتىپ؛ پوچتا تورلىرىنى بەرپا قىلدى، يول ئۈستىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار ئامال قىلىپ مەككە ئاھالىسىنى باي قىلىپ تېخىمۇ كۆپ مال ۋە پۇل - پۇچەكلىرىنى نەزىرگە ئاتاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى مەنسۇر مەسچىتتى ھەرەمگە بىرمۇنچە مەرمەر تاش تۈۋرۈكلەرنى ئورناتقۇزدى. ئۈچىنچى خەلىپە مەھدىمۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەسچىتنى ھەرەمگە نۇرغۇن ھۇجرا ياساتتى. بۇ ئىشقا يەقتىن ئىبنى مۇسا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇ مەسچىتنى ھەرەم قۇرۇلۇشى ئىشىنى تاكى مەھدى ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر ئۆزمەي داۋاملاشتۇردى. مەھدى يەنە يەقتىننى مەككىگە تۇتىشىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىدە يېتەرلىك ئىستىمال سۈيىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. مەھدى بەيتۇللانىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى يوپۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، يېڭى يوپۇق ياپتى. تەبەرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « بەيتۇللاغا يوپۇق يېپىش مەسلىسىدە، كىشىلەر يوپۇق كۆپ بولۇپ كەتسە، بەيتۇللانىڭ قۇرۇلۇشىغا زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، مەھدىگە ئەرز سۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھدى بەيتۇللانىڭ يوپۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، بىر قەۋەت ئۇپا سۈركىۋېتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشىلەر شامنىڭ قارا يوپۇقى كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ بېرىپ قارىسا، ئۇ تولىمۇ قوپال توقۇلغان بىر يىپەك يوپۇق ئىكەن. باشقىلار سوۋغات قىلغان بۇرۇنقى يوپۇقلار ساپلا يەمەندە ئىشلەنگەن يوپۇقلار ئىكەن. »

ئابباسىيلار سۇلالىسى زامانىدا، ھەج قىلغۇچىلار قوشۇنى ھەرقايسى خەلىپىلەرنىڭ ئەڭ زور قوشۇنى ئىدى. ئۇ چاغدا، شەرق ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلار، خۇسۇسەن ئىراق، ئىران ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى باغداتقا جەم بولاتتى. تۆگە، كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇقلۇق تەييارلاپ كېلىشەتتى. ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۆگە قوشقان مەپە (مەھافە) لەر ماڭاتتى. مەپىلەرنىڭ

ئۈستى يۇمىلاق قۇبېلىق بولۇپ، قۇببىنىڭ ئۈستىگە كالۋىتوندا كەشتىلەنگەن يىپەك يوپۇق يېپىلاتتى، مۇنداق مەپىلەرنىڭ بىرى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سەردارى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بولاتتى.

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىد بەيتۇللانىڭ ئىشلىرىغا ۋە ھەج پائالىيەتلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ بىر يىلى ھەج قىلسا، يەنە بىر يىلى غازات قىلاتتى. ئۇ ھەجگە ھەمىشە پىيادە باراتتى. شۇنداقلا نۇرغۇن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ راسخوتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

تارىخشۇناسلارنىڭ بايان قىلىشىچە، خەلىپە ھارۇن رەشىد ئىمام مالىكتىن بەيتۇللانىڭ ئۆز زامانىسىدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئۇنى قايتىدىن ياسىغانلىقىغا دائىر ئىشلار ھەققىدە سوئال سورىغاندا، ئىمام مالىك: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، بەيتۇللانى پادىشاھلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى، چاققۇسى كەلسە چېقىۋېتىۋېرىدىغان جايى، دەپ ئويلاپ قالماڭ» دېگەنىكەن. شۇڭلاشقا، ھارۇن رەشىد بەيتۇللانىڭ قىياپىتىنى ئۆزى خەلىپە بولۇشتىن بۇرۇن قانداق بولسا، شۇ بويىچە ساقلاپ قالغان.

دېمەك، بەيتۇللا ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفى ياسىغان پېتى ساقلىنىپ قالدى. كېيىنچە، ئۇنى رېمونت قىلىشقا توغرا كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى تەڭ ھەمكارلاشتى. ھىجرىيىنىڭ 960 - يىلى سۇلايمان سۇلتاننىڭ (ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى) زامانىسىدا، بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسى باشتىدىن يېپىلدى. ھىجرىيىنىڭ 1021 - يىلى سۇلتان ئەھمەدنىڭ زامانىسىدا، بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىندى.

ھارۇن رەشىد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى

ئەمىن سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى بولدى . ئۇ ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئۆز زامانىسىدە بەيتۇللانى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئالتۇن قاڭالترلارنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇققىنىدا ، دەرھال ئون سەككىز مىڭ دىنار بىلەن بىر ئۇستىكار ئەۋەتىپ ، باشقىدىن ئالتۇن قاڭالتىر ياستىپ ، بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسىنى قاپلاتتى . بۇ ئۇستىكار دەرۋازىدىكى كونا قاڭالتىرلارنى سويۇۋېتىپ ، ئۇنىڭغا ئەمىن بەرگەن دىنارلارنى قوشۇپ ، باشقىدىن ئالتۇن قاڭالتىر ، ئالتۇن مىخ ، ئىككى دانە دەرۋازا ھالقىسى ۋە بىر قۇببە ياسىدى . شۇنىڭ بىلەن ، بەيتۇللانى زىننەتلەش ئۈچۈن جەمئىي ئوتتۇز ئۈچ مىڭ مىسقال ( شۇ چاغدا بىر مىسقال 4.68 گرامغا باراۋەر ) ئالتۇن ئىشلىتىلدى .

## § 3 . ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بەيتۇللانىڭ قايتىدىن ياسىلىشى

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى سۇلايمان ھىجرىيىنىڭ 960 - يىلى خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىنى باشقىدىن ياپقۇزدى . سۇلتان ئەھمەد ھىجرىيىنىڭ 1021 - يىلى بەيتۇللانى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇردى . ھىجرىيىنىڭ 1039 - يىلى مەككىگە ئىككى كۈن كەلكۈن كېلىپ ، مەسچىتى ھەرەم ۋە بەيتۇللا سۇنىڭ ئىچىدە قالدى . بەيتۇللانىڭ تاملىرى ، خۇسۇسەن شىمالىي ، شەرقىي ۋە غەربىي تېمى زەيلەپ كەتتى . شۇڭا ، مەككىنىڭ ئەمىرى يىگىرمە دانە ئالتۇن چىراغ ( ئالتۇن قەندىل ) چىقىم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى . ئارقىدىن ئۆزى مەككە ئاھالىسى بىلەن بىللە بەيتۇللانىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تاشلىرىنى جايىغا ئېلىپ ئورۇنلاشقا كىرىشتى . ئۇلار يالغۇز ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىش بىلەنلا ئىش تاماملىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانىدىن ياردەم تىلەشنى توغرا تاپتى .

ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپ ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بەيتۇللانىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ئازابلاندى. مىسىرنىڭ ۋالىسى مۇھەممەد پاشا ئالبانى ھەج - تاۋاپ مەۋسۇمىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بەيتۇللانىڭ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى مۇراد IV نىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىنلا ئۆزىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى مەككىگە ئەۋەتتى.

يەنە بىر قېتىمقى كەلكۈن سۈيى بەيتۇللانىڭ غەربىي تېمىنى قاتتىق دەز كەتكۈزدى. شۇڭا كۆپچىلىك بەيتۇللانىڭ قالغان تاملىرىنىمۇ پۈتۈنلەي چېقىۋېتىش قارارىغا كەلدى. مەسلىھەت جەريانىدا، باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە بىردەك قاراشقا كېلىنگەن بولسىمۇ، ھەجەرۇلئەسۋەد بار بۇرجەكنى ساقلاپ قېلىش ياكى چېقىۋېتىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ چىقتى. بىراق، مۇھەندىسلەر (قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى): بۇ بۇرجەكمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، شۇڭا، ئىككىلەنمەي بەيتۇللانى پۈتۈن چېقىۋېتىپ، ئۇنى بۇرۇنقىدىن پۇختا قىلىپ قايتا ياساش كېرەك، دەپ قارىدى.

شۇنىڭ بىلەن، بىر تۈركۈم مىسىرلىق مىمارچىلىق ئىنژېنېرلىرى ۋە ئىشچىلىرى بەيتۇللا قۇرۇلۇشىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ نۆۋەتلىك بەيتۇللانى قايتا ياساش ئىشى ھىجرىيىنىڭ 1040 - يىلى باشلىنىپ، ئالتە ئايدا ئاخىرلاشتى. بۇنىڭغا ناھايىتى جىق پۇل سەرپ قىلىندى. قۇرۇلۇش جەريانىدا، ئىبنى زۇبەير ئىشلەتكەن تاشلارنىڭ مۇستەھكەملىرى داۋاملىق ئىشلىتىلدى، سۈپىتى ناچار، مۇستەھكەم بولمىغانلىرى پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا مۇستەھكەم، سۈپەتلىك تاشلار سەپلەندى.

ھەجەرۇلئەسۋەد ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇلدى. ئىبنى زۇبەير زامانىدا، ھەجەرۇلئەسۋەدتە يېرىق پەيدا بولۇپ قالغان

بولغاچقا، بۇ نۆۋەت ئۇ كۈمۈش رامكا ئىچىگە ئېلىندى.

بەيتۇللانى قايتىدىن ياساش قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، مىسىر ئىنژېنېرلىرى بىلەن ئىشچىلىرى مىسىرغا بەيتۇللا قۇرۇلۇشىنى سۈپەتلىك تاماملىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەككە ئاھالىسى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلغان شاھادەتنامە بىلەن قوشۇپ بىر پارچە دوكلات ئەۋەتتى. ئەسلى بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش جەريانىدا، قۇرۇلۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى مىسىر تەمىنلىگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئون ئالتە مىڭ فوند ستېرلىڭ چىقىم قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى باشقا ھەر قانداق ئىسلام دۆلىتىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، مەككە ئاھالىسى ئۇلارغا بەرگەن شاھادەتنامە ئەمەلىيەتتە مىسىرلىقلارنىڭ بۇ قېتىملىق قۇرۇلۇش جەريانىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ (خەلق قەلبىدە) ئېتىراپ قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 1273 - يىلى، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلمەجىد بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىگە ئورنىتىش ئۈچۈن بىر دانە ئالتۇن نور ئەۋەتتى، بۇ ئالتۇن نور تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## ئون يەتتىنچى باب

# تارىختىكى بەيتۇللا يوپۇقلىرى

### § 1. ئەڭ دەسلەپكى يوپۇق

تۇنجى يوپۇقنى ئەرەب يەمەن ھىميەر پادىشاھلىقىنىڭ تۇببەئى ئەبۇ كۇرەب ئەسئەد تەقدىم قىلغان. بۇ ھەققە ئۆمەرى مۇنداق دەيدۇ: تۇببەئ ئەبۇ كۇرەب بەيتۇللاغا يوپۇق يېپىش چۈش كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىجرىيىدىن بۇرۇنقى 220 - يىلى، يەسرىب يۇرۇشىدىن قايتىپ مەككىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، بەيتۇللاغا يوپۇق يېپىپ، چۈشىدە كۆرگەننى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدەك بەيتۇللاغا ئىشىك ئورنىتىپ، ئۇنى قۇلۇپلايدىغان قىلىدۇ. ئۆمەرى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: دەسلەپتە، بەيتۇللاغا يېرىك يۇڭدىن توقۇلغان ۋە تېرىدىن ئىشلەنگەن يوپۇق يېپىلغانىدى. كېيىن، بۇنداق يوپۇقنىڭ بەيتۇللانىڭ قورۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەمەندە توقۇلغان نېپىز رەختتىن تىكىلگەن يوپۇق يېپىلدى. بەيتۇللاغا يوپۇق ياپىدىغان چاغدا، تۇببەئ ئەبۇ كۇرەب ئەسئەد مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇغان:

بەيتۇللا ــ ئاللانىڭ ھەرەم ئۆيىگە،
نېپىز رەختتىن تىكىلگەن يوپۇق ياپتۇق.
تۇرۇپ بىز بۇ جايدا ساق ئون ئاي مۇددەت،
بىر دانە دەرۋازا ھەم قىلدۇق تارتۇق.

ئۆلتۇرۇپ نەزىر چۈن ئالتە مىڭ باش مال ،
زەپەرنىڭ مارشىنى راسا ياڭراتتۇق !

ئەبۇ كۇرەب ئەسئەدنىڭ تەخت ۋارىسلىرىمۇ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ ، ئۇزاق زامانلارغىچە تېرە بىلەن قىباتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مىسىر رەختىدىن يوپۇق تىكتۈرۈپ ، بەيتۇللاغا يېپىپ تۇردى . كېيىنچە ، كىشىلەر ھەر خىل يوپۇقلارنى تەقدىم قىلغاچقا ، بەيتۇللا قاتمۇ قات يوپۇقلار بىلەن قاپلىنىپ كەتتى .

ئۆز زامانىسىدە بىر يوپۇق يىرتىلىپ كەتسە ، ئورنىغا باشقا بىرىنى يەڭگۈشلەپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى . قۇسەي ئىبنى كىلاب دەۋرىگە كەلگەندە ، ئۇ بۇ ئادەتنى ئۆزگەرتىپ ، ھەر يىلى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە پۇل چېچىپ يوپۇق ئەتكۈزدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بەيتۇللانىڭ يوپۇقىنى يىلدا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىدىغان قىلدى . قۇسەي ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى . ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ، بەيتۇللاغا بىر يىلى ئەبۇ رۇبەيئە ئىبنى مۇغىرە يېڭى يوپۇق ياپسا ، يەنە بىر يىلى قۇرەيشلەرنىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرى بىرلىشىپ يېڭى يوپۇق ياپاتتى ۋە بۇ خىل نۆۋەتلىشىپ يوپۇق يېپىش « ئادالەت » ( ئەدل ) دەپ ئاتىلاتتى . بەيتۇللاغا يوپۇق تىكىش ئۈچۈن كەتكەن خىراجەتنى قۇرەيشلەرنىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرى تەڭ كۆتۈرەتتى .

ئۆمەرنىڭ قارىشىچە ، خالىد ئىبنى جەئفەر ئىبنى كىلاب بەيتۇللاغا تۇنجى بولۇپ يىپەك يوپۇق ياپقان ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇندىن باشقا ، ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىبنىڭ ئانىسى نەتىلە بىنتى جەنابمۇ بەيتۇللاغا يىپەكتىن يوپۇق تىكتۈرۈپ ياپقان . بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت بار : ئاباس كىچىك ۋاقتىدا

بىر قېتىم يولدىن ئېزىپ قىلىپ يىتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى نەتىلە: ئەگەر ئاباس تېپىلسا، يىپەكتىن يوپۇق ئەتكۈزۈپ بەيتۇللاغا ياپىمەن، دەپ لەۋزە قىلىدۇ. ئاباس تېپىلغاندىن كېيىن، ئۇ دېگىنى بويىچە يىپەكتىن بىر يوپۇق تىكتۈرۈپ، بەيتۇللاغا ياپىدۇ.

## 2 § . پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ھەرقايسى خەلىپىلەر زامانىدىكى يوپۇقلار

ئىبنى ھىشامنىڭ بايان قىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، بەيتۇللاغا قىباتى دەپ ئاتىلىدىغان كاناپ يىپ رەختتىن ئېتىلگەن يوپۇق يېپىلاتتى. بۇ خىل رەختنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، مىسىردا توقۇلاتتى. كېيىنچە، يەمەندە توقۇلغان يوللۇق رەختتىن تىكىلگەن يوپۇق ئىشلىتىلىدىغان بولغانىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرلەرمۇ بەيتۇللاغا يوپۇق تىككۈزگەن. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سوفيان ئاشۇرا بايرىمى ①دا ئىككى قېتىم يىپەكتىن يوپۇق تىكتۈرۈپ بەيتۇللاغا ياپقان. ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانمۇ بەيتۇللاغا يوپۇق ياپقانىدى.

ئۇمەۋىييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى بەيتۇللاغا يوپۇق ياپقاندا، يېڭى يوپۇقنى ئادەت بويىچە كونا يوپۇقنىڭ ئۈستىگە كېيدۈرۈپلا قوياتتى. ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مەھدى تەختكە چىققاندا، بەيتۇللا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار ئۇنىڭغا

① ئاشۇرا بايرىمى — ھىجرىيە يىلى ھىساپىدىكى بىرىنچى ئاينىڭ 10 - كۈنى بولىدىغان، شىئەلەرنىڭ ئىمام ھۈسەيىننىڭ قەتلى قىلىنغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمى — ت.

شىكايەت قىلىپ : بەيتۇللانىڭ ئۈستىدىكى يوپۇق مۇنداق كۆپىيىپ كېتىۋەرسە، بەيتۇللانىڭ قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويارمىكىن ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ، مەھدى يوپۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىش ۋە بەيتۇللانىڭ يوپۇقىنى يىلدا بىر قېتىم يېڭىلاپ تۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. بۇ ئۇزۇن زامانلارغىچە ئىزچىل رىئايە قىلىنىدىغان بىر تۈزۈم بولۇپ قالغان.

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مەئمۇن بەيتۇللانىڭ يوپۇقىنى بىر يىلدا ئۈچ قېتىم يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان، يەنى تۆگە سوغىرىش كۈنى ( 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ، ھەج ھارپىسى ) قىزىل يىپەكتىن ئىشلەنگەن يوپۇق ياپىدىغان ؛ ھىجرىيە يىل ھېسابىدىكى رەجەپ ئېيى ( 7 - ئاي ) نىڭ ھىلال كۈنى ( ئاي تۇغقان كۈن ) قىباتى دەپ ئاتىلىدىغان كاناپ يىپلىق رەختتىن تىكىلگەن يوپۇق ياپىدىغان ؛ رامىزان ئېيى ( 9 - ئاي ) نىڭ 27 - كۈنى ئاق رەڭلىك يىپەكتىن ئىشلەنگەن يوپۇق ياپىدىغان قىلدى .

ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ قالغان خەلىپىلىرى بەيتۇللاغا قارا يىپەكتىن يوپۇق يېپىشنى ئادەت قىلدى . ئابباسىيلار سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىن ، بەيتۇللاغا يوپۇق يېپىش بىر مەزگىل مىسىر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ، يەنە بىر مەزگىل يەمەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىغا قالدى . كېيىنچە ، بۇ ئىش پۈتۈنلەي مىسىر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى .

### § 3 . بەيتۇللانىڭ مىسىر يوپۇقى

ھىجرىيىنىڭ 362 - يىلى ، يەنى مىلادى 972 - يىلى فاتىمە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇئىززۇلدىنىللا مىسىرنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن ، بەيتۇللاغا باغدات ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرىنىڭكىنى بېسىپ چۈشكۈدەك بىر يوپۇق تەييارلاش

ھەقىقىدە پەرمان چۈشۈردى . شۇنىڭ بىلەن قىزىل يىپەكتىن كەڭلىكى 144 غېرىچ كېلىدىغان چاسا يوپۇق تەييارلاندى . يوپۇقنىڭ چۆرىسىگە ئون دانە ئالتۇن ھىلال ئاي كەشتىلەنگەنىدى . ھەر بىر ھىلال ئاينىڭ ئاستىغا ئالتۇن بىلەن بىردىن بەرغەمەت دەرىخىنىڭ شەكلى كەشتىلىنىپ، ھەر بىر بەرغەمەت دەرىخىگە كەپتەرنىڭ تۇخۇمىدەك مەرۋايىتتىن ئەللىك دانە ( مېۋە ) تىكىلدى . يوپۇقنىڭ ئۈستىگە يەنە قىزىل ، سېرىق ، كۆك ئۈچ خىل رەڭدىكى ياقۇتلار ئورنىتىلدى . يوپۇقنىڭ ئەتراپىغا زۇمرەتنى خەت شەكلىدە تىزىپ ، ھەج ـ تاۋاپ قىلغۇچىلار ئوقۇيدىغان مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ۋە « سۈرە ئال ئىمران » نىڭ 95 ـ ئايىتى ، « سۈرە بەرائە » نىڭ 3 ـ ئايىتىنى پۈتۈپ چىقتى . قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ( خەتلەرنىڭ ) ئارىلىقلىرىغا قىممەتباھا گۆھەرلەر قىستۇرۇپ تىكىلدى . پۈتكۈل يوپۇققا ئىپار پۇر كۇلدى .

ئۆمەرى ئۆزى كۆرگەن بەيتۇللانىڭ بۇ يوپۇقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدۇ : « بەيتۇللانىڭ يوپۇقى ئەمدى ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا بىر قېتىم يېڭىلىنىدىغان بولدى . يوپۇق مىسىر سۇلتانىنىڭ خەزىنىسىدىن ئېلىپ چىقىلىپ ، ھەج كارۋىنى ئارقىلىق بەيتۇللاغا كەلتۈرۈلەتتى . يوپۇقنى ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ كېلىپ بەيتۇللاغا يېپىپ قوياتتى . بۇ چاغدا ، ئاكا بىر ـ ئەشرەپلەر ۋە بەنۇ شەيبە ( بنوشيبە ) لەر كونا يوپۇقنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى يىرتىپ ، ھەر بىر ئادەمگە مۇكاپات ئورنىدا بىر پارچىدىن تارقىتىپ بېرەتتى ، كارۋانلار ئۇنى بەرىكەت يالدامىسى قىلىپ ، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتەتتى . ھىجرىيىنىڭ 738 ـ يىلى ھەج ۋاقتىدا ، مەن مىسىر ھەج ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىرى بىلەن بىللە بەيتۇللانىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، ئۇنىڭغا يوپۇق ياپتىم . شۇ چاغدا ، مەن بەيتۇللاغا ئۆگزىسىدىن

ئېھتىرام نەزىرى بىلەن قاراپ چىقتىم : ئۆگزە پۈتۈنلەي مەرمەر تاش ۋە رۇخام تاش ( مەرمەرنىڭ بىر خىلى ) بىلەن يېپىلغان . ئۆگزىنىڭ چۆرىسىگە كۈنگۈرە چىقىرىلغان بولۇپ ، كۈنگۈرىگە ھالقىلار ئۆتكۈزۈلگەنىدى . يوپۇق بەيتۇللانىڭ ئۈستىگە يېپىلغاندىن كېيىن ، ھېلىقى ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈلگەن ئارغامچا ئارقىلىق چىڭ باغلاپ قويۇلاتتى . »

سەييياھ ئىبنى بەتۇتە بەيتۇللانىڭ يوپۇقىنى تەسۋىرلىگەندە : « قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ، مىسىر كارۋىنى بەيتۇللا شەرىفنىڭ يوپۇقىنى ئەكىلىپ ، ئۇنىڭ ئۆگزىسىگەقويىدى ، قۇربان ھېيتنىڭ 3 - كۈنى ئۇنى نۇشەيبىلەر بەيتۇللاھى شەرىفنىڭ ئۈستىگە ياپتى . بۇ يوپۇق تۇم قارا يىپەكتىن تىكىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا كەتتان ( ئۇزۇن تالالىق زىغىردىن توقۇلغان بىر خىل رەخت ) دىن ئەستەر قىلىنغانىدى . يوپۇقنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە : 〈ئاللا كەئبىنى ھەرەم ئۆي قىلغان 〉 (جعل الله الكعبه البيت المرام قياما) دېگەن ئايەت ئاق كالۋىتون بىلەن كەشتىلەنگەن . قالغان تەرەپلىرىگمۇ ئاق كالۋىتون بىلەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى كەشتىلەنگەن . شۇڭا ئاق كالۋىتون قاپقارا يىپەك ئۈستىدە ئاجايىپ نەپىس جۇلالىنىپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى . يوپۇق يېپىپ بولۇنغاندىن كېيىن ، كىشىلەرنىڭ تولا تۇتۇپ پۇرلۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاستى تەرىپى ئۈستىگە تۈرۈپ قويۇلدى . ئۇلۇغ بەيتۇللاغا يوپۇق يېپىش ئىشىغا ناسىر پادىشاھ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى . ئۇ قازى ، خەتىب ، مۇئەززىن ، كۈتكۈچى ۋە باشقا مۇلازىملارغا مائاش تارقىتىپ بەردى . مەسچىتنى ھەرەم ئۈچۈن ھەر يىلى مۇشۇنداق چاغدا ئىشلىتىلىدىغان شام ، ياغ قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەردى . » دەپ يازغان .

پۈتكۈل 19 - ئەسىردە ، جۈملىدىن 20 - ئەسىرنىڭ

باشلىرىدا، مىسىر ھەر يىلى بەيتۇللاغا يوپۇق ئەۋەتىپ تۇردى. يوپۇق ئادەتتە سەككىز پارچە قىلىپ تىكىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاللادىن بۆلەك ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن سۆزلەر يېزىلاتتى. يوپۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون بەش مېتىر، كەڭلىكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش مېتىردىن ئارتۇقراق بولاتتى. بەيتۇللانىڭ ھەربىر تېمىغا ئىككى پارچە پەردە ئېسىلاتتى، تامنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر ھالقىلار ئورنىتىلغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ھەرقايسى تامدىكى پەردىلەر شۇ ھالقىغا چىگىپ قويۇلاتتى، ئاندىن يانمۇ يان تۇرىدىغان پەردىلەر بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، تۆگمىلىنىپ قويۇلاتتى، شۇنىڭ بىلەن سەككىز پارچە پەردە بىر-بىرىگە تۇتىشىپ چاسا شەكىللىك زور قارا يوپۇق بولاتتى.

ئاندىن، يوپۇقنىڭ ئۈستۈنكى تەرەپ چۆرىسىگە بىر قولدەك قويۇپ مەلۇم كەڭلىكتە «رەتەك» دەپ ئاتىلىدىغان، تۆت پارچە كىمخاپنى سېرىق كالۋتون يىپ بىلەن كىرىشتۈرۈپ تىكىپ چىققان بىر پەۋاز تىكىلەتتى. ئۈستىگە ھۆسن خەت بىلەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى پۈتۈلەتتى. ئادەتتە، يوپۇقنىڭ بەيتۇللانىڭ ئىشىكى بار ئالدى تېمىنى يېپىپ تۇرىدىغان يۈزىگە: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۇچۇن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار) دېدۇق. ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۇچۇن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق.»، «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: ‹پەرۋەردىگارىمىز!

بىزنىڭ ( خىزمىتىمىزنى ) قوبۇل قىلغىن 〉 سەن ھەقىقەتەن ( دۇئايىمىزنى ) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن ، ( نىيىتىمىزنى ) بىلىپ تۇرغۇچىسەن ، پەرۋەردىگارىمىز ! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن ، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن ، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن ، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن ، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن ، ناھايىتى مېھرىبانسەن . » ①دەپ يېزىلاتتى .

بەيتۇللانىڭ ھەجرۇلئەسۋەد ئورنىتىلغان تېمىغا بولسا : « ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن . ئېيتقىنكى ، 〈 ئاللا راست ئېيتتى ، ( ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ) ئىبراھىمنىڭ توغرا دىنىغا ئەگىشىڭلار ، ئۇ (يەنى ئىبراھىم ) مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى 〉 ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ( ئىبادەت ئۈچۈن ) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا ) مەككىدىدۇر ، مۇبارەكتۇر ، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر . ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى ، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى »② دېگەن ئايەتلەر ، يەنە : « ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن . ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللانىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق ، ( ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى ) 〈 ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن ، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا ، قىيام قىلغۇچىلارغا ، روكۇقىلغۇچىلارغا ، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ

---

① « قۇرئان كەرىم » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 20 - ، 21 - ئايەتلەر ، سۈرەبە قەرە 125 - ، 127 - ، 128 - ئايەتلەر .

② « قۇرئان كەرىم » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە ئال ئىمران 95 - ، 96 - ئايەتلەر ۋە 336 - بەت ، سۈرەھەج 26 - ، 27 - ئايەتلەر ، 63 - بەت .

ئۆيۈمنى پاك قىلغىن . كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ( ئۇلارنى ) ھەجگە چاقىرىپ ئىندا قىلغىن ، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ . » دېگەن ئايەتلەر يېزىلاتتى .

ماقامى ئىبراھىم بىلەن قارشىپ تۇرىدىغان تامغا بولسا ، يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ داۋامى يەنى : « كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ( دىنىي ۋە دۇنياۋى ) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن ، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە ( يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە ) ئاللا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى ( تۆگە ، قوي ، ئۆچكىلەرنى ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ) ئاللانىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن ) . سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار ، موھتاجغا ، پېقىرغا بېرىڭلار . ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازىلىسۇن ( ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى ، تىرناقلىرىنى ئالسۇن ) ، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن ، قەدىمي بەيت ( بەيتۇللا ) نى تاۋاپ قىلسۇن . »①

ئۆز ۋاقتىدا بەيتۇللانىڭ يوپۇقلىرى ھەر يىلى قاھىرەنىڭ خەزىنە قىش رايونىدىكى كاتتا بىر تىكىمخانىدا تىكىلەتتى . XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، بۇ تىكىمخانىنىڭ خامچوتى قىرىق بەش مىڭ بەش يۈز مىسىر فوند ستېرلىڭى بولغانىدى .

يوپۇقتىن بۆلەك ، بەيتۇللا ئىشىكىنىڭ سىرتىغا ئىشىك پەردىسى تارتىلاتتى . بۇ پەردە ئادەتتە ، « بۇرقەئ » دەپ ئاتىلاتتى . مەسچىتى ھەرەمنىڭ خۇتبە مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىدىغان ئىشىكنىڭمۇ پەردىسى بار ئىدى . بۇ ، سېرىق ۋە ئاق كالۋىتون يىپتا كەشتىلەنگەن كىمخاپ پەردە ئىدى .

---

① « قۇرئان كەرىم » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1986 - يىل ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، سۈرە ھەج 28 - ، 29 - ، ئايەتلەر . 336 - بەت .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

ئادەتتە، يوپۇق مىسىردىن مەككىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، بەيتۇللانىڭ سۇدانە ۋەزىپىسىنى بېجىرگۈچى بەنۇشەيبىگە تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى. ئۇ كىشى تەنتەنىلىك قانۇنىي مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاكا بىر - ئەشرەپلەر ۋە ئۆلىمالار قاتنىشاتتى. يوپۇق قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەنگىچە سۇدانە ۋەزىپىسىنى بېجىرگۈچى كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ناماز كۈنى بەيتۇللانىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىلاتتى. ئاندىن، كونا يوپۇق ئېلىۋېتىلىپ، يېڭى يوپۇق يېپىلاتتى. چۈنكى بۇ چاغدا مەسچىت ئادەملەردىن خالىي بولاتتى. چۈنكى، مەككىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەمەنلىكلەر بولۇپ، مۇنداق چاغدا ئۇلاردىن ئازلا ئادەم مەككىدە بولاتتى.

كونا يوپۇق مۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ: ئۇنىڭ سىرىق، ئاق كالۋىتون يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن يەرلىرى مەككە شەھىرىنىڭ باشلىقىغا سوۋغات قىلىنىدۇ. يوپۇقنىڭ قالغىنىنى بەنۇشەيبە ھاجىلارغا سېتىپ بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتىگە نائىل قىلىدۇ.

## 4§ . مىسىر مەھمەلى①

بىز بەيتۇللانىڭ يوپۇقلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، تەبىئىي ھالدا بۇ يوپۇقلارنى مەككىگە توشۇغان مەھمەلنى ئېسىمىزگە ئالىمىز. مەھمەلنىڭ تارىخى ھىجرىيىنىڭ 645 - يىلىدىن باشلىنىدۇ. شۇ يىلى ئەييۇبى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى سالىھ ئەييۇبىنىڭ خوتۇنى شەجەرىدو مەھمەلگە ئولتۇرۇپ مەككىگە

① مەھمەل — تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىپ، ئادەم ياكى نەرسە توشۇلىدىغان بىر خىل كاجۇۋا. مەخسۇس بەيتۇللانىڭ يوپۇقىنى توشۇيدىغان بۇ خىل كاجۇۋا «مەھمەلى شەرق» دەپ ئاتىلاتتى — ت.

بىرىپ ھەج قىلدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەككىدە مىسلىسىز دەرىجىدىكى قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا مۇيەسسەر بولدى. شۇنىدىن كېيىن، مەھمەلگە ئولتۇرۇپ كېلىپ ھەج قىلىش بىر خىل ئادەتكە، ھەتتا ئەمەل قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر نىزامغا ئايلىنىپ قالدى. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ مىسىرلىقلارنى دوراپ، ھەج ۋاقتىدا خۇددى مىسىرلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان مەھمەل ئىشلىتىدىغان بولدى. ئاخىرىدا بۇ ئادەت مەنئى قىلىنىپ، مەھمەلنى پەقەت بەيتۇللاغا يوپۇق توشۇشقىلا ئىشلىتىدىغان بولدى.

فاتىمىيلار سۇلالىسى مەھمەلگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ زاماندا، ھەر يىلى مەككىگە يوپۇق توشۇش ئۈچۈن ئىككى يۈزمىڭ دىناردىن كۆپ پۇل خىراجەت قىلىناتتى. مەملۇكلەر سۇلالىسى زامانىسىدە، مەھمەل ئوخشاشلا ناھايىتى ئەتىۋارلىناتتى. ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جەزمەن دۆلەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارى (ياكى ئورنى شۇ مەرتىۋىگە باراۋەر كېلىدىغان ئادەم) بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. بىر قېتىملىق ھەج ئۆمىكىگە قاھىرەنىڭ ۋالىيسى باشلىق بولدى. بۇ ۋالىينىڭ شۇ زاماندىكى ئورنى مەملۇك دۆلىتى سۇلتانىنىڭ كەينىدىلا تۇراتتى. شۇ چاغلاردا مەملۇكلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى مەھمەلنى ھەددىدىن زىيادە كۆككە كۆتۈرۈۋەتكەن، ھەتتا مەھمەل ئۆتىدىغان جايلارنىڭ ھاكىملىرى مەھمەلنىڭ ئالدىغا چىقىشى، مەھمەلنى كۆتۈرگەن تۆگىنىڭ تاپىنىغا سۆيۈشى كېرەك، دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىدى. شۇڭا، مەككىنىڭ ئەمىرلىرىمۇ مەھمەلنى كۆتۈرۈپ كەلگەن تۆگىنىڭ تاپىنىغا سۆيۈشكە ئادەتلەنەندى. بۇ ئادەت تاكى ھىجرىيىنىڭ 843 - يىلى جەقمەق سۇلتان بىكار قىلىش پەرمانى چۈشۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

19 - ئەسىردە، قاھىرەدە مەھمەلنىڭ يولغا چىققانلىقىنى

تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ مۇراسىمدا مەھمەلنى كۆتۈرگەن تۆگە قوزغىلىپ، ئاستا يۈرۈپ كەتكەندە، مەھمەل كۆتۈرگەن تۆگە بىلەن بىرگە ھەج سەپىرىگە چىققان قوشۇننىڭ ئالدى ۋە كەينىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر، پىيادە ئەسكەرلەر قىزغىن تەنتەنە بىلەن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاكا بىر - ئەشرەپلىرى يىغىلغان «قەلئە» مەيدانىغا كېلىپ توختايتتى. ئۇ يەردە مەھمەل شەرىپىگە ھۆرمەت زەمبىرىكى ئېتىلاتتى. ئاندىن، قوشۇن «ئابباسىيە» گە كېلەتتى. ئابباسىيەدە ئۇزاتقۇچىلار تارقاپ، ھەر كىم ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. مەھمەل قوشۇنى، ئابباسىيەدىكى بىر بوشلۇقتا چېدىر بارگاھ تىكەتتى - دە، كىشىلەرنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىۋېلىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مەھمەلنى ئابباسىيە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇپ قوياتتى. كېيىن مەھمەلنى مەخسۇس پويىز بىلەن سۇۋەيشكە، قىزىل دېڭىز ئارقىلىق جىددىگە، ئاخىرىدا مەككىگە ئېلىپ باراتتى.

مەھمەل قايتىپ كەلگەندە، مىسىر ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ شەرىپىگە رەسمىي قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. مەھمەل كارۋىنى ئابباسىيەدىن ئۆتۈپ قەلئە مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ھۆرمەت زەمبىرىكى ئېتىلاتتى. مەھمەلنىڭ سايىۋەن ۋە پەردىلىرى ساقلاشقا مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلاتتى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مەھمەلنىڭ خىراجىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئەللىك مىڭ مىسىر فوند ستېرلىڭگە يەتكەندى.

ئۆز زامانىسىدىكى مەھمەل كارۋىنىدا بىر ۋەزىپە بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى بېجىرگۈچى ئادەم «كىيىم - كېچەك، قەنت - گېزەك ئەمەلدارى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئادەم مەخسۇس مەككە ئاھالىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيىم - كېچەك، قەنت - گېزەك ئاپىرىش، كېيىن تەنتەرخى بويىچە ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا مەسئۇل بولاتتى. بۇ ئەمەلدار بىلەن بىرلىكتە ۋەزىپە بېجىرىدىغان يەنە بىر ماددىي مۈلۈك ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مەھمەل كارۋىنى ئېلىپ كېلىدىغان نۇرغۇن يېمەكلىكنى باشقۇرۇش ئىدى. ئۇ بۇ يېمەكلىكلەر بىلەن مەككىنىڭ ھەج ۋاقتىدىكى يېمەك ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئۇ زاماندا، مەھمەل كارۋىنى ئادەتتە يىگىرمە تۆگىدىن تەركىب تاپاتتى. بۇ يىگىرمە تۆگە قاھىرەدىكى «بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان خاس بىر جايدا، مەخسۇس ئادەم تەرىپىدىن بېقىلاتتى. تۆگە باققۇچى «شەيخ جەمەل» (تۆگە ئاقساقىلى) دەپ ئاتىلاتتى. شەيخ جەمەل تۆگە ئېلىپ - سېتىش ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل ئىدى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# بەيتۇللانىڭ تەۋسىپى ①

### § 1 . ئۆمەرنىڭ بەيتۇللا ھەققىدىكى بايانى

ئۆمەرى ئۆزىنىڭ «مەملىكەتلەردە مەسلەكلەر» ناملىق كىتابىدا ، ھىجرىيىنىڭ 738 - يىلى ھەج قىلغان ۋاقتىدا ، كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : ھەممىگە مەلۇمكى ، كەئبە يەنى ھەرەم تۆت چاسا بولۇپ ، مەسچىتى ھەرەمنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى يىگىرمە يەتتە زىراڭ كېلىدۇ . مەن يۈزلىنىپ تۇرغان تامنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە تۆت زىراڭ ، ئۇنىڭغا بىر ئىشىك ئورنىتىلغان . ئارقا تامنىڭ كەڭلىكى ئالدى تامنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش . ئوڭ تەرەپ ، يەنى يەمەن بۇرجىكى بىلەن ئىراق بۇرجىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭ تەرەپ تامنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە گەز بولۇپ ، ھەجەرۇلئەسۋەد مۇشۇ تامغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان . بۇ تامنىڭ ئوتتۇرىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇغان جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شام بۇرجىكى بىلەن غەربىي بۇرجەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تامنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە بىر گەز كېلىدۇ . بۇ تام ئۈستىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىر دانە نور قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن چۈشكەن يامغۇر - يېغىن سۈيى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ، ئاندىن ئېقىپ كېتىدۇ . بۇ تامنىڭ ئۇلىدىن تارتىپ ئېگىزلىكى ئون ئالتە گەز كېلىدۇ .

---

① تەۋسىپ — سۈپەتلەش ، تەرىپلەش ، تەسۋىرلەش ۋە بايان قىلىش .

www.uyghurkitap.com

شام تاش ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى ئازغىنا كەم بەش گەز، غەربىي ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى ئازغىنا كەم ئالتە گەز كېلىدۇ. بۇ ئىككى ئىشىكنىڭ ①ئارىلىقىدىكى تام خۇددى يېرىم چەمبەرگە ئوخشاش ئەگمە بولۇپ، كەڭلىكى بىر گەز، ئېگىزلىكى تۆت غېرىچ كېلىدۇ. ھەجەرۇلئەسۋەد زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىراق بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان. زەمزەم بۇلىقى بىلەن بەيتۇللانىڭ ئارىلىقى يەتتە غېرىچ كېلىدۇ. بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسى يەردىن تۆت گەز ئېگىز قويۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى ئالتە گەز، كەڭلىكى تۆت گەز كېلىدۇ.

دەرۋازا بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئارىلىقى تۆت گەز بولۇپ، بۇ جاي «مۇلتەزىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ مەشەگە كەلگەندە دۇئا قىلغان. دۇئادىن كېيىن ئەتراپقا نەزەر تاشلىغان، ئۆمەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «ئاھ، تۆكۈلۈپ تۈگىمەس ياش ئۇنچىلىرى!» دېگەن. بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسىدىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا سەجدە قىلغان جايغىچە ئارىلىقنى تاۋاپ قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاللاتائالا «سۈرە تەۋبە» نى نازىل قىلغانىكەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا سەجدە قىلغان نامازگاھ بۇ ئالەم بىنا قىلىنغان جايدۇر. بەيتۇللانىڭ تام تۈۋىدىن ماقامى ئىبراھىمگىچە بولغان ئارىلىق يەتتە گەزدىن ئوشۇقراق كېلىدۇ...

ئالەم بىنا قىلىنغان جاي، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا سەجدە قىلغان جايدىن شام بۇرجىكىگىچە بولغان ئارىلىق سەككىز گەز، شام بۇرجىكى بىلەن نەقىشلىك مەرمەر تاشنىڭ ئارىلىقى

① ئىككى ئىشىك — بۇ بابنىڭ 3 ـ پاراگرافىدىكى مەزمۇنغا قارىغاندا، بۇ ئىككى ئىشىك بەيتۇللانىڭ سىرتىدىكى «ھەتىم» دەپ ئاتىلىدىغان ھويلا تېمىنىڭ ئىشىكلىرى بولسا كېرەك.

تۇققۇز گەز كېلىدۇ. نەقىشلىك مەرمەر تاش ئىبنى زۇبەير قايتا ياسىغان ماقامى ئىبراھىم بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان. ماقامى ئىبراھىم بۇرجىكى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان ئۇل تاشنىڭ ئۈستىگە قوپۇرۇلغان.

ھەجەرۇلئەسۋەدتىن ماقامى ئىبراھىمغىچە بولغان ئارىلىق يىگىرمە بەش گەز بولۇپ، بۇ جاي «ھەتىم» (كۆكۈم تالقان قىلغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە ھەرقانداق گۇناھ تاشلىرى ئېزىپ كۆكۈم تالقان قىلىنىدۇ. ھەجەرۇلئەسۋەد بار ئىراق بۇرجىكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇغان جاينىڭ ئارىلىقى ئون گەز كېلىدۇ ... يەمەن بۇرجىكى بىلەن بەيتۇللانىڭ چاپلىشىپتىلگەن ئارقا ئىشىكىنىڭ ئارىلىقى تۆت گەز بولۇپ، بۇ جاي «ئاللادىن گۇناھ تىلەش ئورنى» دەپ ئاتىلىدۇ. چاپلىشىپتىلگەن ئىشىكنىڭ كەڭلىكى بەش گەز، ئېگىزلىكى يەتتە گەز، بۇ ئىشىك بىلەن غەربىي بۇرجەكنىڭ ئارىلىقى ئون بەش گەز كېلىدۇ. غەربىي بۇرجەك بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان ئۇل تېشى، يەنى نەقىشلىك مەرمەر تاش ئورنىتىلغان جاينىڭ ئارىلىقى يەتتە گەزدىن ئوشۇقراق بولۇپ، ئۇ يەرنى ئىبنى زۇبەير ياسىغانىدى.

## § 2. ئىبنى بەتۇتە تەسۋىرلىگەن بەيتۇللا

سەيياھ ئىبنى بەتۇتە مىلادى 1304 - يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادى 1377 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ مىلادى 1325 - يىلدىن 1349 - يىلغىچە قىلغان تۆتىنچى قېتىملىق ساياھىتىدە مەككىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ شۇ ۋاقىتتا كۆرگەنلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بەيتۇللا مەسچىتى ھەرەمنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت چاسا، ئۇچ تېمىنىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە سەككىز گەز، تۆتىنچى

www.uyghurkitap.com

تېمى يەنى ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن يەمەن بۇرجىكى تەرەپ تېمىنىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە توققۇز گەز كېلىدۇ. ئىراق بۇرجىكىدىن ھەجەرۇلئەسۋەدكىچە ئەللىك تۆت غېرىچ، يەمەن بۇرجىكىدىن شام بۇرجىكىگىچە بولغان ئارىلىقمۇ ئەللىك تۆت غېرىچ كېلىدۇ. ئىراق بۇرجىكىدىن شام بۇرجىكىگىچە بولغان ئارىلىق ئىچى تەرەپتىن قىرىق سەككىز غېرىچ كېلىدۇ. ھەرەمنىڭ ئىچىدىن قارىغاندا، يەمەن بۇرجىكى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەد ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بىلەن ئىراق بۇرجىكى بىلەن شام بۇرجىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئوخشاش. بىراق، ھەرەمنىڭ سىرتىدىن بىر يۈز يىگىرمە غېرىچ كېلىدۇ.

تاۋاپ قىلىش ھەرەمنىڭ سىرتىنى ئايلىنىپ چۆرگىلەش دېمەكتۇر. بەيتۇللا جىگەررەڭلىك ئۇيۇلتاشلاردىن قوپۇرۇلغان. تاشلار شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغانكى، بىر قاراپلا قايسىلىرىنىڭ بىرلا ئۇيۇلتاش، قايسىلىرىنىڭ ئۆزئارا جىپسىلەشتۈرۈلگەنلىرى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالماق ناھايىتى تەس. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بەيتۇللانى قىلچىمۇ ئۆزگەرتەلمىگەن. زامانلار ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلالمىغان. ئۇلۇغ بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسى ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن ئىراق بۇرجىكى جايلاشقان تامغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون غېرىچ كېلىدۇ. مانا بۇ، جايى مۇلتەزىم (زۆرۈرىيەت، بۇرچ) بولۇپ، بۇ جايدا جەزمەن دۇئا قىلىش لازىم. بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسى يەردىن ئون بىر يېرىم غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ كەڭلىكى سەككىز غېرىچ، ئېگىزلىكى ئون ئۈچ غېرىچ بولۇپ، ئۇ دەسسىتىلگەن تامنىڭ قېلىنلىقى بەش غېرىچ كېلىدۇ. دەرۋازىنىڭ ياسىلىشى تولىمۇ كۆركەم، ئۇنىڭ پۈتكۈل يۈزى كۈمۈشتە قاپلانغان. دەرۋازىنىڭ ماڭلاي ياغىچى، بوسۇغىسى

قاتارلىق جايلىرىمۇ كۈمۈش بىلەن قاپلانغان. دەرۋازىنىڭ يوغان ئىككى كۈمۈش ھالقىسىغا چوڭ بىر قۇلۇپ سېلىنغانىدى. كارامەتلىك بەيتۇللانىڭ مۇبارەك دەرۋازىسى ھەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئېچىلاتتى...

بەيتۇللانىڭ ئىچىگە مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان، تۆت تامىمۇ پۈتۈنلەي مەرمەر تاش بولۇپ، مەرمەر تاشنىڭ سىزىقچىلىرى روشەن، تولىمۇ كۆركەم ئىدى. بەيتۇللانىڭ ئىچىگە كاشتان ياغىچىدىن ياسالغان ئۈچ تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. تۈۋرۈكلەر قالتىس ئېگىز بولۇپ، تۈۋرۈك بىلەن تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقى تۆت قەدەم كېلەتتى. تۈۋرۈكلەر بەيتۇللانىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتىرىسىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، بەيتۇللانىڭ مەركىزى بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقى ئىراق بۇرجىكى بىلەن شام بۇرجىكىنىڭ ئارىلىقىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كېلەتتى.

بەيتۇللانىڭ يوپۇقى قارا دۇردۇندىن تىكىلگەنىدى. يوپۇق بەيتۇللانى ئۈستىدىن تاكى ئۇلىغىچە چۈمكەپ تۇراتتى. يوپۇقنىڭ ئۈستىگە ئاق رەڭدە يېزىلغان خەتلەر كۈمۈشتەك پارقىراپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

بەيتۇللاھى شەرىپىنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار. بىرىنچى، بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغان ھامان مەسچىتى ھەرەمنىڭ ئىچى مۇسۇلمانلار دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدۇكى، بۇ يەردە زادى قانچىلىق ئادەم بارلىقىنى ياراتقۇچى ئاللائائالادىن بۆلەك ھېچكىم ساناپ بىلەلمەيدۇ. بىراق، شۇنچىۋالا جىق ئادەم بەيتۇللانىڭ ئىچىگە بىراقلا كىرسىمۇ ئۇ مۇتلەق كىچىكلىك قىلمايدۇ، تارلىق قىلمايدۇ. بەيتۇللانىڭ يەنە بىر مۆجىزىسى شۇكى، مەيلى كىچە بولسۇن ۋە مەيلىك كۈندۈز بولسۇن، ئۇنىڭدىن تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، ئەزەلدىن بىر كىم

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈنىڭ تاۋاپسىز قالغىنىنى كۆرگەن ئەمەس. بەيتۇللانىڭ يەنە بىر، بەلكى ھەممىدىن قىزىق مۆجىزىسى شۇكى، مەككىدە كەپتەر ۋە باشقا ئۇچار قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىگە ھەرگىزمۇ قونمايدۇ، ھەتتا ئۇچقاندا ئۇنىڭ ئۈستىنى بېسىپمۇ ئۆتمەيدۇ. دىققەت بىلەن قارىسىڭىز شۇنى كۆرەلەيسىزكى، مەسچىتى ھەرەمنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلەر بەيتۇللانىڭ ئۈستىگە كېلەي دېگەندە ئۇنىڭ ئۈستىنى بېسىپ ئۆتمەستىن، دەرھال باشقا تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىدۇ.»

### § 3. بەيتۇللانىڭ تەۋسىپى

بەيتۇللا چاسىراق بولۇپ، ئۇ ھاۋارەڭلىك ئۇيۇلتاشتىن قوپۇرۇلغان، ئېگىزلىكى ئون بەش مېتىر، ئۈستىگە نور (مىيزاب) بېكىتىلگەن تام بىلەن ئۇنىڭغا پاراللېل تامنىڭ ئېگىزلىكى ئوخشاشلا ئون مېتىر ئون سانتىمېتىردىن. دەرۋازا ئورنىتىلغان تام بىلەن ئۇنىڭغا پاراللېل تامنىڭ ئېگىزلىكى بولسا، ئوخشاشلا ئون ئىككى مېتىردىن كېلىدۇ. بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسى يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر كۆتۈرۈلۈپ ئورنىتىلغان، شۇڭا ئۇنىڭغا شوتا ئارقىلىق كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ شوتا خۇددى خۇتبە ئوقۇلىدىغان مۇنبەرگە چىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان شوتىغا ئوخشايدۇ. ھازىرقى شوتا بىر خىل ئېسىل ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىدىن كۈمۈش قاپلانغان. بۇ شوتىنى ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستاننىڭ بىر ئەمىرى بەيتۇللا ئۈچۈن تەقدىم قىلغان. بۇ شوتا پەقەت زىيارەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىدە ۋە كاتتا تەبرىكلەش مۇراسىملىرى بولغاندىلا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا يىلدا ئون بەش قېتىمدىن كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

بەيتۇللا دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر بۇرجەككە

ھەجەرۇلئەسۋەد ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ تاۋاپچىلار قەدەم قويىدىغان يەر يۈزىدىن بىر يېرىم مېتىر ئېگىزدە تۇرىدۇ.

بەيتۇللانىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئۇلار يۈزلىنىپ تۇرغان تەرەپ بويىچە ئات قويۇلغان بولۇپ، شىمال تەرىپى «ئىراق بۇرجىكى» غەرب تەرىپى «شام بۇرجىكى»، جەنۇب تەرىپى «يەمەن بۇرجىكى»، شەرق تەرىپى بولسا، ھەجەرۇلئەسۋەد شۇ تەرەپتە بولغاچقا، «ھەجەرۇلئەسۋەد بۇرجىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەجەرۇلئەسۋەد سىلىق، پارقىراق، تاراشلانمىغان، ئېلىپىس شەكىللىك، قىزغۇچ، جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قارا تاش. ئۇنىڭ يۈزىدە قىزىل چېكىت ۋە سېرىق سىزىقچىلار، ئۇستىدە ئۆز زامانىسىدە سۇنۇپ كەتكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدىغان بىر يول يېرىقى بار. ھەجەرۇلئەسۋەد دىئامېترى ئوتتۇز سانتىمېتر، كەڭلىكى ئون سانتىمېتر كېلىدىغان كۈمۈش رامكىغا ئېلىنغان. ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىدىكى جاي «مۇلتەزىم» دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋاپچىلار بۇ يەرگە كەلگەندە جەزمەن دۇئا بىلەن مۇناجاتقا مەشغۇل بولمىقى لازىمدۇر.

بەيتۇللانىڭ غەربىي شىمال تېمى ئۈستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر نور ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ «رەھمەت نور» (مىيزابى رەھمەت) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نورنى ھەججاج ئىبنى يۈسۈف سەقەفى بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىدە يامغۇر سۇلىرىنىڭ توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئورناتقانىدى. 959 - يىلى سۇلتان سۇلايمان ئۇنى كۈمۈشتىن ياسالغان نورغا ئالماشتۇرغۇزىدۇ. 1021 - يىلى ئەھمەت سۇلتان ئۇنى يەنە بىر قېتىم يېڭىلايدۇ. ئۇنىڭ ئورناتقىنىمۇ كۈمۈش نور بولۇپ، ئۇستىدىن ھاۋارەڭ ئېماللىق سىر بىلەن سىرلاپ، ئارىلىقلىرىغا ئالتۇندىن نەقىش چېقىرىلغانىدى. 1273 - يىلى ئابدۇلمەجىد سۇلتان بەيتۇللاغا ئالتۇندىن ياسالغان نور تەقدىم

قىلىنغان. بۇ ئالتۇن نور شۇ چاغدىن ھازىرغىچە ئىشلىتىلمەكتە.

نۇرنىڭ قارشى تەرىپىگە ياي شەكلىدە پاكارغىنا ھويلا تېمى چۆرۈلگەن. ھويلا تېمىنىڭ ئىككى ئۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەيتۇللانىڭ غەربىي بۇرجىكى (شام بۇرجىكى) بىلەن شىمالىي بۇرجىكى (ئىراق بۇرجىكى) گە قاراپ سوزۇلغان. بۇ بۇرجەكلەر بىلەن ئوتتۇرىدا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى مېتىر ئۈچ سانتىمېتىردىن ئارىلىق قالدۇ. ① «ھەتىم» دەپ ئاتىلىدىغان ھويلا تېمىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، قېلىنلىقى بىر يېرىم مېتىر كېلىدۇ. تامنىڭ ئىچى تەرىپى سۇۋارى نەقىشلىك مەرمەر تاشتىن ئېتىلگەن. تامنىڭ ئۈستى تەرىپىگە مەلۇم كەڭلىكتە ئايلاندۇرۇپ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئويۇلغان. بۇ يايسىمان ھويلا تېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن بەيتۇللانىڭ تېمىغىچە بولغان ئارىلىق سەككىز مېتىر قىرىق تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھەتىم ئاتىلىق بۇ ھويلا تېمى بىلەن بەيتۇللا تېمىنىڭ ئارىلىقىدىكى سەينا «ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھۇجرىنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ مېتىر جاي ئۆز زامانىسىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانى بىنا قىلىنغان چاغدىكى بەيتۇللانىڭ ئىچى ئىدى. ھاجەر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان دېگەن گەپ بار.

بەيتۇللانىڭ ئىچى تۆت چاسا بولۇپ، بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن. شىمالىي بۇرجەكتە بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇ «تەۋبە ئىشىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كىرسىلا بىر كىچىك شوتا بار، ئۇنىڭ بىلەن بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىگە چىققىلى بولىدۇ. بەيتۇللانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ تال يوغان ئۇد ياغىچى بار. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرمۇنچە بۆلۈمچىلەر (كاتەكچىلەر ياكى مەقسۇرىلەر)

---

① بۇ ئارىلىق مۇشۇ بابنىڭ 1 - پاراگرافىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئىشىكنىڭ ئورنى بولسا كېرەك — ت.

بـار . بـۇ ئۈچ تـال ياغاچ بىر بېشى بىلەن نور قويۇلغان تامنى ، يەنە بـىـر بېشى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەد بار تامنى يۆلەپ تۇرىدۇ . تولىمۇ قـىـمـمـەت بـاھالىق بۇ ياغاچلار ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير زامانىسىدىن تـارتـىـپ ساقلىنىپ كەلمەكتە . بەيتۇللانىڭ تورۇسى ۋە تۆت تېمى قـىـزىـل ئەتـىرگۈل رەڭلىك يىپەك رەخت بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، ئۈسـتـىـدە نـۇرغـۇن كـاتـەكـچـىـلـەر بـار ، ئۇلارغا «ئاللاھۇ جەللە جـەلالـەھۇ» ( ئاللا ئۇلـۇغـدۇر) دەپ يېزىلغان . بەيتۇللانىڭ ئىچىدە دەرۋازىـغـا ئۇدۇل جـايـدا مـېـھـراپ بـار . ئۆز زامـانىسىدە پەيغەمبەر ئەلـەيـھـىـسسالام شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى . بەيتۇللا تاملىرىنىڭ ئىچ يـۈزى ئـىـكـكـى مـېـتـر ئېگىزلىكتە سۈزۈك ۋە روشەن سىزىقچىلىق مەرمەر تاش بىلەن ئۇلدانغان .

بـەيتۇللانىڭ ئىچىدە بىرقانچە ئابىدە بار . ئۇلارغا بەيتۇللانى يـاسـاتـقـان ۋە يـاسـىـغـان مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئىسمى ئويۇلغان . بەيتۇللانىڭ ئىچىدىكى سول تەرەپ يان ئىشىكنىڭ يېنىدا ، ئۈستىگە يـېـشـىـل يـىـپـەك يـېـپـىلغان بىر كىچىك شىرە بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈسـتـىـگـە بـەيـتـۇللانـىـڭ ئاچقۇچ خالتىسى قويۇلغان . بۇ ئاچقۇچ خـالتىسى زەرلىك يېشىل ئەتلەستە ئاق كالۇتون يىپقا كەشتىلىنىپ تىكىلگەن .

بـەيتۇللا ھىجرىيە يىلى مۇھەررەم (1 ـ ئاي) نىڭ 10 ـ كۈنى ئەرلـەر ئۈچـۈن ئېـچـىـلـىـدۇ . 11 ـ كـۈنـى كـېـچـىـسـى بـىـلـەن رەبىئۇلئەۋۋەل (3 ـ ئاي) نـىـڭ 12 ـ كۈنى كېچىسى ئاياللار ئۈچۈن ئېـچـىـلـىـدۇ . مـۇھەررەمـنـىـڭ 20 ـ كۈنى يۇيۇپ تازىلاش ئۈچۈن ئېچـىـلـىـدۇ . رەجەب (7 ـ ئاي) نىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدىكى جۈمە كۈنى ئەرلەر ئۈچۈن ، شۇ كۈنى ئاخشىمى بىلەن شەئبان (8 ـ ئاي) نـىـڭ ئون بـەشـىـنـچـى كۈنى كېچىسى ئاياللار ئۈچۈن ئېچىلىدۇ . رامـىـزان (9 ـ ئاي) نـىـڭ تۇنجى ھەپتىسىدىكى جۈمە كۈنى ئەرلەر

ئۇچۇن، ئىككىنچى ھەپتىسىدىكى جۈمە كۈنى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدىكى جۈمە كۈنى ئاياللار ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. زۇلقىئدە (11 - ئاي) نىڭ 15 - كۈنى ئەرلەر ئۈچۈن، ئەتىسى ئاياللار ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. 20 - كۈنى يۇيۇپ تازىلاش ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. زۇلقىئدەنىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ بەيتۇللا ئېھرامغا ئېلىنىدۇ. يەنى كەئبىنىڭ ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان ئاق رەخت بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئورىلىدۇ. ھەج ۋاقتى بولغاندا، ئاندىن ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، زۇلھەججە (12 - ئاي) نىڭ 20 - كۈنىمۇ يۇيۇپ تازىلاش ئۈچۈن ئېچىلىدۇ.

بەيتۇللانى يۇيۇپ تازىلاش مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاكابىر - ئەشرەپلەر ۋە ھاجىلار ئىشتىراك قىلىنىدۇ. مۇراسىمدا، ئالدى بىلەن مەككىنىڭ شەھەر باشلىقى بەيتۇللاغا كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن چېلەك بىلەن زەمزەم بۇلىقىدىن سۇ ئەكەلدۈرۈپ ئۇنى خورما ياپرىقىدىن ياسالغان سۈپۈرگە بىلەن بەيتۇللانىڭ ئىچىگە چاچتۇرۇپ، تام - تورۇس ۋە يەرنى يۇيۇپ سۈپۈرتىدۇ. يۇندا يوسۇغىنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بەيتۇللا سۇ بىلەن يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن ئەتىرگۈلنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن، يەر ۋە تامغا (قول يېتىدىغان يەرگىچە) تۈرلۈك خۇش پۇراق ماددىلاردىن ئىشلەنگەن سىر بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك بەيتۇللانىڭ ئىچىگە شاڭ يېقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان خۇش پۇراق ئىس - تۈتۈن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، بەيتۇللانىڭ ئىچىنى ئاجايىپ مەززىلىك خۇش بۇي ھىد قاپلايدۇ. بۇ پائالىيەتلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەككىنىڭ شەھەر باشلىقى بەيتۇللا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بەيتۇللانى يۇيۇپ سۈپۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن سۈپۈرگىلەرنى مۇراسىم

قاتناشچىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈرۈيدۇ. جامائەت «دۈررىدە» ئالغا ئىتىلىپ، تاشلانغان سۈپۈرگىلەرنى بەس - بەستە تالىشىدۇ. بۇ سورۇندا سۈپۈرگىلەرنىڭ بىرەرىگە مۇشەررەپ بولغان ئادەم ئۆزىنى بىباھا ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولغان ھېسابلايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ كىتاب دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 1987 - يىل 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据世界知识出版社1987年9月第1版，1987年9月第1次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەريەم مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئازاتگۈل ئاتاۋۇللا

# بەيتۇللانىڭ تارىخى

ئاپتورى : ئەلى ھەسەنى خەربۇتەلى ( لىۋان )
تەرجىمە قىلغۇچى : ئابدۇرە ئوپ پولات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازاتلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 10.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 4 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىراژى : 16,401 — 23,400
ISBN7—228—02610—1/I • 919
باھاسى : 9.70 يۈەن

责任编辑 ：玛丽亚木·买买提明
责任校对 ：阿扎提古丽

天房史话(维吾尔文)
[黎]阿里·海尔布塔里 著
阿卜都热吾甫·破拉提 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码 830001)
新疆人民出版社微机室排版
新疆新华书店发行 乌鲁木齐福利印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 10.625 印张 2插页
1993年12月第1版 1996年4月第3次印刷
印数：16,401—23,400

ISBN7—228—02610—1/I.919 定价：9.70元